www.kitaphumar.com

# نادىر ھېكايىلەر توپلىمى

# (3)

مەنبە: ئوكيان تورى، شىنجاڭ يازغۇچىلار تورى، يېشىل ئارال مۇنبىرى،
بوزتاغ مۇنبىرى
ئېلكىتاب ئىشلىگۈچى: تۇران 2015-يىلى 2-ئاي

www.kitaphumar.com
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

# مۇندەرىجە

1. ئېھ ، توپىلىق يول........................................................ زوردۇن سابىر3
2. دولان ياشلىرى ..................................................زوردۇن سابىر25
3. چوشقىلارغا بايرام.......................................... مەمتىمىن ھوشۇر52
4. ماغدۇر كەتكەندە..................................................... زۇنۇن قادىر63
5. بۇرۇت ماجىراسى.......................................... مەمتىمىن ھوشۇر79
6. 536-بېكەتتىكى قار ناخشىسى ................................. ئەكبەر ئىمام كۆكبۆرە92
7. چار خوراز ............................................. مەمتىمىن ھۇشۇر109
8. نەۋايىنىڭ ئارمانى ..........................................خۇرشىد دەۋران(ئۆزبېكىستان)128
9. غەزەپ ئوقى تەگكەندە.......................................... ئېلى نىياز دەرمانى152
10. ئېتىش ..............................................ئا.س.پۇشكىن(روسيە)168

www.kitaphumar.com

# ئېھ ، توپىلىق يول

**( ھېكايە )**

**زوردۇن سابىر**

قۇشقاچ قوندى زاغزاققا ،
تورغاي قوندى يانتاققا.
يارنى سۆيسەڭ مەھكەم سۆي،
ئورناپ كەتسۇن تامغاققا.

-دولان خەلق قوشىقى

1

گۈلئايشەم قىممىتى بار ھەممىلا نەرسىنى ــياشلىقىنى ، ھۆسنىنى ، ئار- نومۇسىنى ....پۇلغا تېگىشىشكە رازى بولدى . بۇ ئىش ئۇنىڭ غېمنى يېگۈچىلەرنىڭ غەزىپىنى، نارازىلىقنى قوزغىغىنى بىلەن ھامىسىنىڭ خوشاللىقىنى ، غۇرۇرنى ئاشۇردى .ھامىسى ئېقىۋاتقان نانىدەك سالپىيىپ تۇرىدىغان ئىككى مەڭزىگە تېپىپ چىققان خوشاللىقنى نامايەن قىلىش ئۇچۇن ، ئۆيمۇ -ئۆي قاتىرىدى ۋە خىرىلداق ئاۋازى بىلەن باشقىلارنى ئەيىپلەپ ، ئۆزنى ماختاپ مۇنۇ گەپلەرنى تەكرارلىدى :

-ئۆزىدىن 22 ياش چوڭ بولغىنى بىلەن ،نارەسىدە بالىدەك گول ،يېتىمدەك يۇۋاش، مالايدەك تىنىمسىز ئادەم ئۇ، مۇنداق ئەرگە چۇشىۋۋالغان خوتۇنغا مۇھەببەتنىڭ لازىمى نېمە؟ ياشلار بەخت، بەخت دېيىشىدىكەن، چىرايلىق گەپ، سېغىنىش، كۆيۈشۈش ... بەختىمىش. بەخت ــپۇل! ئاڭلىمىغانلار ئاڭلاپ قويسۇن، مەن گۈلئايشەمگە يېگەن ــ ئىچكەنىدەك، سوقا-سەندەلدەك، تۇرغۇزۇپ قويسا تىكلىمە تاغاردەك، يېتىلسە ئۆككۈزدەك ، يېسە مېۋىسى تۈگىمەس دەرەختەك ئەر تاپتىم .70مىڭ كوي پۇلى بار، تەرەپ ــتەرەپكە

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى



يولى بار ، خام تاسمدەك قولى بار، ئىككى قىز، تۆت ئوغلى بار، ئىككى قوتان قويى بار، ياغاچ-ئورمان بېغى بار، نەچچە يۈز مو يېرى بار، يۈزى تۇتۇق ، قولى ئوچۇق، تويغىمۇ يالاڭئاياق باردىغان، يىغىنلارغا زاغرا تۆگۈپ ماڭدىغان گول ئەرگە تەككەن ئايال بەختسىز بولامدىكەن؟ بىلىپ قويۇڭلار گۈلئايشەمنىڭ بەختى ئېچىلدى!

ئاچچىق كاساڭ قوراينىڭمۇ چىرايلىق گۈلى بولىدۇ .ۋات ۋات ئايالنىڭمۇ چىرايلىق تەسەللىسى بار ئىكەن:

-كۆڭلۈڭنى بۇزما ،-دېدى ئۇ تىكلىمە ئەينەك ئالدىدا سىڭايان تۇرۇۋېلىپ ئىچىدە ياشلىقى ۋە گۈزەللىكى بىلەن خوشلىشىۋاتقان مىسكىن چىراي گۈلئايشەمنىڭ كۆڭلىنى ياساپ ،-ياشلىق ئۆلمەيدۇ ،مۇھەببەت قېرىمايدۇ .قېرىغا تەگكەنگە كۆل بولۇپ توزۇيدىغان ئىش بولسا ،مەن توزىماسىدىم .قېرى ئۆلدى ،دۆلتى قالدى .بەخت تاپتىم .كۆڭۈل بىلەن بەختلىك بولىدىغان بولسا، مەن17 قېتىم بەختلىك بولار ئىدىم . نەدىكىنى؟ دىلىمغا 17 قاداق چۈشتى. سېنىڭ بۇ بوۋىيىڭنى خەقلەر رۇزەك بەز دەيدىكەن. ئۇ بەز بولسا سەن مۇشۇك بول، قىزىم . ئاغزىدىن كىرىپ بۇرنىدىن چىق. بىر يىلغىچە ئۆلسە ھېچ بولمىسا بانكىدىكى 70 مىڭ كوينىڭ يېرىمى سېنىڭ. ئۆلمىسىچۇ ؟ 10كويلۇق چەكتىن بىرنىلا ئېلىۋالساڭ بولدى ، قالغان بەختىڭگە مەن كېپىل!

مەڭزى ساڭپاك، ئاغزى كەمشۈك ۋات-ۋات موماي قاڭسىق گەپلىرى بىلەن گۈلئايشەمنىڭ چىرايدىكى مىسكىنلىك ئورنىغا خوشلۇق ئېلىپ كەلدى . ئەمدىلا 30 دىن ھالقىغان قىران جۇۋان ئەمدى بوۋايغا ئايال بولىدىغانلىقىنى تامامەن ئۇنتۇدى ــ دە ، بولغۇسى دۆلەت، يەنى پۇل ،غوجايىن بولۇش ئارزۇسى مەست قىلىشقا باشلىدى .ئۇ شۇ مەستلىكىنىڭ كۈچى بىلەن بۇگۈن دىدارلىشدىغان لايىقىنىڭ تۆردىن ئورۇن ئېلىش ئۈچۈن گۈزەل چىراي ۋە ئەۋرىشىم سۇمباتىنىڭ قىممىتىنى ئاشۇرۇشقا تۇتۇش قىلدى ...

ئۇ پەدەزدىن كېيىن ھاممىسىنىڭ ئالدىغا چىقتى :

-بوپتىمەنمۇ ،ھامما؟

-گۈلدەك ئېچىلىپ سەن قىزىم .جەننەتنىڭ ھۆرلىرى بىكار قالسۇن ئالدىڭدا ، مەن روزەك بەزگە خەۋەر قىلاي ، بۈگۈن توي خېتى ئېلىڭلار !

ھاممىسى چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، گۈلئايشەمنىڭ يەنە كۆڭلى بۇزۇلدى. مۇشۇ ھۆسنى بىلەن كۆرۈمسىز، بىلىمسىز، ئەڭ يامنى مۇھەببەتسىز؛ ئاتالتە بالا ۋە كېلىن نەۋرىسى بار قوپال دېھقانغا ئايال بولىدۇ . ئۇنىڭ پۇل ۋە دۆلتىنى ئۆزىگە قارىتىۋېلىش ئۈچۈن ئار ــ نومۇسى ، ۋىجدانىنىمۇ ساتىدۇ . ئۇ نېمىلا بولمىسۇن 7-سىنىپنى تۈگەتكەن خىلى جىق رومانلارنى ئوقۇغان ، ئالى مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ ھۆكۈمەت ئورۇنلىرىدا ئىشلەۋاتقان تونۇش

www.kitaphumar.com

ــبىلىش ، دوستلىرى بىلەن سۆھبەتلەشكەن ،بىرىنچى ئېرىدىن كۆڭلى سۇ ئىچمەي، خورلۇق تارتقىنى ئۈچۈن، ئۆزىگە ئىش-پەش تارتقان نۇرغۇن يىگىتلەرگە قاپاق ئاچمىغان، سەۋىر ــتاقەت ۋە يوقسۇزچىلىقتا كۆنگەن ئايال تۇرۇپ، يەنە نېمشقا پۇلغا ئۆزىنى ئاتتى؟ ھاممىسى ئازدۇردىمۇ؟ ھېلھەم بولسىمۇ يېنىۋالسا بولىدىغۇ؟ شۇ چاغدا ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا قولغا نۇرغۇن پۇل تۇتقان نادان دېھقان كەلدى ــدە، تىزىق ــتىزىق پۇل ئۇنى يەنە قىزىقتۇردى ؛70ـ80مىڭ كوي نەق پۇلى بارمىش، يەنە ئۇلار يالاڭئاياق يۈرەرمىش، تامىقى زاغرا بىلەن قېتىقمىش . پۇل تېپىشنى بىلەرمىش، خەجلەشنى ئۇقمايمىش. مېنىڭ ۋەزىپەم پۇل خەجلەش، پاھ، بۇنداق ئاسان ئىشقا كىم يۈگۈرمىسۇن، ئۇ شۇلارنى ئويلىدى-دە، بۇ قېتىم ئالدىنقى نىكاسىنىڭ تەتۈرسىنى قىلماقچى بولدى. بۇ قېتىم كۆڭلى، ۋىجدانى ئۇنى باشقۇرغان، لىكىن ئۇ خورلانغان،بۈگۈنچۇ؟ كۆڭلى، ۋىجدانى ئۇ ئەيىپلىمەكتە،لىكىن ئۇ بۇ قېتىم ئۆزىنى نېملا بولمىسۇن تەۋەككۇل قىلىپ نەپسىگە تاپشۇردى ...

ھويلا ئىشكى غىچىرلىدى، گۈلئايشەمنىڭ يۈرىكى جىغىلدىدى. ئۇ نېملا بولمىسۇن تويى بولىدىغان ئايال-دە، ئۇ ھاياجانلاندى، تەمتىرىدى. ئۆيىنىڭ زەدىۋاللارنى تۈزەشتۈردى، سۇپىغا تاۋار يېكەنداز سالدى ۋە يۈزىنى ئالقىنى بىلەن سىيپىدى.

-ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم!

ئۆيگە شىپىلداپ بىر ئەر كىشى كىرىپ كەلدى ۋە تاپسىدىلا زوڭزايدى. گۈلئايشەمنىڭ تېنى شۈركەندى، ئۇ كىرگۈچىگە قارىدى. ئايالنىڭ كۆزىگە ئەڭ ئاۋال دېھقاننىڭ كىرلەشكەن شاپاق دوپپىسى، تەردىن قېتىشقان ئاق يەكتىكىنىڭ سىرتىدىن باغلىغان، تاۋار بەلبېغى، قولتۇقىغا قىستۇرۋالغان بىر جۈپ كونا كالىچى چۈشتى .گۈلئايشەم ئىختىيارسىز ھالدا:

-سىلى، سىلى، ھاممامنى ئىزلەپ كەللىمۇ ؟-دەپ سورىدى.

-يوقسۇ،-دېدى دېھقان يېرىم قوزغىلىپ بىر ئالقىنىدا چاڭ باسقان گەدىنىنى سىلاپ قويۇپ،-گۈلئايشەم دېگەن چوكان بىلەن كۆرۈشمەكچىدىم !-ئۇ ساپ ــسېرىق شالاڭ چىشلىرىنى كۆرسىتىپ ھىجايدى .گۈلئايشەم ئۆزى پەرەز قىلغىنىدىن نەچچە ھەسسە كۆرۈمسىز ئادەمنى كۆرۈپ ئىختىيارسىز كەينىگە داجىدى، مانا مۇشۇ ئادەم ئەمدى ئۇنىڭ ئېرى بولىدۇ. بۇ ئەلۋەتتە ئالدىنقى ئېرىنىڭ دەسسەشلىرى، خورلاشلىرىدىنمۇ بەتتەر ئىش، لىكىن مۇشۇ كۆرۈمسىز گەۋدە ئۇنى بەختلىك قىلىدۇ. چۈنكى ئۇ پۇلدار .گۈلئايشەم ئۆزىنى نەپسىگە تاپشۇرغان ئىكەن، ئەلۋەتتە، بۇ ئادەمگە ئوچۇق چىراي، خوش مۇئامىلىدە بولۇشى كېرەك.

-سۇپىغا چىقسىلا يېكەندازغا!..مەن گۈلئايشەم ...

www.kitaphumar.com

دېھقـان ئەندىككەنـدەك قىلىـپ گۈلئايشـەمگە قاربـدى. ئۇنـىڭ كۆزلىرىـدە ئـوت يانغاندەك، لەۋلىرى تىترىگەندەك بولدى-دە، ئايالغا تىكىلىپ ئورنىدىن تۇردى. شۇ چاغدا ئۇنـىڭ قولتۇقـىدىن كـالىچى چۈشۈپ كەتتـى. گۈلئايشـەم تۇيۇقسـىزلا خـۇددى كـاكىلاپ بولغان مىكياندەك قاقاھلاپ كۈلۈپ كەتتى.

-خېنىم، بالىكەنلا، بەك چىرايلىقكەنلا، بىزدەك دېھقانغا ئاش بولالىمۇ؟-گۈلئايشـەمنىڭ كۈلكىسى تۈگىگەندىن كېيىن روزەك بەز ئايالدىن سورىدى.

-خەلق سىلنى بەز دەيدىكەن ماشۇ بەزلىك قىلالىمۇ؟

-تويىدىن پۇل تاپىدىغان خەق بەز بولمىسا بېيىيالمايدۇ خېنىم!

سىقىپ سىقىمدىن چىقىنى يالا دېسلەسىلگە ئاش بولمايمەن، ھەممە گەپنى ھامـام ئېيىتقاندۇ؟ ھامامنىڭ دېگىنگە كۆنسلە مەنمۇ سىلنى قېرى كۆرمەيمەن!..

-كۆنگەچكە ئالدىلىردا يۈكۈنۈپ ئولتۇرغاندىمەن خېنىم!

گۈلئايشەم روزەك بەزنىڭ يالاڭئاياق، تۆگە تاپىنىدەك پۇتلىرىغا، چاڭ باسقان يۇڭلـۇق مەيدىسىگە، كىچىك، ئورۇق يۈزىگە ياراشمىغان كەكە ساقىلى بىلەن ئىنچىكە بۇرۇتىغا، تەر تەپچىرەپ تۇرغان قىڭغىراقدەك بۇرنىغا، ئورا كۆزلىرگە سىنچىلاپ قاربدى، بۇرنىدىن باشقا بۇ گەۋدىدە گۈلئايشەمگە ھېچنىمە تېپىلمىدى. ئۇ ئۈلۈق-كىچىك تىنىدى-دە:

-تويىنى چوڭ قىلالا؟-دېدى.

-جۇۋان تويى بولغاندىكىن چېغىدا بولار!

-مەن ئېتىزدا ئىشلىيەلمىسەمچۇ؟

-ئالتە بالىغا ئانا بولۇپ ئۆيدە ئولتۇرۇپ بىرەلا!

-زېرىكسەمچۇ؟

-زېرىكسىلە ئىش قىلالا.

-قانداق ئىش؟

- كالا ساغىلا، سۈت پۇشۇرلا، يۇڭ تىتلا، شوينا ئېشلا، ياماق ياماىلا، تۇخـۇم يـېغىلا، ئوتياش ئوتايلا، ئوغۇت يىغىلا، ۋاي-ۋۇي چىدىسلا مىڭ خىل ئىش بار.

-ۋاي ئانام، ئاۋالقى ئاياللىرىنى ئىشلىتىپ ئۆلتۈرۈۋەتكەن ئوخشىمامدىلا!

-باللىرىغا قىسنىپ ئاچ يۈرۈپ كىسەل تاپتى ھازىر بولغان بولسا ئۆلمەيتتى.

-ئۆلۈپ كەتكىلى نەچچە يىل بولدى .

-سەككىز يىل ئىككى ئاي .

-باللار ئۆگەيلىسە قانداق قىلمەن؟

-باللار كالىنى ئانا دېگۈدەك بولدى. ئۆگەيلەمدۇ؟

ماڭا ئايال بولمسمۇ بولىۋېرەتتى، باللارغا ئانا بولمسا بولمايدىكەن.
-باللارنى باشقۇرامدىمەن؟
-شۇنداق.
-پۇلنىچۇ؟
-بانكا باشقۇرىدۇ.
-چەكنىچۇ؟
-ساندۇق.
-ئاچقۇچنى كىم تۇتىدۇ،ئانىمۇ،ئاتىمۇ،باللىمۇ؟
-كېيىن بىلىلا.
-دېمىسلە توي خېتى ئالغىلى بارمايمەن.
-ئانداق بولسا يېپىق قازان دۇملەكلىك پېتى قالسۇن!
روزى بەز ئورنىدىن تۇردى. گۇلئايشەم چۆچۈپ ئالدىنى توردى:
-چاقچاق، چاقچاق قىلغانلىنمۇ بىلمەملا؟
ئەتىسى ئۇلارنىڭ نىكاھى ئوقۇلدى. ئۇلار ئۆيگە كەتمەكچى بولۇپ پىيادە يولغا چىقتى. گوڭشى بازىرىدا روزى بەز گۇلئايشەمنى بەش موچەنلىك لەغمەن بىلەن مېھمان قىلدى. گۇلئايشەم خاپا بولۇپ قالدى. ئۇلار يولغا چىققاندا، گۇلئايشەم ئوشۇقچە توپىغا پاتتى . ئۇلار پۇتىنى قېقىپ نارازى بولۇپ:
-گۇلدەك جۇۋاننى 50 كوي خەجلەپ ئېلىۋاللا، يەنە گەپ قىلمسام پىيادە ئېلىپ كېتىۋاتىلىغۇ؟-دېدى.
-ھارۋا كىرا قىلاي دېسەم نومۇس قىلىدىكەنمەن خېنىم، توپىدىن قورقمىسىلا، مانا ماڭا ئوخشاش يالاڭئاياق ماڭسىلا!-ئۇ توپا ئىچىدىكى پۇتىنى كۆرسەتتى.
خورلۇق!-دەپ ئويلىدى گۇلئايشەم توپىلىق يولدا ئېگىز پاشنىلىق تۇپلى بىلەن قىينىلىپ كېتىۋېتىپ-سەۋر قىلاي،ئون مىڭ كويلۇق چەكتىن بىرىلا قولۇمغا چۈشسە سېنىڭ ئۆيۈڭدە باغلاپ قويساڭمۇ تۇرمايمەن....

2

تۈن، تىنچىق ئۆي.
ئون ئىككى پارچە تىكمەت سېلىنغان سۇپىدا سامان تەكى، چىت كۆرپىلەر ئۈستىدە گۇلئايشەم يالغۇز ياتماقتا، ئۇنىڭ ئۇيقۇسىزلىقتىن قىزارغان كۆزلىرى تۈڭلۈككە قادالغان.

www.kitaphumar.com

كىچىككىنە تۆڭلۈكتىن بەش تال يۇلتۇز كۆرۈندى.قاراڭغۇ باغدىن كاككۇك ئاۋازى،يىقىنلا يەرلەردىن قويلارنىڭ مەرەشلىرى، ئىتلارنىڭ ھۇۋلاشلىرى ئاڭلانماقتا. يوغان ئۆينىڭ تۆت تېمى ۋە كىرلەشكەن زەدىۋاللىرى شام يورۇقىدا غۇۋا يورۇپ تۇرغاچقا، ئۆيمۇ خۇددى تالادەك قورقۇنچلۇق: «ھەممىلا نېمىسى كۆڭلىدەك قارا،-دېدى ئۇ ئۆز-ئۆزىگە، بىرىنچى توي ئاخشىمى ياش ئايالنى گۇندىخانىسغا يالغۇز تاشلاپ قويۇپ بىر چىشقاق قوزا ئۈچۈن پۈتۈن بالا-ۋاقىسى بىلەن چۆلگە چىقىپ كەتكەن ئادەمدىن نېمىمۇ ئۈندىۋالارمەن. ھەي بەختسىزلىك، بۇ ئەرنىڭ ماڭا كەلتۈردىغان راھەت- پاراغىتىدىن ئەزمەتنىڭ تاياق - دۇمباسى مىڭ ياخشى ئەمەسمۇ؟ كېتىش كېرەك تېزرەك قېچىش كېرەك..»

لېكىن ئۇنىڭ كۆزى كات ئۈستىدىكى تېرىلەر ئاستىدا توپا بېسىپ ياتقان قارا ساندۇقتا چۈشۈش بىلەن يۈرىكى ئويناپ كەتتى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا بۇگۈن كۆرگەنلىرى : روزەك بەزنىڭ بۇك دەرەخلەر ئارىسىدىكى ئىككى قورۇ جايى، چېتىگە كۆز يەتمەس ئورمانلىرى، قويلىرى، كەڭ ئېتىزلىرىدىكى كېۋەز، بۇغداي، قوغۇن-ئوتياشلىرى، توخۇ _ تۇمان، يۇڭ-تېرە، ياغاچ-تاش، كىر كىيىملەرنى كىيىشىپ ئەمگەكتىن باشقىنى بىلمەيدىغان ساددا باللىرى، يەردىن ئۈستۈن قارىمايدىغان بوستان چاچ كىلىنى، خۇمار كۆز،قوشۇما قاش، مىسكىن كۆيلەرگە نەي چالىدىغان قويچىسى ... بىرمۇ بىر كەلدى. ئاشۇ كۆرگەنلىرىڭنىڭ ھەممىسىلا ئاۋۇ توپا بېسىپ ياتقان ساندۇقنى پۇلغا تولدۇرۇشقا تىرىشىۋاتقانلار، مانا شۇ بايلىققا غوجايىن بولۇشنى خالىماي قېچىش ئەخمەقلىق بولماسمۇ؟ لېكىن ھىلقى يىرگىنىشلىك بوۋاي ھازىر كېلىدۇ. ئۇنىڭ بىلەن بىللە بولىدۇ، ئۇ خورلۇققا ئۇنىڭ يۈرىكى چىدارمۇ؟ «ئىلاھىم ھىلقى قوزىسى بىلەن ئۆزىمۇ يوقالسىدى. مەن ئۇنىڭسىز غوجايىن بولسام قانداق ياخشى _ھە !»

تۆڭلۈكتىن كۆرۈنگەن يۇلتۇزلارنى بىر پارچە كۈل رەڭ بۇلۇت كېلىپ توسىۋالدى. بۇلۇت بىردىنلا شەكىلنى ئۆزگەرتىپ ئادەم سۈرىتىگە ئوخشاپ قالدى. بۇ ئادەم ئورۇق، يىرگىنىشلىك روزى بەزنىڭ ئەينەن ئۆزى ئىدى. گۈلئايشەمنىڭ تېنى شۈركەندى-دە، تۆۋەندىكى مەنزىرە خىيالىدىن چاقماقتەك ئۆتتى. ئۇزۇن خەسە كۆينەك، تامبال كىيگەن ئادەم شامنى پۈدەپ ئۆچۈردى _دە گۈلئايشەم ياتقان يەرگە كەلدى، ئۇ گۈلئايشەمنىڭ يېنىغا قىيسايدى، گۈلئايشەمنىڭ بەدىنگە تىترەك ئولاشتى. ئەرنىڭ يىرىك قولى ئۇنىڭ بىلىگە تەگكەندە گۈلئايشەم ئىختىيارسىز : «ئەزىمەت!» دەپ ۋارقىرىۋەتتى. روزى بەز ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ شامنى ياندۇردى ۋە زورىغا كۈلۈمسىرەپ:

-قورقۇتۇپ قويدۇمما؟ - دېدى.

گۈلئايشەم شۈمشىيىپ ئولتۇرۇۋېلىپ تامدەك تاتىرىپ ئۇنىڭغا يىلىندى.

www.kitaphumar.com

ماڭا يىقىن كەلمىسلە، ئۆتنەي!

هويلا ئىشكى قىقىلدى، روزەك كىردى:

گۈلئايشەمگە قاراپ كۈلۈپ :

-ھىلى كېلىمەن ، قوزا كەلمەيتۇ، تېپىپ كېلەيلى!-دېدى.

گۈلئايشەم تۇڭلۇككە قارىدى، ئادەم سۈرەتلىك بۇلۇت يوق، يۇلتۇزلار كۈلمەكتە: بىرىنىڭ ئايالى بولمەنۇ، يىرگىنمەن : يەنە بىرىنىڭ ئايىقى ئاستىدا چەيلىنىمەنۇ، سىغىنىمەن! ئەزمەت، سەن مېنىڭ ھاياتىمدا ئۆچمەس يۇلتۇزۇمسەن -ھە؟-گۈلئايشەم شۇنداق ئويلىدى. ئەمدى ئۇنىڭ كۆزلىرى خۇمارلىشىپ ھەم شىرىن، ھەم ئاچچىق، ياشلىق- گۆدەكلىك خاتىرىلىرى كىنو لىنتىسىدەك بىرمۇ بىر ئالدىدىن ئۆتتى....

بۇدرۇق پاقلانىدەك شوخ، بوۋاقتەك غەمسىز، سۈزۈك كورلا نەشپۈتىدەك چىرۇك، ئەتراپتىكى ھەممىلا نىمە گۈزەل ۋە قىزىقارلىق بىلىنىدىغان 16 ياشقا تولغان چېغىدا ئۇنى تۇنجى مۇھەببەت مەس قىلدى، ھاياتىنى ئۆزگەرتىۋەتتى. ئۇ نەسىھەت ۋە تەھدىت قىلغان ئاتا ئانىسىنى، ئىستىقبال ۋە بەخت،ۋەدە قىلغان مەكتىپىنى چۆرىۋىتىپ، تەرەكتۇرچى يىگىت بىلەن قاچتى. يىگىتنىڭ ئويناق كۆزلىرى بىلەن بۇدىرە چاچلىرى ئۇنىڭ ئۈچۈن ھەممىدىن گۈزەل، قىممەتلىك،بىلىمسىز يىگىتنىڭ قوپال چاقچاق، بىھايا ناخشىلىرى ئۇنىڭغا مەكتىپ قوغۇنىدەك لەززەتلىك بىلىندى. ئۇ مۇرادىغا يەتتى. تويدىن كېيىن، بىر پارچە كىگىز، بىر يوتقان-كۆرپە بىلەن ئۆي تۇتقان بولسىمۇ، ئۆزىنى بەخت ئىگىسى،غالىپ-ئۇستۇن ھىساپلىدى. چىرايلىق ئەر-ئۇنىڭ ھاياتى. ئائىلە ئۇنىڭ بەختى بولۇپ تۇيۇلدى. ئۇ ئەر ئۈچۈن ھەممىدىن كىچىككە، ئائىلە ئۈچۈن ھەممىنى قىلىشقا رازى بولدى، توپىغا مىلىنىپ ئېتىزدا ئىشلىدى، قىغ-كۇكۇمغا سۈركىلىپ قوي بوقتى. باشقىلار:«تۆت بۇلۇڭ، بىر كولۇڭ» دەپ كۆزگە ئىلمىغان ئۆيگە گىلەم سالدى. رادىيو ئالدى، ئېرىنىڭ مىھمانلىرى ئۈچۈن ئوتتا كاۋاپ،ھالى خاراپ بولسىمۇ زارلانماستىن خوش بولدى. ئېرى تەرەكتۇرنى تاشلاپ سۇ ئىدارىسىنىڭ ماشىنىسى ھەيدىگەن يىلى گۈلئايشەم ئوغۇل تۇغدى. بۇدۇرۇق ئوغلى گۈلئايشەمنىڭ ھاياتىغا تىخىمۇ چوڭ قەدىر-قىممەت تەقدىم قىلدى. ئۇ ئەمدى باياشات، غەمسىز ياشاپ، باللىرىنى قاتارغا قوشۇشقا چىن ئىخلاس بىلەن ئىشەندى ...

لېكىن ھايات توختام سۇ ئەمەسكەن، يالغانچى كۈنلەر، ئالدامچى يىللارمۇ بولىدىكەن، ھەتتا تۇيۇقسىز مۆلدۈر يېغىپ، بوران چىققاندەك، بالايۇ ئاپەت ئېلىپ كېلىدىغان كۈنلەرمۇ بولىدىكەن. بىر كۈنى دوستلىرىدىن ئېرىنىڭ بىر قىزنى ماشىنىغا سېلىپ ئۈرۈمچىگە ئېلىپ كەتكەنىنى ئاڭلىدى. ئېرى كەلگەندە سۈرۈشتۈرگىنى ئۈچۈن سۆيۈملۈك ئېرىدىن تۇنجى

www.kitaphumar.com

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

قىتىم قاتتىق تاياق يېدى. گۈلئايشەم يەنە گۇناھنى يەنە ئۆزىگە قويدى: بالا، ئۆي بىلەن بولۇپ كېتىپ ئەرنى رازى قىلالمىدىم، ئۆزۈمنى تاشلىۋەتتىم . ئەزمەتنىڭ مەندىن كۆڭلى سۇ ئىچمىگەن بولغاچقا، تالاغا قارىغان دەپ ئويلىدى. ئۇ ئەمدى كۆپرەك جاپا تارتسىمۇ، ئېرىنىڭ كۆڭلىنى ئېلىش ئۈچۈن تىرىشىدىغان بولدى، ئۇ ئۆزنى ياساشقا، ئېرى بىلەن بىللە ئولتۇرۇش، ئويۇنلارغا بېرىشقا باشلىدى. لېكىن ئۇ بۇنىڭ بىلەن تېخىمۇ بەكرەك رەنجىش تاپتى: ئېرى ئۇنىڭ كۆزىچىلا باشقا قىزلار بىلەن تانسا ئوينايدىغان، ئېرىنىڭ ئويناق كۆزلىرى بىلەن بۇدرە چاچلىرى باشقا قىزلارغا ھوزۇر ـ ھالاۋەت بېرىدىغان، ئۇنىڭ كۆڭۈل يارىسىنى ئۇلغايتىدىغان بولۇپ قالدى. گۈلئايشەم روھى خورلىنىشتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن دوستلىرىغا ھال ئېيتىدىغان، دوستلىرىنىڭكىدە قونۇپ قالدىغان بولۇپ قالدى. ئۇ بىر كۈنى بالىسنى كۆتىرىپ ئۆيگە ئەكەلدى-دە ، بېشىغا چاقماق چۈشكەندەك قاتتىق ۋارقىرىدى: ئېرى بىر ئايال بىلەن كارىۋاتتا ئۇخلاۋاتاتتى...

شۇنىڭدىن كېيىن گۈلئايشەم قويغان ـتۇتقىنىنى بىلمەيدىغان، ئولتۇرغان يېرىدە سائەت-سائەتلەپ ئولتۇردىغان، كىشلەرگە كۆرۈنۈشتىن نومۇس قىلىدىغان بولۇپ قالدى مانا شۇ كۈنلەردە ئۇنىڭ ھاياتىدا مۆلدۈرلۈك بوران تۇيۇقسىز پەيدا بولدى. بالىسى تۇيۇقسىز ۋاپات بولدى. گۈلئايشەم بالىسىنىڭ قەۋرىسىنى قۇچاقلاپ نەچچە كۈنلەرنى ئۆتكۈزدى، لېكىن ئۇ تارتقۇلۇققا ئۆلمىدى. بالا كۆيۈكى، ئەرنىڭ زۇلمى ئۇنى ۋاقىتسىز قېرىتىپ 20 نەچچە يېشىدىلا يۈزىگە قورۇق ،داغ چۈشتى .

بالىسى ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن ، ئېرى ئۇنى تېخىمۇ خورلىدى: ئۇردى، تاشلىدى. بىر كۈنى ئۇ ئېرىنىڭ ئايىقىغا يامىشىپ يالۋۇرۇپ: «ئۇر، تىللا، قۇل قىل، لېكىن سىرىتقا قارىما!» ـدېدى. ئېرى ئاچچىق كۈلۈپ قويۇپ گۈلئايشەمنىڭ قۇلىقىغا دەسسىدى. قۇلاق ۋە بۇرۇنلىرىدىن قان چىقىپ تۇرغان گۈلئايشەمنى ھامىسى ئۆيگە ئېلىپ كەتتى .

«ھوي ئەزىمەت ، سەن مېنىڭ ھاياتىمدىكى يۇلتۇزۇممۇ؟ مەن سېنى كۆرمىگلى ئۈچ-تۆت يىل بولدى، تايىقىڭ، تىل ئاھانىتىڭ ئۇنتۇلدى، نېمشقا كۆزلىرىڭ بىلەن بۇدرە چاچلىرىڭ ئۇنتۇلمىدى؟ نېمشقا يەنە نامىڭنى تىلغا ئالىمەن، نېمشقا سېنى چىللايمەن!»-گۈلئايشەم پىچىرلاپ ئۇخلاپ قالدى.

گۈلئايشەم ۋاراڭ-چۇرۇڭدىن ئويغاندى: تاڭ ئېتىپتۇ. ھويلىدا باللار ۋارقىراشماقتا . ئۆزىدىن نېرىدا سامان تەككگە بېشنى قويۇپ،چەكمەن يەكتەكنى غېرىبچە يېپىنىپ روزى بەز يېتىپتۇ. گۈلئايشەم ئورنىدىن تۇرۇۋدى:

-ئويدان ئۇخلىدىلىمۇ؟- دېدى روزەك كۈلۈپ تۇرۇپ.

-قوزا بارمىكەن ؟

www.kitaphumar.com

-تاپتۇق .

-بىر قوزىنى دەپ ھەممىڭلار باياۋانغا چاپتىڭلىمۇ؟

كۆزگە بىرىنچى بولۇپ ئاپئاق پاختىدەك يۇڭلىرى ئۆسكەن 70 ـ 60 كويلۇق قوي دېسلە! ــدېدى روزەك ئورنىدىن تۇرۇۋېتىپ ــ تۇرسىلا خېنىم، ھىلى باللار سالام بەرگىلى كىرىدۇ.

گۈلئايشەم ھېچنەدە كۆرمىگەن ھۆرمەتنى بۇ ئۆيدە كۆردى: ئالتە بالا، بىر كېلىن ئۇنى «ئانا» دېيىشتى. گۈلئايشەم نومۇس قىلىپ، روزەككە:

-ھېچ بولمىسا چوڭ ئوغۇل بىلەن كېلىن ئاچا دېسۇن، ئانىسى نېمىسى!-دەپ پىچىرلىدى.

«ئانا» ئېغىزدىكىلا گەپ ئەمەسكەن، باللار ۋە ئەرنىڭ ھۆرمىتىمۇ يېتەرلىك بولدى: بىرىنچى كۈنلا ئۇنىڭ ئالدىغا قاتلىما، قايماق، پىششىق تۇخۇملار قويۇلدى. باشقىلار بولسا زاغرا بىلەن غىزالىنىپ ئىشلىرىغا كېتىشتى. چۈشكىچە گۈلئايشەم باغ، ھويلا-ئارامىلارنى يەنە ئارلىدى. باغ ئۇنىڭ زوقىنى تارتتى. ئۇ يەردە قويۇق تېرەكلەرنىڭ سايىسى، مەي باغلاپ پىشقان شىرىنلىك چېقىر ئۈجمە، جىگدىلەرنىڭ پۇرىقى، قۇشلارنىڭ سايراشلىرى كۆڭۈلگە ئارام ، بولۇپمۇ نۇرغۇن ۋاقىتنى ھامىسىنىڭ تار ئۆيدە خىيال بىلەن ئۆتكۈزگەن مىسكىن ئايال ئۈچۈن بۇنداق سالقىن ھاۋالىق باغ جانغا راھەت تۇيۇلدى. ئۇنىڭ ۋارقىراپ ناخشا ئېيىتقۇسى، دەرەخلەرگە ياماشقۇسى، باغلاقتىن بوشانغان موزايدەك قېيغىتقۇسى كەلدى. ئۇ باغدا يالغۇز يۈرۈپ يۇمران جىگدە كۆچەتلىرى ئارىسىدىن بىردەمدىلا 50ـ60 تۇخۇم يىغىۋالدى. ئىچ پۇشۇغىدا باغنىڭ نىرىسىغىچە بىرىپ يىراقتىكى مەھەللىگە، كېڭەزلىكتە كەتمىنىنى يالىت-يۇلىت قىلىپ ئىشلەۋاتقان باللارغا زوقمەنلىك بىلەن قارىدى...

چۈشتە ئۇ باللارنى پىششىق تۇخۇم بىلەن مېھمان قىلدى. قارا قۇمچاق كېلىن ئۇنىڭغا ئېگىشىپ پىچىرلىدى:

-ئاتام ئۇقسا تە بولىدۇ. ھەر ئالتە كۈندە 500 تۇخۇم ساتىمىز، تۇخۇم پۇلى100 كوي، كېمىسا بوۋاي خاپا سالدۇ ئانا!

-يەنە نېمە ساتىسلەر؟

-كۆكتات، ئۆرۈك، ئۆردەك، بېلىق، ياغاچ، ئارىلاپ قوي، گۆش، سۈت، قايماقمۇ ساتىمىز.

-يەكشەمبە بازاردا قانچىلىك پۇلغا ئېشلەيسلەر؟

-كۆپ بولغاندا بەش ــئالتە يۈز كوي، بولمىسا ئۈچ-تۆت يۈز كويلۇق نەرسە ساتىمىز، ئانا.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.kitaphumar.com

-پۇلنى سىلى تۇتامىلا؟

-ياق، ھىسابنى مەن چىقىرىمەن، پۇلنى ئاتام ئۆزى ساندۇققا سالىدۇ. ئۈچ -تۆت ئايدا بىرقېتىم بانكىچى كېلىپ پۇللارنى ئېلىپ كېتىدۇ. بىزنىڭ بالىنىڭ دادىسى بىللە بېرىپ چەك ئەكىلىدۇ.

-ئۇقتىلمۇ،دادىلىرى پۇل يىغىپ نېمە قىلىدىكەن؟

-تازا بىلەلمىدىم ئانا، مەن قوغۇنلۇققا باراي. قوغۇنلار بۇ يىل بەلەن ئوخشىدى. قوغۇن پىشقاندا ئىككى -ئۈچ يۈز كوي كىرىم بولىدۇ.

-يەنىچۇ؟

-كۈزلۈك كېۋەز پىشقاندا نەچچە مىڭ كويلاپ پۇل كىرىدۇ.

-يەنە پۇل كىردىغان قانداق چاغلار بار.

-ئەتىيازدا باققان قويلارنى ساتقاندا، يازدا ھۆكىمەتكە بۇغداي ئۆتكۈزگەندە، ھە، راستلا ئۇنتۇلۇپ قاپتىمەن. بىزنىڭ بالىنىڭ دادىسىنىڭ دېيىشىچە، 1000 تال جەگە ياغاچ سېتىلىپتۇ. يېقىندا ياغاچ كىسىدىغانلار كېلەرمىش.

-بىرتال جەگە نەچچە كوي؟

-كەم بولسا ئالتە-يەتتە كوي،بولمىسا ئون كوي.

-ۋاي ئاتام!-دېدى گۈلئايشەم پىشايىنىسىگە شاپىلاقلاپ، -پۇل دېگەننى كوچىنىڭ توپىسىدەك ئۈسسىيدىغان گەپكەنغۇ!

ئۇ شۇنچە پۇللۇق ئائىلىنىڭ ئەزاسى، ياق ئەزاسى ئەمەس، غوجايىنى. ئۇ ئەلۋەتتە خوشال بولىشى، ھاممىسىنىڭ ئۆيدە بىر كوي ئۈچۈن چىرايىنى سارغايتقان كۈنلىرىنى ئۇنتۇشى، بوۋاينى ياخشى گەپ بىلەن ساندۇقنىڭ ئاچقۇچىنى بېرىشكە پۈتۈن ئائىلىنىڭ كىرىم-چىقىمنى باشقۇرۇش ھوقۇقنى تاپشۇرۇپ بېرىشكە كۆندۈرشى كېرەك.

كەچكى تاماقتا گۈلئايشەمنىڭ ئالدىغا پىششىق گۆش تارتىلدى.

گۈلئايشەم گۆشنى پارچىلاپ ئەڭ چوڭىنى روزەككە قالغانلىرنى باللارغا بۆلۈپ بەردى. روزەك خاپا بولۇپ :

-يامان ئۆگىنىپ قالدۇ. گۆشنىڭ تەمىنى تېتىپ قالسا، باللار قوتاندىكى قوينى تۈگىتىدۇ خېنىم !-دېدى.

قوتاندىكى تۈگسە ئېتىزدىكى باركەن، ۋايىەي!-دېدى گۈلئايشەم. باللار خوشال بولۇشتى. ئەمما روزەك قولىنىڭ كەينى بىلەن ئاغزىنى سۈرتۈپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى .

كەچ كىرگىچە ئېغىر ئەمگەك بىلەن چارچىغان باللار كەچكى تاماقتىن كېيىنلا ئاشۇ تاماق يېيىلگەن ئۆيدە ئوڭغول-دوڭغول يېتىشىپ ئۇخلاپ قىلىشتى. يالغۇز گۈلئايشەملا

ھىلىقى يوغان «مېھمانخانا»سىغا قايتىپ كېلىپ، كۆرپىلەر ئۈستىگە يانپاشلاندى. سىرتتىن نەي ئاۋازى ئاڭلاندى، گۈلئايشەم راھەتلىنىپ تىڭشىدى. ئارقىدىن گۈلئايشەم ياخشى كۆرىدىغان «گۈل مەرەم» دېگەن ناخشا ئېيتىلدى. گۈلئايشەم ناخشىغا ئەگەشتى:

بۇ يوللار ئۇزۇن يوللار گۈل مەرەم،
ئەگىمەي ماڭالامىلا گۈل مەرەم.
بىر پىيالە چاي تۇتۇپ گۈل مەرەم،
كۆڭلۈمنى ئالالامىلا گۈل مەرەم.

ياش ئايالنىڭ ھېسسىياتچان قەلبى ناخشا بىلەن ئويغاندى. «قويچى بولساڭمۇ يىگىتسەن-دېدى ئۇ ناخشىغا زوقلىنىپ-شۇڭا ناخشاڭغا ئەگەشتىم...»

ئۇ شۇ بىر كۈن ئىچىدە ھاياتتىن يەنە نۇرغۇن لەززەت ئېلىشقا بولىدىغانلىقىغا ئىشەندى: بىر يەردە قېقىلساڭ يەنە بىر يەردە كۆتۈلىدىكەنسەن، بىرنى يوقاتساڭ بىرنى تاپىدىكەنسەن، خاپىلىق خوشاللىق دېگەنلەر يۈزگە چۈشكەن خالدەك ساڭا بىر ئۆمۈر ھەمرا بولۇپ تۇرالمايدىكەن، گۈلئايشەمگە خوشاللىق ئاتا قىلغان بۇ ھايات ئۇنىڭغا مۇھەببەتمۇ ئاتا قىلسۇن، بىز ئۇنىڭغا خەيرلىك تىلەيلى. چۈنكى قاراڭغۇلۇقتىن يەنە ئىككىنچى بىر قەلب ئىگىسى چىقىپ كەلمەكتە: ئۇنىڭ يۈرىكى خۇددى بۇنىدىن 30 نەچچە يىل بۇرۇنقىدەك ھاياجان، خوشاللىق ۋە نومۇس كۈچى بىلەن تېپچەكلىمەكتە!

3

خوجايىن بولۇش ئىنساننىڭ روھىدىلا ئەمەس، بەلكى بەدىنىدىمۇ بىئىلىق پەيدا قىلىدىكەن. قاراڭلار گۈلئايشەم مۇنۇ ئۆيدىكى توققۇز ئەمگەكچىنىڭ خوجايىنىغا ئايلىنىۋىدى، بىر ئايدىن كېيىن يۈزىدىكى داغ ئىزلىرى بىلەن ئىنچىكە قورۇقلىرى تولگەپ خۇددى ئەزىمەت بىلەن بەختلىك سائەتلەرنى ئۆتكۈزگەن ۋاقتىدىكىدەك چىرايىدىن نۇر ۋە كۈلكە يېغىپ تۇرىدىغان بولۇپ قالدى. ئۇ ھاۋانىڭ سالقىن چاغلىرىدا كېيەزمۇ ئۇتىدى، قۇغۇنىڭ ئۇتىنى چاپتى، قول تەرەكتۇر بىلەن بۇغداي تېپىۋاتقان خامانغا بېرىپ ئارا تۇتۇپ ئاياق سالدى، كېلىن بىلەن سەھەر-كەچلىكى كالا ساغدى...لېكىن ئۇ بۇ ئىشلارنى ئۆزىنىڭ ھەممىگە يارايدىغان «خوجايىن»ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىش ئۈچۈن قىلدى. ئۇ

www.kitaphumar.com

ئېشلاردىن ئەيىپمۇ تاپاتتى. ئۇنىڭ تاپقان ئەيىۋى چوڭ ئوغۇلنىڭ ئوغىسىنى قايناتقان بىلەن روزەكىنىڭ زوقنى قوزغايتى:

-ئاناڭلارنىڭ دېگىنىدەك قىلىڭلار!-دەيتتى ئۇ تاماق ئۈستىدە بالىلارنى جونۇپ،-ئۇنىڭ قولى تەككەن يەردىن گۈل ئۈنىدۇ.كۆردىڭلارمۇ، ئاناڭلارنىڭ قولى تەگكەچكە كەيگەن كۆڭلەكلىرىنىڭ رەڭگى ئېچىلدى. ئاناڭلار كەلمەستە ئاق كۆڭلەك، قارا كۆڭلەك،كۆك كۆڭلەك ھەممىسلا لاي رەڭ ئىدى!

گۈلئايشەم بۇ ئۆيگە خوشاللىق، يېشىللىق ئېلىپ كەلدى. ئۇنىڭ قولى بىلەن يوتقان-كۆرپىلەرنىڭ كىرى، ئۆينىڭ توپىسى تۆكىدى، ئۇلارنىڭ غىزاسىغا تەن كىرىپ، باللارنىڭ باش كۆزى تازلىنىپ، چىرايى قان يۈگۈردى. مانا بۇ نىڭ بىلەن ئۇنىڭ ھۆرمىتى ئاشتى، مەرتىۋىسى چوڭايدى. ئۆز ئانىسىدىن كىچىك قىلىپ يېتىمچىلىك ۋە غۇرگۇللۈكنىڭ دەردىنى كۆپ تارتىپ تۇرمۇش-ئەمگەك، يېيىش، ئۇخلاش دېگەن تۇرمۇش چۈشەنچىسى بىلەن چەكلەنگەن باللار، «ئايالنىڭ ۋەزىپىسى -خامىننى پىششىق قىلىش»دەپلا قارايدىغان كىلىن، بىقىش تېپىپ سەمرىپ پارقىراۋاتقان كالدەك كۈندىن كۈنگە گۈزەللىشىۋاتقان ئائىلىسنى كۆرۈشۈپ، گۈلئايشەمنى چىن تىلى بىلەن «ئانا» دېيىشتى.

لېكىن گۈلئايشەمنىڭ يەنلا توققۇزى تەل ئەمەسىدى.

قورسىقى توق، غېمى يوق ئادەمنىڭ روھى ۋە جىسمانى تەلىۋى ئۆرلەۋىرىدىكەن: گۈلئايشەم ئەمدى ئۆز ھاياتىدا نېمىنىڭ كەمچىلىكنى سەزدى: ئۇنىڭغا مۇھەببەت لازىم ئىدى. ئۇ ئېردىن رازى، چۈنكى ئېرى تاپقان پۇللارنى گۈلئايشەممۇ قولى ساندۇققا سالدى ساندۇقنىڭ ئاچقۇچىنى چوڭ ئوغلى باشقۇرغىنى بىلەن ھامان بىر كۈنى ئۇ نىڭ قولغا چۈشۈرۈشكە گۈلئايشەمنىڭ كۆزى يەتتى. ئېرىدىن رازى بۇلۇشنىڭ يەنە بىر سەۋەبى، ئېرى ئىشتىن ھېرىپ كىلدۇ-دە كەچكى تاماقتىن كىينلا ئۆينىڭ بۇلۇڭغا كىرىپ ئۇيقۇغا كېتىدۇ. ئۇ گۈلئايشەمنىڭ رازىمەنچىلىكگە ئاشۇ ھاردۇق ئۇيقۇسى بىلەن ئېرىشكەن. گۈلئايشەم خالىغانچە خىيال قىلالايدۇ...

بۇ رازىمەنچىلىك ھىسابىغا ئۇ بۇ ئۆيدە نىمىگە ئېرىشەلەيدۇ؟ پۇل ۋە گۇمرانلىق ئۇنىڭ ھاياتىنىڭ ئاخىرى مەقسىدىمۇ؟ ئۇنىڭ ھاياتتىن تەلەپ قىلىدىغىنى مۇشۇلار ئەمەسقۇ؟ ئۇ ئۆز ئاررۇسى بويىچە ياشىشى، يەنى مۇھەببەت ئۈچۈن يەنە بىر قېتىم قۇربان بىرىشى، يەنە شۇ قۇربان بىرىشى ھەقىقى لەززەت خوشاللىق تېپىشى لازىم لېكىن قىنى ئۇ مۇھەببەت؟ كىم ئۇنى ۋە ئۇ كىمنى ياخشى كۆردۇ؟ ئەزىمەتنى ئۇنتالمىغنى بىلەن ئەزىمەت ئۇنى ئۇنتىغان. ئەمسە ئۇنىڭ قەلبى نىمگە تەلپۈندۇ؟ نىمشقا ئېچى پۇشۇدۇ، كېچىلىرى نىمشقا ئۇيقۇسى كەلمەيدۇ؟ ئۇنى بىئارام قىلغان بۇغالتىرنىڭ قوڭىر كۆزلىرمۇ؟ بوغالتىر

www.kitaphumar.com

گۈلئايشەمنى ئەگىپ كەلدىمۇ؟ ئانداق بولسا گۈلئايشەمنىڭ يالغۇزلىقنى بىلىپ تۇرۇپ نىمشقا ئاتتىن چۈشمىدى؟ ھسابلاش ماشىنسى بىلەن دىگىۋار قەغەزلىردەك رەقەملەرنى ھسابلاۋاتقاندا نىمشقا گۈلئايشەم ئەتەيلەپ گەپ قىستۇرسىمۇ قاراپ قويمىدى. گۈلئايشەم ئۇنىڭ چىشىغا تىگىش ئۈچۈن دىگىۋاردىكى ساپ پاختا مەھسۇلاتنى 120 جىڭغا چۈشۈرۈپ بەرمىسەڭلا بولمايدۇ دىگەندى، بوغالتىر سوغوقلىق بىلەن، ئۇنىڭ پىكرى قىقىپ: «سىلى ئارلاشمىسىلا » دەپ نىمشقا ئالىيدۇ؟ ئايالغان كۆزلەردىن مۇھەببەت ئىزلەش ئەخمەقلىق ئەمەسمۇ؟ ئەمسە كىم ۋە نىمە ئۇنى ئۇخلاتمايۋاتىدۇ ئاۋۇ قويچىنىڭ ئاخششىمۇمۇ يا؟ ياق، گۈلئايشەم نىملا بولمىسۇن قويچىسىغا قاپاق ئاچمايدۇ. ئۆزنىڭ خوجايىن ئىكەنلىكنى ئۇنتۇپ ئالدىدا قول قوشتۇرۇپ تۇردىغان قويچىغا ھەرگىزمۇ مۇھەببەت ئىزھار قىلمايدۇ. ياق، كىتىش كىرەك .گۈلئايشەم بۇ يالغۇز كۆزلەككە مۇھەببەت ئىزلەپ كەلگىنى يوق ئۇ يوقسىزچىلىق، سارغىيش ئازابىدىن كەلگەن ئۇ ۋىجدانىنى نەپسگە بوي سۇندۇرۇپ، ئاز-تولا پۇلغا ئىگە بولۇۋالماقچى. بۇ مەقستىدى ئەمەلگە ئاشسىلا بۇ كۆزلەكتىن كىتىدۇ. يانپاشلاپ يىتىپ شۇلارنى ئويلاۋىتىپ توساتتىنلا چوڭ ئوغۇل بىلەن روزەكنىڭ پارىڭنى ئاڭلاپ قالدى.

-30 مىڭ جىڭ بوغداي ساتتۇق،-دىدى ئوغلى دادىسغا پىچىرلاپ، پۇلنى ھىلىقى 6200 كويلۇق چەكنىڭ ئۇستىگە قويۇپ 10 كويغا توغۇرلاپ قويايمۇ؟

-ئوسمان بانكىچىغا ئىيىت، توغۇرلاپ بىرىدۇ.

گۈلئايشەم ئۆيدىن ھويلىغا يۈگۈرۈپ چىقتى:

-مەنچۇ؟ نىمشقا توغۇرلىيالمايدىكەنمەن. پۇلنى ئەكلىپ ماڭا بەرسىلە!

ئوغۇل دادىسغا قارىدى، روزەك ساپ سىرىق چىشلىرنى كۆرسىتىپ ھىجايدى:

-سىلە ئاۋارە بولماڭلار خوتۇن!

-گىپىمنى يىرمىسلا دەيمەن، مەن پۇلنى ھامامغا ئاپىرىپ بەرمەيمەن، چۆنتەكلىرگە سالمەن.

-بولىدۇ خوتۇن بولىدۇ،-روزەك كۈلۈپ قويۇپ ئوغلىغا مەنلىك قاراپ قويدى.

كەچتە چوڭ ئوغۇل گۈلئايشەمگە ئون مىڭ كويلۇق چەكنى ئەكلىپ بەردى. ئون مىڭ كوي -بىر پارچە قەغەز چوڭ بايلىق ، گۈلئايشەم ئۆز ھاياتىدا بۇنچىلىك بايلىقنى ئالقىندا كۆرۈشنى ئويلاپمۇ باقمىغان تۇرسا، قانداقمۇ ھاياجانلانمىسۇن؟ ئۇ چەكنى ئاۋال يانچۇغىغا، كىيىن ھىچكىم يوق چاغدا تامبالغا تىكىۋالغان مەخسۇس يانچۇقىغا سالدى. ئەمدى ئۇ ئۆينىڭ تولۇق خوجايىنى ئىكەنلىكگە ئىشەندى. ئۇنىڭ ئەمدى ھىلقى ئىچ پۇشقى، نامەلۇم بىرنى سىغىنىشلىرى ۋاقتىنچە تۇگىدى.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

گۈلئايشەم ئۈچ كۈندىن كېيىن بۇ كۆزلەككە يول ئېلىش ئۈچۈن كەلگەنلەرگە چاي بەردى. چۆشلۈك چاي ۋاقتىدا ئۇلارنىڭ بىغى بۆلەكچىلا ئاۋاتلاشتى. ياشلار ناخشا ــ ئۇسۇل بىلەن گۈلئايشەمنىڭ ياشلىقنى بۇرنىغا پۇراتتى.

-روزاخون باينىڭ ئۆيىنمۇ قىشتىن ياساپ بەرسەك، ئاستى-ئۈستىگە تاختاي قىقىپ گۈلئايشەمگە ساراي سېلىپ بەرسەك بولغۇدەك.

-نىملا قىلسا يارشىدۇ. ھاي، روزاخۇن ئاكا، نىمشقا قوڭغۇراقلىق پوشتا ھارۋىسى قىلمايسە؟ خېنىمڭنى يىنىڭغا ئولتۇرغۇزۇپ غوجەك بايدەك يەكشەمبە بازادا تاماشا قىلساڭ بولمامدۇ؟

-روزەك باي ماشىنا ئالارسەن-ھە؟...

مانا شۇنىڭدىن كېيىن «روزەك بەز» دىگەن ئىسىم «روزەك باي»غا ئالماشتى.

بۇ ماختاشلار ۋە خۇشامەتلىك سۆزلەر گۈلئايشەمگە يىقىن كەلگۈسىدە ئىشقا ئاشىدىغان يېڭىلىقلار بولۇپ تۇيۇلدى.

كۆز پەسلى، يىڭلىق پەسلى، باياشاتچىلىق-توي پەسلى ئىكەن.

بىر مۇخبىر كېلىپ ئۇلارنى سۈرەتكە تارتتى.گۈلئايشەم روزەك باينىڭ يوغان قوغۇنلارنى تۇتۇپ چۈشكەن بۇ سۈرىتى «ئەمگەك بىلەن بېيىغان ئائىلە» دىگەن خەت بىلەن گېزىتكە چىقتى .

تۇنۇگۈن ئىكسكۇرسىيچىلەر كەلدى، ئۇلارغا گۈللىنۋاتقان ئەبلىكنىڭ غوجايىنلىرى روزەك بەز بىلەن گۈلئايشەم ئۆز ئىشلىرىنى تونۇشتۇردى. ئاشىمى گۈلئايشەمنىڭ مىڭىسىدە بىر تۇيغۇ پەيدا بولدى: «مۇھەببەتسىزمۇ ھاياتتىن خوشاللىق تاپقىلى بولىدىكەنغۇ، يېڭىلىقلار ئەجەپ كۆپ؛ ئېتىزدا، ئۆيدە، مەھەللىدە، ھەممىلا جايدا شۇلارنىڭ لەززىتىمۇ گۈلئايشەمە يېتىدىكەنغۇ؟!»

گۈلئايشەم بۇگۈن كېچە روزەككە يىقىنراق ياتتى. ئۇ بۇۋايغا پۇل خەجلەشنى يەنى زامانغا لايىق ئۆي سېلىش، ئۈستەل-ئورۇندۇق، ئىشكاپ، سافا ياسىتىش، ئىلاج قىلىپ تۇك ئەكىلىش، تېلۋوزۇر ئېلىش، ئۆيدىكىلەرگە زامانغا لايىق كىيىم ئېلىش، گىلەم سېلىنغان ھارۋۇغا ئولتۇرۇپمېھمانغا بېرىش توغۇرلۇق ئىشلار توغرىسىدا ئۇزاق ۋە قىزغىن سۆزلىدى. روزەك تاكى خورىكى باشلانغۇچە ھەممىسىگىلا « ھە » دەپ ياتتى.

شۇنداق قىلىپ گۈلئايشەم ھېلىقى بىكارچىلىقتا پەيدا بولغان مۇھەببەت ھېسسىياتىنى يېڭىش، ئۆزىنى يېڭىلىقلارنىڭ قاتناشچىسى قىلىپ كۆرسىتىش ئۈچۈن ئەتىگەنلىكى ئورنىدىن تۇرۇپلا ئىشقا تۇتۇش قىلىدىغان بولىۋالدى.

گۈلئايشەم بۇ ئۆيگە كېلىپ ئۈچ ئايدىن كېيىن روزەكىباينىڭ ياخشى ياردەمچىسى ۋە غەمخورچىسى بولۇپ قالدى. ئۇ ئىشقا ھەۋەس بىلەن كىرىشتى. ئۇنىڭ قوللىرى قايتىدىن ئىشقا پىشتى. تاتراڭغۇ يۈزى دېھقان ئاياللىرىغا خاس رەڭ بىلەن گۈزەللەشتى. ئۇ ئەمدى غەم-قايغۇنى ئۇنتۇپلا قالماستىن، مۇھەببەتنىمۇ ئۇنتۇتتى: «نېمىشقا بۇرۇنراق شۇنداق قىلمىدىم ــ ھە؟ ئەخمەق ئىكەنمەن، نادان ئىكەنمەن، بولمىسا نېمىشقا بەختىمنى تىگىلەردىن ئىزدەيتىم!»

گۈلئايشەم قاقاھلاپ كۈلۈپ، ياكى ئۇن سېلىپ ناخشا ھويلىغا كىرىپ كەلگەندە، روزەكىباينىڭ قەلبىدە بىر خىل خوشاللىق ئوتى يالقۇنلايتتى. بۇ ئوت گۈلئايشەم ئۇنتۇپ كەتكەن ھىلىقى مۇھەببەت ئوتى. گۈلئايشەمنىڭ ئەكسىچە ئەمدى روزەكىباي دۇنيادا مۇھەببەتسىز ياشاش مەنىسىزلىك دەپ قارايدىغان بولۇپ قالدى.ئۇ كۈندىن-كۈنگە ئۇلغىيۋاتقان مۇھەببىتىنى قەدىرلەيتى.شۇنىڭ ئۈچۈن ئاياللىنىڭ دېگىنىنى قىلاتتى. ئايالى ئۈچۈن ھەر نېمە قىلىشقا رازى ئىدى. مانا بۇ روزەكىباينىڭ ھاياتىدىكى يېڭىلىق. بۇ يېڭىلىقلار ئۇلارغا ھايات تەقدىم قىلغان. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار ھاياتقا چىن قەلبىدىن رەھمەت ئېيتىماقتا.

مانا قاراڭ، يەكشەنبە كۈنى گۈلئايشەمنىڭ ئاللىقاچان يىراقلىشىپ كەتكەن دوستلىرى ئەر-ئايال بولۇپ بىر تىراكتوردا ئۇنى ئىزدەپ كەپتۇ. روزەكىباي ئاياللىنىڭ كۆڭلىنى دەپ ئۇلارغا قوي سويدى.

روزەكىباي ئەزەلدىن توي-تۆكۈن، ئويۇن-تاماششاغا بارمايتتى. لېكىن گۈلئايشەمنىڭ دوستلىرى ئۇنى ئىزدەپ كەلگەن كۈنى، تاش چوكانلار بىلەن يىگىتلەر روزەكىباينى ئۆز ئارىسىغا ئېلىۋېلىپ چاقچاق ۋە ئۇسسۇللىرىغا ئارىلاشتۇردى. ياش ئەر ــخوتۇنلار ئارىسىدا ئارانلا قورۇنۇپ ئولتۇرغاننىڭ ئۈستىگە گۈلئايشەمنىڭ شوخلۇقى تۇتۇپ ئۇنى ئۇسسۇلغا تارتتى. چاۋاك، قىقاسلار روزەكىباينى مەدىرلىتالمايتتى، لېكىن گۈلئايشەمنىڭ دومسىيىشى ئۇنى ئىختىيارسىز ئوتتۇرىغا ئېلىپ چىقتى. ئۇ ئاياللىنىڭ كۆڭلىنى دەپ قوللىرىنى قوتازلارنىڭ قۇيرۇقىدەك ئارۋاڭ-سارۋاڭ قىلىپ ئۇسسۇل ئوينىدى.

روزەكىبايغا مۇھەببەت، خوشاللىق تەقدىم قىلغان بۇ تۇرمۇش ئۇنىڭغا نۇرغۇن ئىشلارنى قايتىدىن ئۆگەتتى. ئۇ پۇتىغا ئۆتۈك، دىكادىن شىم-توجۇركا، بېشىغا چىمەن دوپپا كىيدى. بۇ نەرسىلەرنى كىيىش ئۇنىڭغا قانچىلىك يات، نومۇسلۇق بولسىمۇ، ئاياللىنىڭ كۆڭلى ئۇنى كىيىشكە مەجبۇر قىلدى. ئۇنى ئاز دەپ يۈزىنى سوپۇنداپ يۇيىدىغان، ئاخشىمى پۇتىنى يۇيىدىغان، ئىشتىن كېلىپ كىيىم يۆتكەيدىغان، «قاملاشمىغان» قىلىقلارنىمۇ چىقىرىشقا مەجبۇر بولدى. ياخشى كۆرگەن ئاياللىنىڭ بۇ

www.kitaphumar.com

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى

ئىشلاردىن كۆڭلى خوش بولغىنى ئۈچۈنلا روزەكباي دىلى تارتمىسىمۇ ئۆزىنى زورلىدى. چۈنكى بۇ كۈنلەردە گۈلئايشەمنى خوش قىلىش ئۇنىڭ بىردىنبىر ئارزۇسى ئىدى.

لىكىن گۈلئايشەم دوستلىرىغا ئارىلاشقانسىرى ھاياتىدىكى كەم نەرسىنى قايتىدىن يادىغا ئالدى. ئۇنىڭ قەلبىنىڭ چوڭقۇر يېرىدە كىمدۇر بىرىگە يوشۇرۇن چوغ ساقلاقلىق ئىكەن. گەرچە بۇ چوغ ياسالما جىمجىتلىقنىڭ كۈلى بىلەن بىر مەھەل كۆمۈلۈپ ياتقان بولسىمۇ، ئەمدى دوستلىرىدىن كەلگەن ياشلىق-مۇھەببەتنىڭ شامىلىنىڭ غىدىقلىشى بىلەن قايتىدىن يالقۇنجاشقا باشلىماقتا ئىدى.

ئۇ شىرىن، مۇرادى ھاسىل بولمىغان بىر چۈشىنىڭ تۈرتكىسى بىلەن تۈنىدە ئويغاندى. ئۇ يېنىدا ياتقان ئېرىنىڭ خورىكىدىن بىزار بولۇپ، كۆينەكچان، يالاڭئاياق مېڭىپ تالاغا چىقتى. دالا ئايدىڭ، قارامتۇل دەرەخلەر گويا قېنىق كۆك تاۋاردىن لىباس ئارتقاندەك، يىراقلاردىكى قارىيىپ تۇرغان مەھەللىلەرنىڭ ئۈستىگە ئاق داكا تارتىلغاندەك، گىرىمسەن ئېتىزلار ئاشۇ داكا ئاستىدا ئۇخلاۋاتقاندەك، بۇ سىرلىق كېچىدە يالغۇز گۈلئايشەمنىڭ يۈرىكىلا بىر خىل ئەندىكىش، سېغىنىش بىلەن تىپىرلاۋاتقاندەك قىلاتتى. گۈلئايشەم ئۆك ياڭغىنى ئالقىنىغا قويۇپ، كېچىنىڭ سالقىن ھاۋاسىدىن لەززەتلىنىپ كۆتەك ئۈستىگە ئولتۇردى. شۇ چاغدا دەرەخلەر ئارىسىدىكى قوي قوتىنى تەرەپتىن ئاستا، يېقىملىق ناخشا ئاڭلاندى. ناخشا مۇڭلۇق ئىدى. گۈلئايشەم ناخشىچىنىڭ يېنىغا كېتىپ بېرىپ: «سەمەت قويچى، بەلكىم سەن مېنى دەپ ئۇخلىيالمىغانسەن، يەر ئاستىدىن قاراشلىرىڭ باشقىچە ئىدى، ئېيتقان ناخشىلىرىڭ ماڭا ئاتالغان بولسا،مەن سېنى مۇرادىڭغا يەتكۈزەي» دېدى.

قويچى بىمەھەل كەلگەن غوجايىننى كۆرۈپ قاتلانما كارىۋات ئۈستىدىن چاچراپ تۇرۇپ گەدىنىنى سىلىدى:

- كىم سېنى ئۇخلاتمايۋاتقان، سەمەتباي!-ئايال ئۇنىڭغا يېقىنلاشتى.

-قويلار، ئاچا، قويلار!-سەمەت داجىدى، گۈلئايشەم ئۇنىڭ قولىنى تۇتتى.

-ساراڭ، قورقما، غوجايىننىڭ قېرى ئىتتەك مەلەق ئۇيقۇدا!

- كېرىپ كەتسىلە ئاچا-،دېدى سەمەت تىترەپ،-ئۇنداق قىلمىسلا، نامەھرەم بولىدۇ، غوجايىننىڭ تۇزىنى ھالاللاپ يېگىلى قويسىلا؟

-ساراڭ،-دېدى گۈلئايشەم كاسىلداپ تىترەۋاتقان يىگىتنىڭ قولىنى سىلىكىپ قويۇۋېتىپ، -ئادەمنىڭ ئۇيقۇسىنى بۇزۇپ نېمىگە كاكىرايسەن ئەمسە؟

-بايىلا بىر قوي قوزىلىدى، شۇنىڭ خوشاللىقى، ئاچا!

-ئۆل، ئىلاھىم.- گۈلئايشەمنىڭ قويچىغا غەزىپى كەلدى،-ھايۋاننىڭ كەينىدە يۈرۈپ يۈرىكىڭمۇ بۇلغىنىپتۇ!

گۈلئايشەم ھۆكۈم قىلدى،ئۇ ئەزىمەتنى ئۇنتالمايدىكەن.

4

يېڭى ياسالغان يول بىلەن بىر كىچىك ماشىنا چىقىپ كەلدى. ماشىنىدىن رايون كاتىپى چۈشتى-دە، رزەكىباي بىلەن كۆرۈشۈپ بولۇپ، ئۆيگىمۇ كىرمەستىن روزەكىباينى ئالدىراتقىلى تۇردى:

-ناھىيەگە، ۋىلايەتكە بارىدىكەنسىلەر، زاغرا تۇگۈپ يۈرمىسىلە، ئاز-تولا پۇل، بىلەت ئالسىلا بولدى.

-كىيىم يۆتكىسىلە،- دېدى گۈلئايشەم ئىش كىيىمى بىلەنلا ماڭماقچى بولغان روزەكىباينىڭ پېشىدىن تارتىپ.

-ئوبدانراق كىيىنسىلە،-دېدى كاتىپ كۈلۈپ،-ئېكسكۇرسىيە، مەجلىس بولغاندىكىن دۆلەتكە پاختا سېتىشتا خىزمەت كۆرسەتكەنلەر قاتارىدا ئولتۇرىلا، سۆزلەيلا!

- سۆزلەيدىغان بولسام خوتۇنۇمنى ئېلىۋالسامىكىن؟-روزەكىباي كۆزلىرىنى چىمىلدىتىپ كاتىپقا قارىدى.

كاتىپ ساددا بوۋاينىڭ گېپىدىن كۈلۈپ گۈلئايشەمگە قارىدى، گۈلئايشەم مىيىقىدا كۈلۈپ قويۇپ، ئېرىگە:

-مېنى ئېلىۋالمىسىلىمۇ بۇيرۇتمامنى ئېلىۋالسىلا، ياخشى گېلەمدىن بىر جۈپ ئالغاچ كەلسىلە، يادىلىرىدا تۇتسىلا،تۆت گەزلىك، بىر ئانار گۈللۈك، بىرى لوڭقا گۈللۈك بولسۇن. يەنە بىر دانە تىكىش ماشىنىسى، گۈللۈك دىچۆلىياڭدىن 12 ياق 18 مېتىر، ئەترەڭ سارجىدىن .....

ئۇ بىر توقاي سودا بۇيرۇدى، روزەكىباينىڭ ئاغزى ئېچىلىپ، بېشى گىلدىڭلاپ تۇراتتى. گۈلئايشەم نېمىلا دېسە ئۇ باش لىڭشىتىپ ماقۇللايتى. گۈلئايشەم ئۇنىڭ قولىغا بىر كاللەك پۇلنى تۇتقۇزغاندىن كېيىن، بوۋاي ھالال ئەمگىكىنىڭ بەدىلىگە كەلگەن پۇلنى خۇددى بىرى ئىچ ئاغرىتىپ بېرىۋاتقاندەك ئەندىكىپ قولىغا ئالدى. مانا بۇلار روزەكىباينىڭ ھاياتىدىكى ھېلىقى يېڭىلىقنىڭ كۈچى. مۇھەببەت بوۋاينى قانچىلىك يۇمشاتقان -ھە؟ ناۋادا بۇندىن ئىككى ئاي بۇرۇن گۈلئايشەم بىر كويلۇق سودا بۇيرۇغىنىدا ئىدى، بوۋاينىڭ قول ۋە لەۋلىرى تىترەپ، بېشى « ياق» گىلدىڭلىغان بولاتتى.

www.uyghurkitap.com


مۇھەببەتكە ئاپىرىن، بارلىق بىخىللارنىڭ دىل غەزىنىسى مۇھەببەت بىلەن تولغان بولسا، بۇ جاھاندا كۆڭۈلسىزلىكلەر خىلى ئازايغان بولاتتىكەن ـ ھە؟ لېكىن ياخشى ئادەملەرمۇ ئەيىبتىن خالى بولمىغانغا ئوخشاش،ياخشى نەرسىلەرمۇ كىشىلەرنى غەم ۋە ئازابقا سالىدىغان چاغلارمۇ بولىدىكەن.

بۇ خىل ئىشتىن بىر مۇشۇ يىل،يەنى 1983-يىلى 9-ئاينىڭ 12- كۈنى مۇشۇ يىزىدا سادىر بولدى.

گۈلئايشەم بۆلەكچىلا ياسىنىدىغان، كۈلىدىغان، كۈلگەندە، سۆزلىگەندە ئاۋازىنى تىترىتىدىغان بولۇپ قالدى. ئېرى كېتىپ ئۈچ كۈندىن كېيىن ئايالدا يۈز بەرگەن بۇ ئۆزگىرىش باللارنى قىزىقتۇرغىنى بىلەن كىلىننى غەملىك، چوڭ ئوغۇل بىلەن قويچىنى غەزەپ-نەپرەتلىك قىلىپ قويدى.

چوڭ ئوغۇل بىلەن قويچى چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىپ ئۇلارنىڭ بېغىدىن ياغاچ توشۇشقا كەلگەن شوپۇرلارنىڭ ھەممىسىنى، بىخەستىلىك قىلىپ ئۆزى يوق چاغدا ياغاچ كېسىش بىلەن توسۇشنى ئورۇنلاشتۇرغان دادىسىنى، ئۇژمە كۆڭۈل ئانىنى ئىچىدە تىللاشتى. لىكىن پالاكەتنى تىل بىلەن توسۇۋالغىلى بولمىغاندەك، تالاي گۇنالارنى قوينىدا يوشۇرىدىغان قاراڭغۇ تۈننىمۇ تىل ۋە نارازىلىق بىلەن ئۆزگەرتىۋالغىلى بولمايدىكەن.

كىتابخان، بۇ ھېكايىدە تۈن نېمانداق تولا دەپ قالماڭ، ئەپۇ قىلىڭ، يەنە بىر قېتىم، يەنى ئاخىرقى قېتىم بىز گۈلئايشەمنى تۈن قوينىدا يالغۇز قويۇپ كۆرەيلى.

تۈن، ئايسىز تۈن، يۇلتۇزلارمۇ يەر يۈزىدىكى قىزىقچىلىقلارغا قاراشماقتا، ئۇلار چىمىرلىشىپ خۇددى يەرگە يىقىنلىشىۋاتقاندەك، ئۇلارنىڭ بىرلىرى يەرگە سەكرەپ چۈشۈۋاتقاندەك، يەنە بىرلىرى نومۇسچان قىزغا ئوخشاش كۆزىنى قاچۇرىۋاتقاندەك قىلماقتا.

گۈلئايشەم ھويلىدىكى كات ئۈستىدە، يۇلتۇزلارغا قاراپ ئۇخلىيالماي ياتماقتا. ئۇنىڭ شوخ يۈرىكى كۆرەك قەپىزىنى دۈپۈلدىتىپ يوشۇرۇن سىرلارنى ئاشكارىلاپ قويىدىغاندەك، تېنىقى تىزلەپ، ئىچىگە پاتمايۋاتقان خوشاللىقى بىلەن ھاياجانلىرىنى سىرتقا چىقىرىپ قويىۋاتقاندەك، كۆزلىرى يۇلتۇزلارغا سىر ئېچىۋاتقاندەك بىلىنمەكتە.

ئۇ ھاياجان ۋە ۋەھىمە ئىچىدە تولغانماقتا. ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا ۋىجدان بىلەن خاھىش قاتتىق ئېلىشماقتا. ئۇنىڭ بىر سەزگۈسى ئۆزىگە پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن بېرىلگەن،لىكىن ئايالىنىڭ مۇھەببىتىگە ئېرىشەلمىگەن ئېرى- روزەكىيغا خىيانەت قىلىشنى ۋىجدانسىزلىق دەپ قارىسا، ئۇنىڭ يەنە بىر سەزگۈسى ياق، سەن ۋىجدان دېگەننى بىلمەيدىكەنسەن، كۆڭلۈڭ تارتمىغان ئادەمنىڭ ئايالى بولۇش ۋىجدانسىزلىق، خاھىشىڭ سېنى بەختلىك

قىلىدۇ، ۋۇجۇدۇڭنى تىترەتكەن يىگىت بىلەن كەت، ئۇنىڭ يولىدا قۇربان بولساڭمۇ سەن بەختلىك دېمەكتە.

ئۇ ئازاپ ۋە ھاياجان بىلەن تولغىنىپ، ئەتراپقا قۇلاق سالدى. قويلار پىشقىرىدۇ، ياۋا ئۆردەكلەر، قۇشلار سەگەك. لېكىن سەگەك ئىتلارمۇ جىمغان... بىردىنلا ئاياق تېۋىشى ئاڭلاندى. مانا ئۇنىڭ يېنىغا يالاڭئاياق يىگىت كەلدى ۋە ئۇنى كىچىك بالىنى كۆتۈرگەندەك كۆتۈرۈپ ماڭدى. گۈلئايشەمنىڭ ئۇزۇن چاچلىرى بىلەن ھالسىز پۇت-قوللىرى يىگىتنىڭ بىلەكلىرىدىن ساڭگىلاپ چۈشۈپ تۇراتتى.

-پۇلنى ئۇنتۇمىغانسەن؟

-ياق، ئۇ مانا!

گۈلئايشەم ئون مىڭ كويلۇق چەك تىكىلگەن تامبىلىنىڭ يانچۇقىنى سىلاپ قويدى.

ئۇلار قاراڭغۇ باغقا ئەگىگەندە يىگىتنىڭ گەجگىسىدىن كۆچلۈك بىر قول سىلىكىپ تۇتتى.

گۈلئايشەم چۆچۈپ يەرگە چۈشتى. ئۇ ئۇنىسىز دوملاۋاتقان ئۈچ گەۋدىگە ئۆزىنى ئاتتى:

-ئۇنى ئۇرماڭلار، مېنى ئۇرۇڭلار، ئەزىمەتتە گۇناھ يوق.

-قورقمىسىلا ئانا !- گۈلئايشەم تونۇدى، بۇ چوڭ ئوغۇل.

دېمەك، ئەزىمەتنى يەرگە باسقان، قاراڭغۇ باغقا ئېلىپ كەتكەن قويچى بىلەن چوڭ ئوغۇل ئىكەن. ئۇلار ياش شوپۇرنىڭ گۈلئايشەم بىلەن كۇسۇرلاشقانلىرىغا دىققەت قىلىشقان، ئۇلارنىڭ پېيىگە چۈشكەن، ئاتىغا سادىق بۇ ئىككى كۆچلۈك روزەكباينىڭ نېسىۋىسىگە چېۋىن قوندۇرماسلىق ئۈچۈن سەگەك يېتىشقان ئىكەن.

گۈلئايشەم ئەتىگەنلىكى كىلىنىدىن سورىدى:

-شوپۇرنى نېمە قىلدى، ئەجەپ يامان نېمىكەن. ئۇخلاپ قاپتىمەن، كۆتىرىپ ماڭغىنىنى تۇيماپتىمەن، ھېلىمۇ ياخشى....

-ھەيدىۋەتتى ئۇ ئوغرىنى!

گۈلئايشەم ئەتىگەنلىك چايدىن كېيىن دوملىنىپ زارلاندى. ئۇنى ئوتتۇرانجى ئوغۇل مەھەللە دوختۇرىغا ئېلىپ ماڭدى.

ئۇ دوختۇردىن چىقىپ بالىنى كەتكۈزىۋەتتى-دە، ھامىسىنىڭگە كىردى. چۈشتىن كېيىن ئۇ بانكىغا كىردى.

ئۇ نېمە قىلارىنى بىلمەي پوكەي ئالدىدا ئۇزاق تۇردى. ئاخىرى ياش قىزنىڭ ئالدىغا چەكنى قويدى:

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com



-ھەممىسىنى ئالماقچى، تويى ئىشىمىز بار.

قىز كۈلۈپ قويۇپ يان ئۆيگە كىرىپ كەتتى. بىردەمدىن كېيىن ھېلىقى بانكىچى بىلەن ساقچى بىللە چىقتى.

-ئوغرى، بۇزۇق!- دېدى بانكىچى گۈلئايشەمگە قوللىرىنى شىلتىپ، -بۇرۇنقى ئېرىڭ بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ، ئۇن مىڭ كوينى ئوغۇرلاپ شاڭخەي، گۇاڭجۇلارغا بېرىپ سودىگەرچىلىك قىلماقچىسەن، راستمۇ؟

گۈلئايشەم لاغىلداپ تىترىدى:

- راست !

-جىنايەت بىلەن قولغا چۈشتۈڭ،- دېدى ساقچى، -سېنىڭ شېرىكىڭ ئەزىمەتنى ئاخشاملا روزاخۇن ئاكىنىڭ باللىرى بىزگە تاپشۇرۇپ بەرگەن. ئۇ ھەممىنى ئىقرار قىلدى. سەن ئۇنى يېڭىلدۇرغانسەن، راستمۇ ؟

-ياق، ياق، مەن ئۇنى يېڭىلدۇرمىدىم،-دېدى گۈلئايشەم كاسىلداپ تىترەپ،-ئۇ مېنى يېڭىلدۇردى.

- كىم؟

- كىم بولاتتى..... كۆڭلۈم !

ئايال يۈزىنى تۇتۇپ ئۆپكىدەپ يىغلىدى. ئۇنىڭ ئەپسۇس ۋە پۇشايمان بىلەن تولغان ياشلىرى ئۇنى قوغداپ قالالامدىكىن ؟

گۈلئايشەم يەتتە كۈن تۇتۇپ تۇرۇلدى. يەتتە كۈنگىچە ئۇنىڭ كۆز يېشى قۇرۇمىدى. ئۇنىڭ خىيالىدىن ئاتا-ئانىسى، ھاممىسى، بۇرۇنقى ۋە كېيىنكى ئېرىنىڭ ئۆيىدە تۇرغىنىدا بولغان ئىشلار بىر-بىرلەپ ئۆتتى. ئۇ ھاياتىدىكى خوشاللىق ۋە خاپىلىقلىرىنى تۇگۈنلەپمۇ باقتى. تارتقان خاپىلىقى كىچىك، خوشاللىقى چوڭ تۇگۈن بولۇپ تۇگۈلدى.

خاپىلىقى تۇگۈلگەن تۇگۈچنى ئاتتۇرۇپ كۆرىۋىدى، خاپىلىقلىرىنىڭ تولىسىغا ئىشىق-مۇھەببەت يېشىنىڭ داغلىرى چۈشۈپتۇ. يەنە كېلىپ بۇ داغلارنىڭ ھەممىسىگىلا ئەزىمەتنىڭ نامى يېزىلغان ئىكەن. ئۇ يېقىنقى سوراقنى ئەسلىدى:

سوراقچى ئەزىمەتتىن سورىدى:

- روزاخۇننىڭ ئون مىڭ كوي پۇلىنى ئېلىپ قېچىشنى سەن گۈلئايشەمگە دېدىڭمۇ ياكى گۈلئايشەم ساڭا دېدىمۇ ؟

-مەن روزاخۇننىڭ پۇلىنى نەدىن بىلەتتىم!-دېدى ئەزىمەت سوغۇق كۈلۈپ، گۈلئايشەم ماڭا يالۋۇردى، ئىچ ئاغرىتقان گۇناھىم بار!

گۈلئايشەم ئۇنىڭ يالغان ئېيتىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ تىترىدى. «ئىت»،- دەپ ئويلىدى ئۇ،- ئۇنىڭ چىرايلىق سۆزلىرىگە ئالدىنىپتىمەن.

گۈلئايشەم ھېلىقى ئۇچرۇششنى ئەسلىدى: ئەزىمەت تۇيۇقسىزلا ئۇلارنىڭكىگە ماشىنا ھەيدەپ كەلدى. ئۇنى كۆرۈپ گۈلئايشەم ئۆيگە مۆكۈندى. ئەزىمەت مايلىق شەپكىسىنى گەجگىسىگە كىيىپ، ئىشكتە گىرەدەپ تۇرىۋېلىپ:

-گۈلئايشەم سېنى دەپ كەلدىم بىلەمسەن، ئايالنى بالىسى بىلەن قويۇۋەتتىم، پۇشايماننى ئالدىغان قاچا يوق، تۆۋە قىلدىم!

-ۋالاقلىماي چىقىڭ!

-مېنى كەچۈرۈڭ گۈلئايشەم، سىزنى دەپ ياش ئايالىم بىلەن ئوغلۇمنى تاشلىدىم. سىز قېرىنى تاشلىيالامسىز؟ ھاممىڭىز ئېيتتى ئازاپتا ئىكەنسىز!

گۈلئايشەم ئۇنىڭغا ئىشەندى ۋە ئۇنىڭ بىلەن قېچىشقا ماقۇل بولدى.

سوراقچى گۈلئايشەمگە قارىدى:

- ئۇنىڭغا يالۋۇرغىنىڭىز راستمۇ؟

- راست...

ئەزىمەت قويۇپ بېرىلدى. راستنى ئېيتقاندا، گۈلئايشەم ئەزىمەتتىن شۇ كۈنى قاتتىق يىرگەندى. ئۇنىڭ بىلەن ئىككىنچى قېتىم يۈزلىشىپ قالماسلىق ئۈچۈنلا ھەممىلا سوراققا «راست» - دېدى.

يەتتىنچى كۈنى ئۇنى سىلىق مۇئامىلە بىلەن باشلىق ئىشخانىسىغا باشلاپ چىقتى. ئۇنى تاشقىرىقى ئۆيگە ئولتۇرغۇزۇپ قويدى. ئىچكىرىكى ئۆيدە تالاش بولۇۋاتاتتى، گۈلئايشەم تالاشقۇچىلارنى تونۇدى. بۇلار روزەكباي بىلەن بانكىچى ئىدى . بانكىچى :

- ئۇ ئوغرى. بۇزۇق ،ساڭا قىلچە كۆڭلى يوق تۇرسىمۇ، يەنە ئۇنى خوتۇن قىلىمەن دەيسىنا ! - دەيتتى .

- ئۇ ئوغرى ئەمەستۇر ، مېنى ياخشى كۆرمىگىنى بىلەن بالىلىرىمغا ئامراق، ئۆيۈمگە كۆيىنىدۇ، ئۇنى ھېلىقى ئازدۇردى، بىر ئادەم ئازسىلا بۇزۇق بولامتىمۇ؟ - دەيتتى روزەكباي.

- چەكنى ئوغرىلىغان تۇرسا!

- ئۆزىنىڭ چېكىنى ئۆزى ئوغرىلامدۇ؟

شۇ چاغدا ئۆيگە تاشقىرىدىن بىر كىشى كىرىپ كەلدى ، ئۇ مۇشۇ ئورۇننىڭ مەسئۇلى ئۇ كۈلۈپ تۇرۇپ گۈلئايشەمگە:

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ــ ئەپۇ قىلىڭ، گۈلئايشەم سىزنى ئۇقۇشماستىن يەتتە كۈن تۈتۈپ تۇرۇپتىمىز، ئۆيىڭىزگە قايتىڭ، يولدىشىڭىزنىڭ خىزمىتىنى ياخشى قىلىڭ، سىزنى روزاخۇنكام ئاقلاپ چىقتى ــ دېدى.

ـ ياق، مەن ئوغرى، بەربىر ئۇنىڭ پۇلىنى ئوغرىلىماقچى ئىدىم! گۈلئايشەم ئورنىدىن تۇرۇپ يىغلاپ تۇرۇپ سۆزلىدى .

ــ گۈلئايشەم ! ــ ئىچكىرىدىن روزاخۇن يۈگۈرۈپ چىقتى ــ كىچىككىنە قالدىم، باللارنىڭ سەۋەنلىكى، جورسىلە، ھارۋا ئەكەلدىم .

گۈلئايشەم روزەكباينىڭ سىغىنىش، مۇھەببەت يالقۇنجاپ تۇرغان كۆزلىرىگە قارىدى، ئۇنىڭ قەلبىنىڭ چوڭقۇر يېرىدە ساددا دېھقانغا بىر خىل يېڭى تۇيغۇ پەيدا بولدى، گۈلئايشەم تۇنجى قېتىم كۆرۈۋاتقاندەك بوۋايغا قارىدى، بوۋاينىڭ يالغۇز بورنىلا ئەمەس، ھەممىلا يېرى گۈلئايشەمگە چىرايلىق كۆرۈندى .

ـ سىزنى دەپ ئات ـ ھارۋا قىلدىم . سودىلىرىڭىزنى تولۇق ئالدىم، توك چىقىرىدىغان ماشىنا ئالدىم، ئەكىلىشكە ئوغۇل قەشقەرگە كەتتى، قېنى ھارۋىغا چىقىڭ.

گۈلئايشەم يەرگە قارىدى، ئۇ ھازىر يالىڭاياق ئىدى. ـ پىيادە كېتىلى.

ـ نېمىشقا؟

ـ مۇڭداشقاچ.

گۈلئايشەم شۇنداق دېدى ـ ، يالىڭاياق پۇتلىرى بىلەن يېزا يولىنىڭ يۇمشاق توپىسىنى دەسسىدى.

ئېھ ، توپىلىق يول ، گۈلئايشەمگە پايانداز بول !

1984ـيىل 6ـئاي . مەكىت
1984ـيىل 14ـ ئۆكتەبىر . ئۈرۈمچى
( ئىككىنچى قېتىم ئۆزگەرتىلدى )

( شىنجاڭ ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى 1985ـيىلى نەشىر قىلغان « جىگدىلەر پىچىرلايدۇ » ناملىق توپلامدىن ئېلىندى. «دولان مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنىڭ 2014ـيىللىق 2ـسانىغا تەۋرروك ئەسەرلەر قاتارىدا بېسىلدى )

www.kitaphumar.com

# دولان ياشلىرى

**(ھېكايە)**

**زوردۇن سابىر**

(1)

جۇۋان ئايلام، چوكان ئايلام،
سېنىڭ مەھەللەڭگە بارمايمەن.
سېنىڭ مەھەللەڭگە ماڭغاندا ،
شاپاشلاپ زادى ھارمايمەن.

پالتاخۇن ھەر ۋاقىت تامىقىدىن كېيىن مۇشۇ قوشاقنى ئېيتاتتى. سىم باياۋان، بوم باياۋان، خۇدەك باياۋان مۇقاملىرىنى ئېيتقاندا ئاقۋاش، قارا كۆز، ئۇزۇن چاچ ئاسخان موماي قىلىۋاتقان ئىشىنى توختىتىپ، زوقى بىلەن تىڭشايتتى. بەزىدە ئەگىشىپ غىڭشىپمۇ قوياتتى. جۇلا مۇقامىغا سېلىپ ئېيتقاندا بولسا، ئاسخاننىڭ يۈرەكلىرى ئويناپ كېتەتتى. ئۇ ئىختىيارسىز قىزلىق مەزگىلى بىلەن خوشلاشقان كۈننى ئەسلەيتتى!

سېكىلەك قويغان چېچىنى 16ئۆرگەن 16ياشلاردىكى گۈزەل قىزچاقنى ئات كەينىگە مىنگەشتۈرۈپ، ئېغىزدۇرۇق جايغىيىدىن ئىككى يىگىت تۇتۇۋېلىپ، ئاتنى يېتىلەپ ماڭدى. ئاسگۈل چۈمپەردە ئىچىدە تۇرۇپ كەينىدىكى ھارۋىدا ئولتۇرۇشقان يىگىتلەرنىڭ قالۇن، غىجەك، دولان راۋابى ۋە داپلارنى چېلىپ ئېيتقان جۇلا مۇقامىنى ئاڭلاپ ماڭدى. ئۇ كۈنى گويا پۈتۈن دولانلىقلار بىرلىشىپ جۇلا مۇقامىغا تىۋۋلاپ، ئاسخاننى كۆچۈرۈپ ماڭغاندەك بىلىنگەنىدى. يىگىتلەر قىزنى ئاشۇنداق قىلىشىپ ھوجرىسىغا ئۇزىتىپ كېلىشتى. ئۆيگە كەلگەندە، ئۇنى ئاتتىن چۈشۈرۈپ، تۆت بۇرجىكىنى تۆت قاۋۇل يىگىت تۇتۇپ تۇرغان كىگىزگە تاشلىدى. يىگىتلەر كىگىزنى يۇقۇرى-تۆۋەن سىلكىشتى. ئاسگۈل شۇ كىگىز ئۈستىدە پالتاخۇن بىلەن تۇنجى قېتىم ئىرماش-چىرماش بولغانىدى.........

تويى بولۇپ ئالتە ئاي بولغاندا، يەنە مەرىكە بولدى. قىزنى قولىدىن يېتىلەپ ئاتا - ئانىلىرى ھەمدا ۋە كۆپچىلىك توپلانغان سورۇنغا ئېلىپ چىقتى. ئاتا-ئانىلىرى بۇغداي،

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى



قوناق، پاختا ئېلىپ چىقىپ، قىزنىڭ بېشىدىن ئۆرۈدى-دە، ئۇنى سازچىنىڭ ئالدىغا قويدى. بۇ چاغدا مۇڭلۇق جۇلا مۇقامى ئېتىلدى. قىز ئۇسۇلغا تەكلىپ قىلىندى. قىز سورۇنغا چۈشكەندە، يىگىت بېشى ئۇنىڭ يۈز ياغلىقىنى ئېلىۋەتتى. مەيداندىكىلەر "ۋاي "دەپ قىلىشتى. شۇندىن تارتىپ ئۇنىڭ يۈزى يېپىلماي كېلىۋاتىدۇ. ئانىسى ئۆرۈپ قويغان 16ئۆرۈم چىچى ئىككى ئۆرۈم بولۇپ ئۆرۈلۈپ كېلىۋاتىدۇ. ئاسخان قىزلىق ھاياتىدىن مۇشۇ جۇلا مۇقامى تەنتەنىسى بىلەن ئەنە شۇنداق خوشلاشقان، 45 يىلدىن بېرى تالاي مەشرەپلەرنى، تالاي تويلارنى كۆرۈشتى. لېكىن ئۇسۇل بىلەن ناخشىغا بولغان تەشنالىقى زادىلا قانمىدى.

بوۋاي ھەر ۋاق تامىقىدىن كېيىن غىڭشىپ ناخشا ئېيتقاندا، مومايىنىڭ جېنى يايراپ كېتىشىنىڭ سەۋەبى ئەنە شۇ.

بۈگۈن پالتاخۇن قازاندا قايناۋاتقان كوجىغا يالت قىلىپ قاراپ قويدى-دە، جۇلا مۇقامىنى باشلىۋەتتى. مەزىلىك توخۇ گۆشى، كۆكۋاش قوناق سۈتى بىلەن ئېتىلگەن كوجا بوۋاينىڭ ياخشى كۆرىدىغان تامىقى ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ، جۇلا مۇقامىنى كۆڭۈلدىكىدىن ئۈنلۈكرەك ۋە ھېسسىياتلىق قىلىپ ئېيتتى. موماي كۆزلىرىنى خۇمارلاشتۇ-رۇپ بوۋىيغا قارىدى-دە،سۇپىغا تاۋار كۆرپە سالدى.

ئەجرى بىلەن ئەتكەن تامىقنى بىر ئۆيلۈك جەم بولۇپ، ئىشتىھا بىلەن يەيدىغانلىقىغا مومايىنىڭ كۆزى يەتتى.شۇڭا ئۇ خۇشال ئىدى. ئۆيگە كىرىپ كىتاپ ئوقۇۋاتقان ئوغلىنىڭ قەينىكىگە نوقۇدى-دە:

— تۇرغىن بالام، ئاش پىشتى،— دەپ پىچىرلىدى.

ئوغلى قوپال ئاۋاز بىلەن ۋارقىرىدى:

— كەچكىچە مۇقام، كەچكىچە ناخشا!— دېدى ئۇ ئانىسىغا ئالىيىپ،— قۇلاق -مىڭەمنى يەپ كەتتىڭ يا!

— كىتاپ ئوقۇشۇڭغا دەخلى بولدىمۇ —يا بالام،—دېدى ئانىسى يېلىنىش بىلەن ئوغلىغا تەلمۈرۈپ، —ماقۇل، ئېيتمىسۇن، 45 يىل ئېيتىپتۇ، كۆڭلىمىزنىمۇ ئېچىپ بولغان بىز، سەنلا خۇشال بولساڭ سېنىڭ دېگىنىڭ بولسۇن، داداڭ ناخشا ئېيتمىسۇن!

— ئېيتمايمىشمەن تېخى!— دېدى بوۋاي ئاچچىق بىلەن ئايلىنىپ،—ناخشا ئېيتمىغانغا خۇشال بولسا، مەن ئۆلگەندە خۇشال بولۇۋالسۇن، بۇنىڭ بەدىنىدە دولانلىقنىڭ قېنى يوق!

— نېمە؟—دېدى ئوغلى چىچىلىپ،— دۇنيادىكى ئىلغار مەدەنىيەتنى بىلمەيسەن. دولانلىقنىڭ كونا مۇقامىنى يىغى دەۋرگە تاشماقچى بولسەن، بۇ گۈزەل باغقا كاۋا تېرىغاندەكلا بىر ئىش.

ــ شۇنىڭغا خاپا بولدۇڭمۇ تېخى بالام!ــدېدى ئانىسى تىترەپ تۇرغان قوللىرى بىلەن ئوغلىنى سىپاپ،ــبولدى ، دېگىنىڭ بولسۇن، داداڭمۇ ئېيتمىسۇن، مەنمۇ خۇشال بولمايلا قويامدىم، قاپىغىڭنى ئېچىپ يۈرگىنە ئوغلۇم!

ئانىنىڭ ئۆز خۇشاللىقىنى، راھىتىنى ئوغلىغا ئاتا قىلىشى ھەتتا ئوغلىنىڭ بىر مىنۇتلۇق ئارامى ئۈچۈن ئۆزىنى ئېغىر ئازاپلارغىمۇ تۇتۇپ بېرىشكە تەييار ئىكەنلىكى، ياش يىگىتنىڭ يۇمشاتقان ۋە ئۇنى مەجبۇرەن بولسىمۇ كۆلۈمسىرەتكەنمۇ بولار ئىدىيۇ ، بىراق بوۋاي ئۆزىنى بېسىۋالالمىدى:

ــ شۇنداقلىقىڭدىن ساقلىنىڭ بىر باغ بېرىدەك بولغىچە لايىق تاپالماي يۈرىسەن! بىلەمسەن، مېنىڭ بايلىقىممۇ، خۇشاللىقىممۇ ناشا بىلەن ئۇسۇل، ناخشىسىز، ئۇسۇلسىز ئۆتكەن كۈنلۈم سىرتماقتا تۇرغاندەك ئازاپلىق! سەن تېخى پۈتۈن دولانلىقنى زېرىكتۈرگىنىڭنى ئاز دەپ مېنىمۇ گۆرگە ئىتتىرمەكچىمۇ؟ مېنىڭ پۈشتۈمدىن تامغان بولساڭ كاۋا-پاۋا دېيدىغان گەپلەرنى دولان دەرياسىغا ئېقىتىۋەت! دولانلىقتەك ئادەم بول!

ــ ئازار بەرمىسلە ! مېنى ئايىسلا !ــموماي كۆزىگە ياش ئېلىپ بوۋايغا يالۋۇردى،ــ مۇنداقمۇ بالا ئەمەستى، بىلىكىگە قىزىل تاقاپ، ئۇنىمۇ-بۇنىمۇ كونا دېگۈزۈپ، ئۇسۇل بىلەن ناخشىغا ئۆچ قىلىپ قويدى بالىنى، مىجەزىمۇ بۇزۇلدى......

بوۋاي ساقلىنى تۇتاملاپ نېمە قىلارىنى بىلمەي قالدى.چۈنكى ئۇ 45 يىللىق ھەمرىيىنى قانداق كۆيۈپ-پىشىپ ئالغان بولسا ،ھېلىمۇ شۇنداق ياخشى كۆرەتتى.ئۇنىڭ دېگىنىنى قىلماسلىقتا بوۋاي بىقۇۋۋەت ئىدى.ئۇ ھويلىغا چىقتى.موماي ئۇنى كۆرپىگە ئولتۇرغۇزدى.ئۇلارنىڭ كۆزى ھامان ئوغلىدا ئىدى،ئۇغلى ئورنىدىن تۇردى-دە،ۋېلسىپىتنى دوڭغاسلىتىپ تالاغا ماڭدى.موماي ئۇنى توسىدى:

ــ ئوغلۇم...... سېنى دەپ توخۇ يۇڭزىلاپ،كۆكۈۋاش ئېزىپ......لېكىن ئوغلى ھويلىدىن چىقىپ كەتكەن ئىدى.

ــ بالىنىڭ مىجەزى يوق،ئۈچ-تۆت كۈن بولدى،غىزاسىمۇ كېمىيىۋاتىدۇ،ــدېدى ئانا كۆز يېشىنى يەڭلىرى بىلەن ئېرتىپ تۇرۇپ،-بىكارغا ئازار بەردىلە!

ــنېمە مىجەزى بولمايتتى، بىرەر قىزغا كۆيۈپ قالغان گەپ! بۇ يىل 27 ياشقا كىردى. ئۇنىڭ بىلەن تەڭلەرنىڭ بالىلىرى ئىككىگە تاقاشقىدەك بولدى. ۋاي شور پېشانەم! مەھەللىنىڭ نى-نى قىزلىرى ئۇنىڭغا كۆز تاشلىدى.قۇدۇقتىن سۇ ئېلىپ يانغاندا بىزنىڭ ئىشىككە كېلىپ ھېرىپ قالدىغانلار ئاز بولدىمۇ؟ئالتۇندەك قىزلار چىلەكلىرىنى قويۇپ، بىزنىڭ ئىشىككە تەلمۈرۈپ قاراشتى. لېكىن سېنىڭ بۇ كەنجەڭ ئۇسۇل ئوينايدىكىنەي، ناخشا ئېيتىدىكەنەي دەپ ئۇلارغا سىڭايان قاراۋەردى.مانا ئەمدى تۆت بالىسى بار جوۋانلار

www.kitaphumar.com

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

چېغىدا ئۇنىڭغا كۆز قىرىنى سالمايدۇ.ئۇ ئاغرىماي كىم ئاغرىسۇن،ئۇنىڭ ئورنىدا مەن بولسام ئۆلۈپ قالاتتىم!

ــقويسىلا ،ــ دېدى موماي روھى چۈشۈپ يەرگە قاراپ .

ــئەجەپ پىشانىمىز كاجكەنغۇ تاڭ!....

ساندۇقتىكى سارجىلارغا نەچچە قېتىم كۆيە چۈشتى،ھازىر بولسا مەخسۇس قېيىن ساندۇق ياسىتىپ قىممەتلىك تۇيلۇقلارنى ساقلاۋاتىدۇ،موماي ياقۇت كۆزلۈك ھالقا،ئۈزۈكلەرنى ھەر كۈنى ئېرتىپ پاقىرىتىپ قويىدۇ.كۆرسەتمىگەن قولۇم-قوشنىلارمۇ قالمىدى.قول سائىتىنى ھەر كۈنى بىر قېتىم ماگغۇزۇپ تىڭشاپ كۆرىدۇ.قوتاندىكى بېقىلغان قويلارنى نەچچە قېتىم ئىلاجىسىز سويۇۋەتتى.باغ تەرەپكە ياندىشى قىلىپ ياسىغان ئىككى ئېغىزلىق ئۆينىڭ باسما زەدىۋاللىرىنى نەچچە تارتىپ ،نەچچە ئالدى،ئانار گۈللۈك بىر جۈپ گىلەمنىمۇ موماي نەچچە قېتىم يايدى، قاقتى.....

ــئىككى ئېغىز ئۆينى بۇزۇۋېتىمەن ،ــدېدى بوۋاي كوچىنى كۆڭۈلسىز سۈمۈرۈپ قويۇپ، ــئۈچ قېتىم ۋادەك(قۇرما تام)نى يېڭىلاپ توقۇدۇق،10 يىل بولدى،پالتاخۇننىڭ ئوغۇل تويىنىڭ داۋرىقى چىققىلى!قانچىلىغان قىرلار توي ئېشىغا ئېغىز تېگەلمەي ئۆلۈپ كەتتى. ئەمدى يېڭى تويلارنى سانىغاندا ھېچكىم بىزنى ئېغىزغا ئالمايدىغان بولدى خوتۇن، مەن چىدىمىدىم.جامائەتكە نەزىر قىلىۋېتىمەن.مەرىكىسىز ئۆيدىن گۈندىخانا ياخشى. سېنى ئاياپلا ھازىرغىچە كەلدىم خوتۇن،بۇ ئازاپنىڭ چېكى ھېچ كۆرۈنمەيدىيا......

ئۇ خورسىنىپ ئۇلۇغ-كىچىك تىندى.

ــ ئاسىدەمگە ئەلچى كىرگۈزۈپ باقسىلىقمىكىن،ئەجەپ ئۇز،بەلەن بالا بوپتۇ!ــدېدى ئاسخان بوۋايغا يالۋۇرغاندەك تەلمۈرۈپ.

ــ ئاسىدەمگە ئەلچى كەتمەيدۇ،ــدېدى بوۋاي جوشنا تامنى شەرەت قىلىپ،ــ ئۈچ ئاچا-سىڭىلمۇ بىر-بىرىدىن ئۈز ، بەلەن باللار بولغان ئىدى. قوشناڭ قايسى قىزىنى ئاياپ قويغان، ئۆزلىرى ئېغىزلانغاندى،ــيا! گەپ كەنجەگىدە. بىرىنى كەچكىرگىچە ئۇسۇل ئوينايدىغان ئوغلاق دېدى، بىرىنى ئاغزى بېسىلماي ناخشا ئېيتىدىغان ۋىتۋالداق سېغىزخان دېدى، يەنە بىرىنى راۋاپ چالىدىغان ئەركەك-زەدەك دېدى.

ــئاسىدەم تېخىمۇ شوخ،ــ دېدى ئانا قىزنىڭ ئىسمىنى زوق بىلەن تىلغا ئېلىپ،ــبۇ يىللا ئۆگزىدىن ئۆگزىگە سەكرەيدىغىنى قويۇپتۇ.بايا قارىسام قودۇقتىن ئىككى چېلەك سۇنى ئېلىپ كېتىپ بارىدۇ،ئاغزىدا ناخشا، دولىسى بىلەن پۇتى ئۇسۇلغا كېتىۋاتىدۇ. ئۆزۈمچىلا كۈلۈپ تاشلاپتىمەن!.....سىلىچە بىزنىڭ كەنجىۋاي كىمگە كۆيگەندۇ ــھە؟

ــقەمەردەك چۈشىدە شەمشى جانانغا كۆيۈپ قالغاندۇ،360يىللىق يولغا بېرىپ دېڭىلەر شــەھرىدىن شەمشــى جانــاننى ئەكەلگــىچە ســېنىڭ بىــلەن مېنىــڭ تېنىمىــز توپــا بولۇپ،توپىسىدىن كېسەك قۇيۇپ ياسىغان ئۆيلەرمۇ ئۆرۈلۈپ بولىدۇ خوتۇن!..........

تۈزۈك گەپ قىلسىلى-يا!ــ دېدى موماي خاپا بولۇپ.

ئۇلارنىڭ گېلىدىن مەزىلىك كوجىمۇ ئۆتمىدى......

(2)

كەنجى ئۆيىدىن چىقتى-يۇ،ئەمما نەگە بېرىشىنى بىلمىدى. ۋېلسىپىتنى بولۇشىغا تېپىپ، گۇڭشى مەدەنىيەت ئۆيىگە كەلدى. ئۇ مەدەنىيەت ئۆيىدە رەسىم سىزىش بىلەن ۋاقىت ئۆتكۈزمەكچى، ئىچ پۇشۇقىدىن قۇتۇلماقچى ،ئەڭ موھىمى، پۈتۈن ۋۇجۇدىنى ئۆرتەۋاتقان بىر يوشۇرۇن ئوتنىڭ ئازابىدىن ئازراق بولسىمۇ پانا تاپماقچى بولدى.........ئۇ رەسىم جازىسىنىڭ ئالدىغا كەلدى، قولىغا موبىنى ئېلىپ رەسىمگە قارىدى. خۇشاللىق تەنتەنىسى قىلىۋاتقان گۇڭشى ئەزالىرى ــئۆزى سىزىۋاتقان سۈرەتتىكى ئۇنىڭغا قاراپ مازاق قىلىپ كۈلۈۋاتقاندەك، بولۇپمۇ ئاۋۇ ئۇششاق ئۆرۈمە چاچلىرى ئۈستىگە گۈللۈك دوپپا كىيىۋالغان 17ـ18ياشلاردىكى گۈزەل قىزچاق كەنجىنى مەنسىتمەي كۈلۈۋاتقاندەك بىلىنىشكە باشلىدى. ئۇ پەلكۈچنى ئاق بوياققا چىلىدى. قىزنىڭ يۈزىنى بويىۋېتىش ئۈچۈن قولىنى ئاپاردى. قىز يەنىلا كۈلۈپ تۇراتتى.كەنجىنىڭ پەلكۈچ تۇتقان قوللىرى تىترىدى.

ــ ئاسىدە!.......ــ دېدى ئۇ سۈرەتكە قاراپ پىچىرلاپ ،ــبۇ سۈرەتنى مېنىشقا ئاسىدەگە ئوخشىتىپ سىزغاندىمەن، بىرەر يۈز ئادەمنىڭ سۈرىتى ئىچىدە يالغۇز سەنلا ئوبرازلىق، جانلىق سىزىلىپسەن، بۇ نېمە ئىش؟.......جاۋابى ئاددى بۇ سوئالغا ئۇنىڭ جاۋاپ بەرگۈسى كەلمەيتتى. جاۋاپ ئورنىغا ئۈچ كۈن بۇرۇنقى كىچىككىنە ئىشنى ئەسلەپ قويۇش يېتەرلىك، بۇ كەنجى ئۈچۈن ھەمكۆڭۈللۈك ھەم ئازاپلىق بولسىمۇ ،گەرچە.....

**** **** **** ****

كەنجىنىڭ دوستى مۆمنجان ئايالىنى قويۇۋېتىپ ئۈچ كۈن ئۆتمەيلا كەنجىنىڭ ھوجرىسىغا كەلدى:

ــ نېمشقا ئايالىڭنى قويۇۋەتتىڭ!ــدېدى كەنجى ئۇنىڭدىن رەنجىپ.

www.uyghurkitap.com
www.kitaphumar.com

ــ راستنى ئېيتايمۇ؟

ــ يالغىنىمۇ بارمۇ تېخى؟

ــ ئۇنداق بولسا ئاڭلا! مەن 48يۇەن مائاش ئالىدىغان تېخنىك بولۇپ قالدىم. گۇڭشېنىڭ ئېلېكتىر ئىشلىرى مېنىڭسىز يۈرۈشمەيدۇ، ئايالىمچۇ؟ دەرتمەن مەشرىپىدە تېپىشىپ قالغان بىر قىزى قىز. ئۆيىنىغان ئۇسۇلى بىلەن پوتا ئۆيۈندا ئېيتقان بېيىتلىرىگە قاراپ كۆيۈپتىكەنمەن، ئەمدى قارىسام بىر يۇك بولدى. ئالداپ-سالداپ خېتىنى بەردىم. ئەمدى چېكىپ يۈرۈپ ئالىمەن، پۇل دېسە بار، قولۇمنى نەگە سۇنسام شۇ يەرگە يېتىدۇ.

ــنۇمۇس ئەمەسمۇ؟ــدېدى كەنجى ئاچچىق بىلەن،ــمۇنداق قىلساڭ مۇھەببەت دېگەننىڭ قانداق قىممىتى بولىدۇ ساڭا؟

ــ ئەخمەق،ــدېدى مۆمىنجان ئۇزۇن چاچلىرىنى كەينىگە تاشلاپ،ــئەر كىشىدىمۇ مۇھەببەت بولامدۇ،كۆيۈپ-پىشىش قىزلارنىڭ ئىشى،ئەرنىڭ ئىشى تاللاش،كۆرۈپ قالسەن، ئون كۈنگە قالماي مۇنۇ قوشناڭ ئاسىدەمنى قولغا چۈشۈرىمەن. ئۇنى قولغا چۈشۈرۈۋالسام پۈتۈن خەقنىڭ ئاغزى ئېچىلىپ قالىدۇ. نېمىشقا دەمسىنا، سەۋەبى: بىرىنچىدىن، ئۇ قىز ئەقىللىق؛ ئىككىنچىدىن،كۆرۈپ تۇرىسەن چىرايلىق؛ ئۈچىنچىدىن، مائاش ئالىدۇ، تۆتىنچىدىن......

ــبولدى قىل! مەن سېنى ئادەم دەپ دوست بولۇپ يۈرۈپتىمەن،باشقىچە بىرنېمە ئىكەنسەن؟

مۆمىنجان كەنجىنىڭ تاتىرىپ كەتكەن چىرايىنى كۆرۈپ چۆچۈدى-دە:

ــپاھ،سېنىڭ تەۋازۇلىقىڭنى،چاقچاق،يالغان ئېيتتىم.راستىنى ئېيتسام ،مەن ئۇزۇندىن بېرى ئاسىدەمگە كۆيۈپ يۈرۈۋاتىمەن،بىر ئامال قىلىپ ئۇنىڭ ئۆيىگە ئەكىرگىنە،قىز مېنى كۆرسىلا كىيىكتەك ئۈركۈپ قاچىدۇ!

ــ نېمىشقا؟

ــ كۆزلىرىمنى ئۈزەلمەي قالىمەن-دە.

شۇ سۆھبەتتىن كېيىن كەنجى ئاسىدەمگە كۆز سالىدىغان بولۇپ قالدى.مۆمىنجان ھەر كۈنى كېلىۋەردى. كەنجى ئاسىدەنى بۇ كازاپ يېگىلىدۇرۇپ كەتمىگىيدى، دەپ ئەنسىرەيدىغان بولۇپ قالدى. بىر كۈنى ئاسىدەنىڭ مۆمىنجانغا چىلەك بىلەن سۇ چاچقىنىنى كۆرۈپ قالدى-دە، قىزغىنىش ھەم قىزنى مۆمىنجاندىن ساقلاپ قېلىش نىيىتى بىلەن: «ئۇ خوتۇننى قويۇۋېتىپ قىزلارغا كۆز سالالايدۇ-يۇ،مەن نېمىشقا قورقىمەن، مەنلا ئېغىزلانسام ئاسىدە جەزمەن ماقۇل كۆرىدۇ.قېنى ئۆزۈمنى بىر سىناپ كۆرەي،قىزلارنى جەلپ قىلالىغۇدەك يىگىتلىك كۈچۈم تۈگىدىمۇ-يوق!»دەپ ئويلىدى.

قىز-يىگىتلەر قۇدۇق بېشىدا سۆزلىشىدۇ، چاقپەلەكنى تالاشقان بولۇپ ،بىر-بىرىنىڭ بىلەكلىرىنى تۇتۇشۇپ، ياشلىق تىلەكلىرىنى بايان قىلىشىدۇ. كەنجى چىرايلىق ياسىنىپ، پاكىز يۇيۇنۇپ، ئەپكىشىنى مۈرىسىگە سېلىپ قۇدۇق بېشىغا باردى. ئۇ ئاسىدەنىڭ چىلەك كۆتۈرۈپ چىقىپ كەتكىنىنى كۆرگەنىدى. كەنجى قۇدۇق كاجۇسى ئۈستىدە تۇرۇپ چاقپەلەك پېقىرىتىۋاتقان قىزغا قاراپ:

- ئاسىدە، نېمانداق بىر قولۇڭغا بىلەيزۈك، بىر قولۇڭغا سائەت تاقىۋالدىڭ؟ ــ دېدى. كۆندە نەچچە قېتىم دىدارلىشىپ، ئايلار ئۆتسىمۇ بىر ئېغىز گەپ قىلمايدىغان سىپايى يىگىتنىڭ سوئالى قىزنى ھەيران قالدۇردى.

- پاھ، كەنجى ئاكا، سىزمۇ قىزلارغا سەپ سالىدىكەنسىز -ھە؟-دېدى قىز شوخلۇق بىلەن چاچلىرىنى كەينىگە تاشلاپ.

ــ بىلەيزۈكىڭگە قاراپ بالىمىكىن دېسەم ، سائەت تاقاپسەن، چوڭ بولغان ئوخشىمامسەن؟

ــ كىنوغىمۇ، مەشرەپكىمۇ بارماي كۆن ئۆتكۈزگىنىڭىزگە قاراپ بوۋاي بولۇپ قالدىمىكىن دېسەم تېخى قىزلارغا زەڭ قويۇپ يۈرۈپسىز، ياش ئوخشىمامسىز؟

- تولا شېتىلىلىق قىلما- دېدى كەنجى قىزنىڭ بىلىكىدىن تۇتۇۋېلىپ، ــ بىردەمدىن كېيىن چېتىنىڭ يېنىغا كەلگىنە، ساڭا بىر موھىم گېپىم بار،كېلەمسەن؟

- مۇشۇ يەردە يېرىمىنى بولسىمۇ ئېيتىڭ!-دېدى قىز قولىنى تارتىپ.

- ماقۇل، گەپنىڭ بېشى شۇ، ئۇسۇل ئويناشنى، ناخشا ئوقۇشنى تاشلايسەن!

- پاھ، تېخى!- دېدى قىز يانپېشىغا ئۇرۇپ، ـھېلىمۇ ياخشى كۆزلىرىڭنى ئويۇپ ،ماڭا بېرىسەن ،دېمىدىڭىز،ھا-ھا-ھا.....قېنى ئاندىن كېيىنچۇ؟

- قالغىنىنى چىت تۈۋىدە ئاڭلايسەن!......

كەنجى بېغىغا چىقتى. چىت قىلىپ تىكىلگەن جىگدىلەرنى ئاخىرىغىچە ماڭدى. ئاسىدە كۆرۈنمىدى. چىتلار ئارىسىدىن بوينىنى سوزۇپ ھويلا ۋە باغلىرىغا قارىدى. ئاسىدە يوق. ئۇقىزنىڭ ئەخمەق قىلغانلىقىدىن خاپا بولۇپ ياندى. تۇيۇقسىزلا ئامۇت دەرىخى ئۈستىدىن بىر تال توك ئامۇت چۈشتى ۋە كەينىدىنلا قىزنىڭ جاراڭلىق كۈلكىسى ئاڭلاندى:

- ھە، ئېيتىڭ-دېدى قىز ئامۇت شېخىدىن پەسكە قاراپ تۇرۇپ،ئۇ يىگىتنىڭ كۆزىگە شاخلار ئارىسىدىن غىپ-پال كۆرۈنگەن ئايدەك بىلىندى- ئۇسۇل بىلەن ناخشىنى تاشلاپ نېمە قىلىمەن؟

- تۆۋەن چۈش، ساڭا ۋارقىراپ ئېيتىدىغان گەپمىدى ئۇ؟

www.kitaphumar.com

- ئېيتىڭە-دېدى قىز- مۇشۇ شاختا ئولتۇرۇپ قۇشلار بىلەن بىللە ئاڭلاي.

يىگىت ئۆز بېشىغا ساڭگىلىغان ئامۇت شېخىغا قارىدى.

- شاخ يېرىلىپ بېغىمغا چۈشسىغۇ گەپمۇ لازىم بولمايتتى......ئاسىدە....ساڭا بىر يىگىت ئاشىق بولۇپ قاپتۇ.لېكىن سېنىڭدىن ئۇسۇل ئوينىماسلىقنى ،ناخشا ئوقۇماسلىقنى تەلەپ قىلىدىكەن!- دېدى كەنجى تەكەببۇرلۇق بىلەن گەپنى ئوچۇق قىلىپ.

قىز پۇتۇن مەھەللە ئاڭلانغۇدەك قاقاقلاپ كۈلدى.

- بىلىمەن- دېدى ئۇ قوشۇمىسىنى تۈرۈپ- ناخشا بىلەن ئۇسۇلنى يامان كۆرىدىغان ئادەم مەھەللىمىزدە بىرلا!سىز ئۇنىڭغا ئېيتىپ قويۇڭ.ئۇنىڭ قىزىققۇچىلىكى يوق. دولان قىزلىرى ئۇنىڭغا بۇت ،دەپ لەقەم قويۇپتۇ.ھا-ھا-ھا....... قىز شۇنى دېدى -دە،شاختىن سەكرەپ چۈشۈپ كېتىپ قالدى.كەنجى تۇرغان يېرىدە قېتىپ تۇرۇپلا قالدى.ئۇ قىزدىن بۇنداق جاۋاپنى كۈتمىگەن ئىدى.

ئەتىسى گۇگشي بويىچە ئىلغار ياشلارنىڭ ئۇچرىشىش يىغىنى بولدى. يىغىندىن كېيىن دولان مەشرىپى بولدى، كەنجى ئاساسلىق نەمۇنچىلارنىڭ بىرى بولغاچقا، گۇڭشي رەھبەرلىرى ئالدىدىن كېتىشنى ئەپ كۆرمىدى.مەشرەپتە مۆمىنجان ئاسىدەنى ئۇسۇلغا تارتتى. ئۇلار بىر-بىرىگە بېقىشىپ ئويىنىدى. مۆمىنجان كەنجىگە قاراپ-قاراپ قويىدى. كەنجىنىڭ ۋۇجۇدىدا بىر خىل ئوت يېنىشقا باشلىدى.ئۇنىڭ كۆزىگە ئالدىدا ئۆسكەن ئاسىدە بىر كۈندىلا تەڭدىشى يوق چىرايلىق، ھەركەتلىرى نەپىس،ئاۋازلىرى يېقىملىق باشقىچىلا بىر سىرلىق قىزغا ئايلىنىپ قالدى.

شۇ كۈندىن باشلاپ كەنجىنىڭ ئۇيقۇسى كېمەيدى، تامىقى ئازايدى، گەپ خۇشياقمايدىغان، خىيالچان بولۇپ قالدى. ئۇ يېرىم كېچىدە بېغىغا چىقىپ ، چىت تام ئارىسىدىن ئاسىدەلەرنىڭ بېغىغا، ھويلىسىغا ۋە ئۆي دەرىزىلىرىگە ئۇزاق قارايدىغان بولۇپ قالدى.

***** **** ***** ***** ****

ئۇ قىزنىڭ سۈرىتىگە ئۇزاق تىكىلىپ قارىدى. ئاق بوياق بىلەن بويىۋېتىش ئورنىغا موبىنى قارا بوياققا تەككۈزۈپ،ئۇنىڭچىرايلىق قۇلاقلىرىغا ياراشقان سېكىلەكلىرىنى قېنىڭ بويىۋىدى، قىزنىڭ ئالتۇن ھالقا ئاسقان قۇلىقى خۇددى قويۇق يوپۇرماقلار ئارىسىدىن ماراپ تۇرغان چىرايلىق غۇنچىغا ئوخشاپ قالدى.

«ئاسىدە، سىنىڭ قايسىلا ئەزايىڭنى سىزسا بىر سەنئەت، بۇ رەسىم نەشىر قىلىنىپ قالسا، نۇرغۇن ئادەملەرنىڭ سىنى كۆرگىسى كېلىشىدىن قورقىمەن......» ئۇ ئاسىدە بىلەن خىيالىدا مۇڭدىشىپ، قولىدىكى موبىنى رەسىم جازىسى ئۈستىدە يورغىلاتتى. قانچىلىك ئىشلىگىنى بەلگىسىز. دادىسىنىڭ سۆزىنى ئاڭلىغاندىن كېيىنلا ئېسىگە كەلدى:

- ئۆزۈڭ يېمىسەڭ مەيلى،-دېدى دادىسى ئۇنىڭغا قاتتىق ۋارقىراپ تۇرۇپ،- ئاناڭمۇ غىزا يېمىسە، ماڭ ، ئاناڭنى ئايا بالام! ماڭ يۈگۈر، تامىقىڭنى يە، ئاندىن كېيىن مەتيا راۋاپىنىڭ پېشىگە يېپىش، ساڭا ئۈسۈل ئۆگىتىپ قويسۇن.

كەنجى ئورنىدىن تۇردى. ئىشخانىغا كەچكى تاماقتىن كېيىن رەسساملار، تاماشىچىلار كىرىشكىلى باشلىغانىدى. ئۇ دادىسىدىن خەلقى-ئالەم ئالدىدا بىرىگە ئاشىق بولۇپ يۈرگىنىنى ئاشكارىلاپ قويمىغىدى، دەپ ئەنسىرەپ تالاغا چىقىپ كەتتى.

دادىسى ئوغلىنىڭ كەينىدىن قاراپ خۇرسىندى:

- ھەي ، ياشلىق! ئاشىقلىق نېمە كويغا سالمايدۇ-ھە؟

(3)

ئارىدا بىر ھەپتە ئۆتتى. كەنجىنىڭ ياڭاقلىرى چاپلىشىپ، كۆزلىرى ئولتۇرۇشۇپ كەتتى. ئۇ ئەتىگەن تۇرۇپ ئېتىزغا كېتەتتى. چۈشتىمۇ كەلمەيتتى.كەچتە كېلىپلا چالا-بۇلا غىزالىنىپ مەدەنىيەت ئۆيىگە كىرىپ رەسىم سىزىش بىلەن ۋاقىت ئۆتكۈزەتتى. ئۇنىڭ قۇلىقىغا ماختىغۇچىلارنىڭ ئاۋازلىرىمۇ، مەسلىھەتچىلەرنىڭ پىكىرلىرىمۇ سوغاق ۋە يېقىمسىز ئاڭلىناتتى.كىمدۇ بىرى ، ھېلىقى قىزنىڭ سۈرىتىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ:

ــ ئاسىدەگىلا ئوخشىتىپ قويۇپسەنغۇ ــ دېگەندىلا ئۇ بېشىنى كۆتىرىپ ئۇنىڭغا كۈلۈمسىرەيتتى ۋە:

ــ ئاسىدەدىن باشقا چىرايلىق قىز يوقمىدى ؟ــدەپ قوياتتى.

ــ بولدى، چەتئەللەرگە چىقىرىلىدىغان دېھقانلار رەسىملىرىگە سىنىڭ ئۇ رەسىمىڭ تاللىنىدۇ. يۈر، دۇنيادا سىزىشتىنمۇ كۆڭۈللۈك ئىشلار بار، مەن سىنى سەگىتىپ ئەكېلىمەن! ــ پاكار بويلۇق، خۇشپېئىل يىگىت ئۇنى بىلىكىدىن تۇتۇپ تالاغا سۆرىدۇ.

ــمەتيا ئاكا، چىشىمغا تەگمىگىنە!ــدېدى كەنجى ئۇنى سىلكىپ تۇرۇپ،ــ سىنى كۆرسەم 40 يىللىق قوقۇغۇم ئۆرلەپ، سېرىق تۈكلىرىممۇ تىك بولۇپ كېتىدۇ!

ــ مېنىڭمۇ سىنى كۆرسەم جەھلىم قاتىدۇ. لېكىن داداڭنىڭ تەلىپى، ئاناڭنىڭ ئىلتىماسى، قېرىلارنىڭ رايىغا بېقىپ قايتىدىن سىنى دولانلىق قىلىشقا بەل باغلىدىم!

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

ــ سېنىڭسىزمۇ مەن دولانلىق!ــدېدى كەنجى، ئۇنىڭ يېپىشقان قوللىرىنى سىلكىپ تۇرۇپ، ــسېنىڭ دەسسىگەن يېرىڭگە ئايىغىم تەگسە، پۇتلىرىمنى يۇيۇپ ياتىمەن مەتيا، بېتەر. قوللىرىمنى خېلى بىزەپ قىلدىڭ. ئەمدى يىراقراق تۇرغىن!

مەتيانىڭ قوللىرى ئىختىيارسىز تىترىدى، كەنجى قانچە قېتىم بۇ گەپنى قىلدى: سېرىق ناخشا-ئۇسۇل تارقاتقۇچى، فېئودالىزىم تەرغىباتچىسى دەپ سازايى قىلغاندىمۇ، چوڭ يىغىندا سۆزلىگەن سۆزلىرىدىمۇ، مىنبەردىن لېنىڭ ليەنجاڭى نامى بىلەن قىلغان ئايرىم سۆھبەتلىرىدىمۇ، ئۇرۇمچىدە نەزەربىيە كۇرسىغا بېرىپ كېلىپ ياشلارغا قىلغان ئۆگىنىش دوكلاتلىرىدىمۇ، كەنجى هامان مەتيانى بىرمۇ يارامىلىق يېرى يوق، ئەمگەكتە، ئۆگىنىشتە، ئەخلاقتا ھەتتا يۇرۇش-تۇرۇشتىمۇ سەپتىن چىققانلارنىڭ ۋەكىلى قىلىپ كۆرسەتكەنىدى. مۇشۇ بىر يىلدىن بېرى مەتيا كەنجىنىڭ ئەيىبلەشلىرىدىن خېلى قۇتۇلۇپ قالغانىدى. مانا بۈگۈن يەنە ئاڭلىماقتا.

مەتيا ئەلىمنى ئىچىگە يۇتۇپ كۈلۈمسىرىدى:

ــ ھەي پالتاخۇن ئاكا، سېنىڭ بىلەن دوست بولغىنىمغا ئەمدى پۇشايمان قىلىۋاتىمەن، بۇنداق بالاڭ بارلىقىنى بىمىشقا دائىم ئېسىمدىن چىقىرىپ قويىمەن ھە؟ ئۇستازىم پالتاخۇننىڭ يۈز خاتىرىسى جۈمۇ، مەن سېنى سەگىتىپ قويىمەن، يۈر!

قاۋۇل مەتيانىڭ ئامبۇردەك قوللىرى كەنجىنىڭ بىلىكىدىن تۇتۇۋالغان ئىدى. ئۇ كەنجىنىڭ نالىسىگە، قارشىلىقىغا قارىماي، ئۇنى ئۆيىدىن باغقا سۆرەپ چىقتى. ئۇلار باغدىكى شاتۇت دەرىخىنىڭ ئاستىدا زوڭزىيىشتى.

ــ نېمە قىلماقچىسەن مەتيا؟

ــ سېنى دولان ياشلىرىنىڭ قاتارىغا قايتۇرۇپ كەلمەكچىمەن.

ــ قانداق قىلىپ؟

ــ ساڭا ئۇسۇل ئۆگىتىمەن!

كەنجى ئورنىدىن سەكرەپ تۇرۇپ كەتتى ــ دە:

ــ نېمە؟ سەن ئۆگىتەمسەنا؟ بىلىپ قويغىن، سېنىڭ ئىزىڭ چۈشكەن توپىدىن بىر چاڭنىمۇ بەدىنىمگە قوندۇرمايمەن.سەن كىم؟ داڭلىق ئاقانچى،سەن بىرى خورەك تارتىپ بەرسىمۇ ئۇسۇلغا چۈشىسەن! مەن سېنىڭدىن ئۆگىنەمدىمەن؟

ــ دېگەنلىرىڭ راست ئۇكام، مەن ھورۇن، مەن لايغەزەل، ئەمگەكتىن قاچاتتىم، ئۇسۇل ئويناپ، ناخشا ئېيتىپ، داپ چېلىپ يۈرگىنىمگە 33 يىل بولۇپ قالدى، يەنە بىلىپ قوي، مەن مۇشۇ ناخشا-ئۇسۇلنى دوست تۇتۇپ، يەنە 33 يىل ياشىيالايمەن. ئۆلگەندە

نامرنىمغا 10 ئۆستەڭلىك يەرنىڭ ئادىمى كىلىدۇ.سەن شۇ چاغدا مەتيانى تىللىغان ئاغزىڭغا كاچات ئۈرسەن بالا!

مەتيانىڭ چىن يۈرىكىدىن چىققان بۇ سۆزلىرى كەنجىگە تەسىر قىلدى. ئۇ يەنە ئۇنىڭ يېنىدا ئولتۇردى. دېمىسىمۇ مەتيانىڭ ئەيىپلىرىنى يېپىپ تۇرغانمۇ ئاشۇ ناخشىسى بىلەن ئۇسۇلى ئىدى.

ـ مەتيا ئاكا ، سەن بۇندىن كېيىنمۇ ئاقنانچى بولۇپ ئۆتۈۋېرەمسىنا؟ ئۇ ئەيىبىڭنى تۈزەتمەمسىنا؟

ـلېكىن ئەيىپ تۈزىتىشتە سەندىن قالمايمەن ئۇكا، مەنمۇ بىلدىم. ئەمگەكسىز ھايات لەززەتسىز بولىدىكەن. مىنى ئاقنانچى دەيدىغان يالغۇز سەنلا قالدىڭ. مىنىڭ ئەيىبىمنى ئارتۇقچىلىقىم يېپىپ كېتەلەيدۇ.- دېدى مەتيا كەنجىنىڭ مۈرىسىگە ئۇرۇپ،ـ سېنىڭ ئەيىبىڭنىچۇ؟ ئەمگەكتىكى ئىلغارلىقىڭ، خوتۇن-قىزلارغا كۆز سالماسلىقىڭ، يالغان ئېيتماسلىقىڭ، ئۇستا رەسساملىقىڭ، خىزمەتلەردىكى ئاكتىپلىقىڭ، قولۇڭنىڭ ئەپلىكـ لىكى، ئاتا-ئاناڭغا كۆيۈنۈشۇڭ، كىتاپلارغا بېرىلىشىڭ، يەنە ئاللىقانداق ياخشىلىقلىرىڭ زادىلا ياپالمايدۇ. نېمىشقا؟ سەن دولان ياشلىرىنىڭ ئەڭ ياخشى بىر پەزىلىتىدىن مەھرۇمسەن. سەن سەنئەتنى خورلايدىغان ياۋايى تەبىئەتلىكلەرنىڭ خىلىدىنسەن! شۇنىڭ ئۈچۈن سېنى قىزلار ياراتمايدۇ.شۇنىڭ ئۈچۈن مەنمۇ سېنى ياخشى كۆرمەيمەن. بۈگۈن داداڭ بىلەن ئاناڭمۇ سەندىن نەپرەتلىنەكتە....

كەنجىنىڭ بېشى چۈشتى.ئۇنىڭ قۇلىقى تۈۋىدە ئاسىدەنىڭ" قىزلار سىزنى بۇت دەيدۇ، ھا ھا ھا ...."دېگەن كۈلكىسى جاراڭلىغاندەك، دادىسىنىڭ" بەدىنىڭدە دولانلىقنىڭ قېنى يوق" دېگەن سۆزلىرى گۈكىرىگەندەك بىلىنىشكە باشلىدى.

كەنجى يېرىم كېچىدە ئۆيگە قايتىپ كەلدى . ئۇ پۈتنىڭ ئۈچىدا دەسسەپ ھۇجرىسىغا كىرىپ كەتمەكچى بولۇۋىدى ، ئۇۋزۇم بارىكى ئاستىدا سۇپىدا ياتقان ئاتا-ئانىسى تۇيۇپ قالدى :

ـــ كەلدىڭمۇ بالام ! ـــ دېدى مېھرىبان ئانىسى يىنىك ئۇچ تارتىپ .

ـــ مەتيا سېنى ئىزدەپ نەچچە رەت كەلدى ، ـــ دېدى پالتاخۇن تام تەرەپكە ئۆرۈلۈۋېتىپ ، ـــ سېنى قمار ئويناشقا دەۋەت قىلمىغاندىكىن نىمانچە گەدەنكەشلىك قىلىسەن ، بالاموي !

دادىسىنىڭ ئۇيقۇسىرىغانلىقتىن گاراڭ-گۇرۇڭ چىققان ئاۋازىدىن رەنجىگەنلىكى بىلىندى. كەنجى ھۇجرىسىغا كىرمىدى، چاقسىنى ئاستا ئېچىپ باغقا چىقتى. باغنىڭ ئارقا تەرىپى ئەترەتنىڭ چوڭ بېغىغا تۇتىشاتتى، ئۇ، ئەترەتنىڭ ، ئۆزىنىڭ ۋە ئاسىدەلەرنىڭ

www.kitaphumar.com

باغلىرى تۈتىشىدىغان بىر بۇلۇڭغا كىلىپ زوڭزىيىپ ئولتۇردى، ئۇ، قوشنىسىنىڭ بىغىغا قاراپ چوڭقۇر ئۇھ تارتتى دە ــ : «ئاسىدە، سەن تۆنۈگۈن مۇشۇ يەردە تۇرۇپ مۆمىنجان بىلەن پاراڭلاشتىڭ ھە، ھەتتا قاقاقلاپ كۈلدۈڭ، مىنىڭ جىنىمغا تىگىش ئۈچۈن شۇنداق قىلدىڭمۇ ياكى .... » دەپ پىچىرلىدى .

ئۇنىڭ باشلىرى غۇڭۇلدايتى ، كۆزلىرىگە ئىمىر-چىمىر بىر نىمىلەر كۆرۈنەتتى ، ئۇ ھازىر بارلىق شىرىن خىياللاردىن قۇتۇلۇشنىلا ئويلايتى ، چۈنكى نەچچە كۈندىن بىرى مەيلى كېۋەزگە ئىشلىسۇن ، مەيلى رەسىم سىزسۇن ، مەيلى يالغۇز خىيال سۈرۈپ ئولتۇرسۇن ، ئاسىدە بىلەن بىللە بولغاندا قىلىشىدىغان شىرىن سۆزلەر ، كەلگۈسىدە ئۇنىڭ بىلەن بىللە ياشىغاندا قىلىشىدىغان ئىشلار ....، قىسقىسى ، ئۆزى شىرىن ھايات دەپ دەپ ھېسابلىغان ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى ئويلاپ بولغان ، ھەتتا نەچچە قايتۇرۇپ ئويلىغان، بۇ خىياللار ھېسابىغا ئانىسىنىڭ ئارامىنى، دادىسىنىڭ خۇشلۇقىنى قاچۇرغانىدى.

ــ بالام ! ... بالام ! ... ــ ئانىسىنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى .

ــ ئۇ ئەترەتنىڭ بىغىغا چىقىپ كەتتى ــ ، دېدى دادىسى ئەسنەپ تۇرۇپ ، ــ ئارقىدىكى چاقسا غىچىرلىغاندەك قىلدى ــ .

ــ بالا كۆيگەن بولسا ئاسىدەگە كۆيىدى ، ــ دېدى ئانىسى تىترەڭگۈ ئاۋاز بىلەن ،

ــ ئاسىدەگە كۆيگەن بولسا ... ، ــ دېدى پالتاخۇن بىردىنلا خۇشال بولۇپ ، ــ ياخشى بوپتۇ ، ئۇسۇل ئوينىسۇن ، شوخ بولسۇن ، شۇ چاغدا ئاسىدە كەنجەڭگە ياق دىمەيدۇ ، لېكىن كەنجەك ئۇنى قىلالمايدۇ ، ئاسىدە ئۇنى ياقتۇرمايدۇ ! ...

پالتاخۇن ئېغىر خورسىندى ،

ــ ياقتۇرۇپمۇ قالار ، ئىسسىقچىلىق چۈشۈپمۇ قالار ... ــ دېدى ئانىسى مىشىلداپ يىغلاپ ،

بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ تۇرغان كەنجى يەرگە كىرىپ كەتكۈدەك بولدى ، « نىمە بوپتۇ ، ئاتا-ئانامنى ، شۇ قاتاردا ئۆزەمنى ئازاپتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن بولسىمۇ ، مەتيا راۋاپتىن ئۇسسۇل ئۆگەنسەم نىمە بوپتۇ ... » دەپ ئويلىدى ۋە شەپە بىلدۈرمەستىن ئېرىق ئىچى بىلەن ئەترەتنىڭ بىغىغا چىقىدىغان چاقسا تەرەپكە قاراپ مېڭىپ كەتتى ...

(4)

پاراسەتلىك چەۋەنداز ئاساۋ ئاتنى كۆندۈرگەندەك ، سەۋرلىك يىگىت تەكەببۇر قىزنى ئاخىر ئۆزىگە قاراتقاندەك .... مەتيا راۋاپ ئۆزىنىڭ تىرىشچانلىقى ۋە سەۋرچا-

نلىقنىڭ مۇسىنى كۆردى . كەنجى بىگىن كەچقۇرۇن ھاراق ، سامسا ، توغاچلارنى ئېلىپ ئۇنى يوقلاپ كەلدى .

ـــ ئۇسۇل ئوينىغانغا ئاسىدە ماڭا تېگىدىغانلا بولسا ، مەن ئۆگىنەي ، بىشىم بىلەن مېڭىپ بولسىمۇ ئۆگىنەي ، ـــ دېدى كەنجى ئولتۇرۇشۇپ كەتكەن كۆزلىرىنى مۆلدۈرلىتىپ تۇرۇپ ، ـــ مەتيا ئاكا ، ئەمدى تاقىتىم تۈگىدى ، ئۇچ سوتكا بولدى ئۇخلىمىغىلى ، گېلىمدىن سوغوق سۇدىن باشقا ھېچنەرسە ئۆتمەيدۇ ، ئانامۇ مېنىڭ بىلەن تەڭلا قۇرۇپ كېتىۋاتىدۇ ، دادىمۇ ئانامغا قاراپ تۈگىشىپ كېتىۋاتىدۇ . تۆنۈگۈن يەنە مەشرەپ بولدى ، مېنى بۇ ھالغا سالغان قىز قېرىنداشلىرىم مۆمىنجان بىلەن ئۇسۇلغا چۈشتى . ئۇلار بېقىشىپ ئوينىۋىدى ، يۈرۈكىمگە سانسىز تىغلار سانجىلغاندەك بولۇپ كەتتى ، مەتيا ئاكا ، دېگىنىڭنى قىلىپ بېرەي ، ماڭا ئۇسۇل ئۆگەت ، لېكىن بىرىگە تىنما ، پىشقان ئالما شېخىدىن ئۆزى چۈشكەندەك ، ۋاقتى-قەرەلى كەلگەندە مەن ئۆزۈم سەكرەپ چۈشىمەن !ـــ

مەتيا پىيالىگە ھاراقنى تولدۇرۇپ قويدى ۋە يۇمشاق بۇرۇتلىرىنى سىلاپ تۇرۇپ قاقاقلاپ كۈلدى . ئۇ كەنجىنىڭ سارغىيىپ كەتكەن يۈزىگە قاراپ تۇرۇپ :

ـــ سەنمۇ كۆڭلۈڭ تارتمىغان ئىشقا ئۆزۈڭنى مەجبۇرلاۋاتىسەن ، مەنمۇ قونچاققا قېتىق ئېچكۈزگەندەكلا بىر ئىش قىلىۋاتىمەن ، لېكىن ياخشى نىيەت بىلەن دارغىنى ئىرغىتساڭمۇ ئېتىكىڭگە مېۋە چۈشىدۇ ئۇكام ، قېنى ئەمسە باشلايلى ، مەتيا ئاكاڭ پالتاخۇنكامنىڭ سالامەتلىكى ئۈچۈن بىر كۆتۈرۈۋېتىدۇ ، قېنى ، خوشە !

ئۇ ھاراقنى ئىچتى ، سامسىنى يېدى ۋە كەنجىنى بىغىدىكى كۆلچەكنىڭ يېنىغا ئېلىپ چىقتى . ئۇ قولىغا داپنى ئېلىپ :

ـــ ئەمسە سىم باياۋاندىن بىشلايمىز ـــ دېدى دە ، تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ بار ئاۋازى بىلەن مۇقامنى باشلىۋەتتى :

يارىمنىڭ ئېتى ئايخان ،
ئايغا كۆيىدۇ بۇ جان .
كىيگەن كۆڭلىكى ئەتلەس ،
تۈگمىسى سەدەپ مارجان .

مۇقام تۈگىگەندىن كېيىن ئۇ ئالدىرماي ئۇسۇل باشلىدى . ئۇنىڭ قىسقا پۇتلىرى رىتىملىق ئاۋاز بىلەن يەرگە ئەپچىل تېگەتتى ، ئۇ ، ئاۋال بىر خىل ھەركەتنى كەينى-

www.kitaphumar.com

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

كەيىندىن تەكرارلاپ كەنجىنىڭ بىلىكىدىن تۇرتۇپ بىلىپ ئۆز ئىزىنى دەسسەتكۈزۈپ ماڭىدۇ ، كەنجى ئىچ ـ ئىچىدىن خورلۇق ھېس قىلىدى . چۈنكى ئۇ يىگىت بولۇپ يېتىلگەنىدىن تارتىپلا ئۇسسۇل ناخشىلارنى يامان كۆرۈپ كەلگەن . ئۇنىڭغا بۇنداق ھەركەتلەر ، بايىقى قوشاقلار سەنئەت ئەمەس ، بىر خىل ھاقارەتلىك ئىشتەك بىلىنەتتى . ئۇ 1966 ـ يىلى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ 1 ـ يىللىقىنى تۈگەتتى ، شۇنىڭدىن باشلاپ ئۇنىڭ ئۆگەنگەن قايسى بىر كىتابىدا بۇنداق سەنئەت بار دېيىلەر ، كىتابىدىلا ئەمەس ، ئۇنىڭ خەلق ئەسكىرى ، ئىلغار زىياكىي ياش ، ئۆگىنىش نەمۇنىچىسى دېگەندەك ناملارغا ئېرىشىشىدە ، ياكى ئۆز ناھىيىسىدە ، ۋىلايىتىدە ، ھەتتا ئۇرۇمچىدە بولۇپ ئۆتكەن نەزەرىيە ئۆگىنىش كۇرۇسلىرىنىڭ قايسىبىر دەرسىدە بۇنداق دولان ئۇسسۇلىنى «ئىنقىلاپ ئۈچۈن پايدىلىق» دەپ تىلغا ئاپتىكەن . شۇنى ئۆز نۆۋىتى بىلەن ئېيتىپ قويۇشقا بولىدۇكى ، كەنجى سەنئەت نەزىرىيىلىرىنىمۇ خېلى ئۆگەنگەن . سەنئەتتىن سىياسەتنىڭ پۇرىقى چىقىپ تۇرۇشى لازىم .... دادىسىنىڭ كونىنى ياقلايدىغانلىقى ، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇرۇن سېرىق دەپ قارالغان بەزى نەرسىلەرنىڭ سەھنىگە چىقىۋاتقانلىقى .... ئۇنىڭ تىلىنى قىسقا قىلىپ قويىۋاتىدۇ . ئەڭ مۇھىمى ئۇسسۇل بىلمىگەنلىكى ئۈچۈن ئاسىدەنىڭ ئۇنى كۆزگە ئىلمىغانلىقى .... خېپ : « مەتيا ، ساڭا ھاجىتىم چۈشەر دەپ ئويلىمىغان بولغىيتىم ، مانا قارا ، مانا قارا ھايات دېگەن ئادەمنى نىمىلەرگە موھتاج قىلمايدۇ ــ ھە ، ... » ئۇ بېشىنى تۇتۇپ قىرغاققا ئولتۇرىۋالدى ، مەتيا كەينىگە قاراپمۇ قويماي ھەدەپ ئۇسسۇل ئويناماقتا ، ئۇ كەنجىنىڭ ئولتۇرىۋالغانلىقىدىن بىخەۋەر ئىدى .

كەنجى بۇ ئۇسسۇل ئويناۋاتقان ئادەمگە نەپرەت بىلەن قاراپ ئولتۇرۇپ ئۇنىڭ ئۆزى بىلەن ئۇچراشقان ۋاقىتلىرىنى ئەسلىدى :

.... كەنجى 1966 ـ يىلى كۈزدە ئۇرۇمچىدىن قايتىپ كەلدى ، ئۇ ، مەيدىسىگە « فئودالىزىم تەرغىباتچىسى» دېگەن قەغەز مەيدىسىگە چاپلانغان ، بېشىغا ئېگىز قالپاق كىيدۈرۈلگەن ئادەمنى سازايى قىلىۋاتقانىنىڭ ئۈستىگە كەلدى . ئۈستى بېشى توپا ـ چاڭغا مىلەنگەن «تەرغىباتچى» كەچقۇرۇن كەنجىلەرنىڭ ئۆيىگە كىردى ، كەنجى ئۇنىڭدىن يىرگىنىپ :

ــــ نىمە لازىم ساڭا ؟ ــــ دەپ ھومايدى

ــــ كەلگىن مەتيا ، ــــ دېدى دادىسى كەنجىگە ئالىيىپ قويۇپ ، ــــ كەلگىن ، ساڭا غىزا ئېلىپ قويدۇم ، يۇر ئۆيگە !ــــ

كەنجى دادىسغا نارازى بولدى ، « فئودالىزم تەرغىباتچىسى» دېگەن نام بېرىلگەن ئىكەن ئۇنى بۇسۇغىغا يولاتماسلىق كېرەك ئىدى ، دادىم نادانلىقىدىن ئۇنىڭغا شەپقەت قىلىۋاتىدۇ ، دەپ ئويلىدى ئۇ .

دادىسى يالغۇز قالغاندا :

ــــ جەمىيەت تۆكۈرۈپ تاشلىغان نەرسىلەرنى ئەتىۋارلايدىكەنسەنغۇ دادا ، ئۇ بىر جەمىيەتنىڭ سۈپۈرۈندىسى تۇرسا ، ــــ دېدى .

دادىسى 15 ياشلىق ئوغلىغا :

ــــ ناخشى-ئۇسسۇل ، ساز ئۆچۈن گۇناھكار بولىدىغان بولسا مەنمۇ گۇناھكار ، سەنمۇ گۇناھكارنىڭ بالىسى ، نېمىشقا دەمسىنا ئى؟ قانچە گۇناھ بولسا بولسۇن ، ناخشا بىلەن ئۇسسۇلسىز ئۆتكەن كۈنۈم ئاچ قالغان كۈنۈمسىنمۇ بەتتەر كۆڭۈلسىز .... ــــ دېدى .

كەنجىنىڭ ئۇ كۈنى مەتيانى كۆرەر كۆزى بولمىسىمۇ ، دادىسىنىڭ كۆڭلىنى دەپلا ئۇنى ئۆيدە قوندۇردى ... 1971 - يىلى كەنجى ئىلغار خەلق ئەسكىرى ، ئىلغار ئىنتىپاق ئەزاسى ، ئىلغار زىيالىي ياش نامىلىرى بىلەن دوكلات قىلىش ئۈچۈن كوممۇنىلارغا باردى . ئۇ يىراق بىر كوممۇنىدا جۇل-جۇل كىيىملىك ، قولتۇق تاياق تايىنىۋالغان مەتيانى كۆردى . مەتيا كەنجىنى كۆرۈپ :

ــــ داداڭغا سالام دەپ قوي ، مەتيا تېخى ھايات ، ــــ دەپ ۋارقىرىدى ، كەنجى ئۇنىڭ ئۆزىگە گەپ قىلغانلىقىنى بىرى كۆرۈپ قالمىسۇن دەپ دەرھال ئۆزىنى دالدىغا ئالدى . شۇ كۈنى كەچقۇرۇن ناھىيىنىڭ تەشۋىقات ئورنى ئۇيۇن قويۇپ بېرىۋىدى ، ئۇيۇن تېخى يېرىمىغا بارا - بارمايلا ، ئادەملەر تارقىلىشقا باشلىدى . خەلق ئەسكەرلىرى ئادەملەرنى قورال بىلەن توسۇپمۇ توختىتىپ قالالمىدى ، توساتتىن شۇ يەردە راۋاپلىق مەتيا پەيدا بولۇپ قالدى .

ــــ چال ! مەتيا مانا سەنئەت دىگەن ، ــــ دېيىشتى كۆپچىلىك تۇشمۇ-تۇشتىن . مەتيا ئۆزى تۈزگەن قوشاقلارنى دولان مۇقامىغا سېلىپ ئوقۇۋېدى ، كۆپچىلىك بىردىنلا بارىكاللا ئېيتىشىپ ئۇنى ئورىۋالدى . كۆپچىلىك ئۆزلىكىدىنلا مەشرەپ ئۇيۇشتۇرۇپ ئۇسسۇلغا چۈشۈپ كەتتى . ئادەملەر ئۆي-ئۆيدىن ، نە-نەلەردىن كىلىشىپ سەيناغا پاتماي قېلىشتى ،.... بىردىنلا قوراللىق خەلق ئەسكەرلىرى پەيدا بولۇشتى دە ، مەتيانى باغلىدى .

ــــ سېرىق ناخشا ئېيتىپ فئودالىزمنى تەشۋىق قىلدى ، ــــ دېدى بىر خەلق ئەسكىرى .

ــــ كوممۇننى ماختاپ ناخشا ئېيتتىغۇ ، ــــ دېدى بىر دېھقان مەتيانى ماختاپ .

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

ـــ ئاھاقى سىرىق! ـــ دىدى ھىلقى ياش تەكەببۇرلۇق بىلەن گىدىيىپ ـــ فئودالىزىمنىڭ مەدىھنامىسى!...

كەنجى خەلق ئەسكەرلىرىنىڭ سۆزىنى چىن كۆڭلىدىن ماقۇل كۆردى ، چۈنكى ئۇنىڭ سادىق ، ئەمما نادان ۋۇجۇدىغا سىڭگەن تەربىيە ئۇنىڭدا ئاجايىپ بىر قارا كۈچ پەيدا قىلغانىدى ، بۇ قارا كۈچ ئۇنىڭغا ھەتتا پەرىجە-يەكتەك كىيگەنلەرنىمۇ سەت ۋە يىرگىنچلىك قىلىپ كۆرسەتەتتى . كەنجى سۆزلىمەكچى بولدى ، لېكىن دادىسىنىڭ ھۆرمىتى ئۇچۇنلا مەتيانى ئۇچۇق قارىلىمغانىدى ، ئۇ مەتيانى تۇرۇپ كەتكەندىن كېيىن كۆپچىلىكتىن مۇنۇ سۆزلەرنى ئاڭلىدى :

ـــ ئەكسىلئىنقىلاپچى دەپ بىر يىل قامىدى ، ئۇرۇپ پۇتلىرىنى چىقۇۋەتتى ، گۇناچى نىمىكىن ؟ ناخشا ئېيتقان ، ساز چالغان شۇنچە چوڭ گۇناھمىكەن ؟

ـــ ئاغزىمىزنى تىكىۋېتەيلى ، ئاتا-بوۋىلىرىمىزدىن قالغان ئۇسسۇللىرىمىزنىمۇ ئويناتقۇزمامدىكەن ؟

...........

كەنجى خىيالىدىن بېشىنى كۆتۈرۈپ ئۇسسۇل ئويناۋاتقان مەتياغا قىدىرىدى ، مەتيا دولان ئۇسسۇلىنى تەرلەپ-پىشىپ ، زوق بىلەن ئوينىماقتا ئىدى .

بىر، ئىككى، ئۈچ .... ھە ، مانا بۇ چېكىتمە، ئۈچ ماڭدامدىن كېيىن بىقىشىمىز، دەسسە ھە! .... ئاۋال چېكىتمىنى ئۆگىنىمىز ... مانا سىزىپ قويدۇم، قېنى دەسسە، ۋوي، سول پۇتنى ئاۋۋال ...

ـــ مەن سەھنىگە چىقمىغاندىكىن ئانچە مۇنچىلا ئۆگىنىپ قويسام بولدى !ـــ دىدى كەنجى مەتيانىڭ قولىدىن قوللىرىنى تارتىپ .

ـــ نىمە دىدىڭ ؟ سەن مەتيادىن ئۆگىنىدىكەنسەنۇ ، تېخى ئانچە مۇنچىلا ئۆگەنمەكچىما ؟ پالتاخۇن ئاكا پۇتۇن دولان بويىچە بىرىنجى ئۇسسۇلچى . داداڭغا يارىغۇدەك ئۆگەتمىسەم قايسى يۈزۈم بىلەن ئۇنىڭغا قارايمەن ؟ ئەكە پۇتۇڭنى ، مۇنۇ سىزىلغان يەرگە دەسسە ! چېكىتمىنى بىر ھەپتە ، سەنەمنى بىر ھەپتە ، سەنەقەسىنى بىر ھەپتە ، سىيرىلمىنى 10 كۈن ئۆگىتىمەن . بىر ئايدىن كېيىن تولۇق ئۇسسۇلچى بولۇپ چىقىسەن . پۇتۇڭ كەلمىدى ، باشقىدىن دەسسە ، ھە ، .... غولچىڭنى كەڭ كەرگىن ، كۆكرىكىڭنى ئالدىغا چىقار ، ھەمراھىڭ بىلەن كۈلۈپ تۇرۇپ بىقىشىسەن ...

ئۇ كەنجىنىڭ قولىدىن تۇتۇپ ، ئۇ ياق بۇ ياققا ماڭغۇزدى ، تېزىنى ئەگدى ، پىشانىسىدىن نوقۇدى ... كەنجىنىڭ پۇتلىرى تالدى ، پۇتۇن ئەزايى چىلىق-چىلىق تەرلىدى ، ئۇ قاتتىق تەبىئەتلىك يىگىت بولغاچقا ، چىشىنى چىشىغا چىشلەپ مەتيانىڭ

www.kitaphumar.com

دىگىنى بويىچە قىلىۋەردى .... تاڭ يورۇشقا ئاز قالغاندا ، مەتيا ئۇنىڭ مۆرىسىگە قولىنى قويۇپ :

ـــ يالغۇزمۇ ئويناپ باقتىڭ ، پۈتلىرىڭ خېلىلا كىپقالدى ، لېكىن ھەركىتىڭ قوپالراق ، سىلىق ھەركەت قىل ، سەن ئۇسسۇلغا چۈشكەندە پۈتۈن دولانلىق ھەيران قالىدىغان بولسۇن ، كۆرگۈچىلەر ، « پالتاخۇن ئۆلسىمۇ ئۇسسۇلى ئۆلمەيدىكەن » دېيىشسۇن ، مەن سېنى ئاشۇنچىلىك ئويناپدىغان قىلىپ چىقمىسام مەتيا بولماي كېتەي ، ئەتىگەنلىككە يەنە مۇشۇ يەردە ئۇچرىشىمىز ، خەير ! ـــ دېدى .

ئەتىگەنلىكى كەنجى ئىشتىھا بىلەن تاماق يېدى ، بۇنى كۆرۈپ پالتاخۇن بىلەن ئاسخان بىر-بىرىگە قارىشىپ كۈلۈمسىرەشتى .

(5)

تۇرمۇش ئاشۇنداق ، خوشاللىق بىلەن خاپىلىقنىڭ كەلمىكىمۇ ، كەتمىكىمۇ تۇيۇقسىز بولىدۇ .

ئوغلىنىڭ تۇيۇقسىز ناخشا ئېيتقىنىنى ئاڭلىغان ئاسخان ھە دېگەندە ئۆز قۇلىقىغا ئىشەنمىدى . ئۇ چۆنەكلىك ئارىسىدىن بېشىنى كۆتۈرۈپ نېرىغا قارىدى . راستىنلا ئوغلى كەنجى رەسىم سىزىدىغان جازىسىنى چىنار دەرىخىگە يۆلەپ قويۇپ ، چالا سىزىلغان رەسىمگە قاراپ غىڭشىپ ناخشا ئېيتىۋېتىپتۇ . موماي بېشىنى ئىرغىتىپ ئۆزىچىلا پىخىلداپ كۈلدى ، لېكىن ئوغلىنىڭ نېمىگە خوشال بولغىنىنى بىلەلمىدى . تۆنۈگۈن ئۇنىڭ سىزغان رەسىمنى تاللاپ بېيجىڭغا ئىرلىپ كېتىپتۇ دېيىشىۋىدى ، شۇنىڭ خوشاللىقىمىدۇ ؟ ياكى ئۇلارنىڭ تەجرىبە ئېتىزىنىڭ بۇغدىيى موسىغا 840 جىڭدىن ھوسۇل چىقىپتۇ دېيىشىۋىدى ، شۇنىڭ مۇكاپاتىنىڭ خوشاللىقىمىدۇ يا؟ بۇنداق ئىشلارغا خوش بولۇپ ناخشا ئېيتىدىغان بولسا ھەر يىلى مۇكاپاتلىنىدۇ ، ھەر يىلى ماختىلىدۇ، شۇ ۋاقىتلاردا ناخشا ئېيتمىدىسمىدى؟ ئۇنىڭ ئۇستىگە ئوغلى ناخشا ئېيتىسىمۇ « 3 چوڭ ئىنتىزام 8 دىققەت » ناخشىسىنى ياكى « ئىنتېرناتسئونال » نى ، ناھايىتى ئېچىلىپ كەتكەن كۈنلىرى لى يۈيخې نىڭ ناخشىلىرىنى ئېيتاتتى ، بۈگۈنكىدەك دولان مۇقامىغا غىڭشىپ :

چىللاڭ توخۇم ، چىللاڭ توخۇم ،
يارىم ئويغانسۇن .
لەۋلىرىدىن چىشلىۋالاي ،

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىكى تارقىتىشى
ئۇيغۇر كىتاب تورىبىكىتى
www.kitaphumar.com



دەپ ناخشا ئېيتىپ ياققان ئەمەس ، بۇگۈن نىمە بولدى ياكى تېگى يوق خىياللار بالىنى ئىلىپ قويمىغاندۇ ؟...

ئاسىخاننىڭ بېشىدىن بىر چېلەك سوغوق سۇ قۇيۇلغاندەك بولدى . ئۇ ئىختىيارسىز ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ كەتتى : « ئاللا قىقى ، ئارچا ياغىچى ، قوي يىغى بىلەن بۇي سىلىنۇتەيمۇ يە ؟ » دەپ پىچىرلىدى ئانا پەرىشان بولۇپ ، ئانا ئورنىدىن تۇرۇشىغا ئوغلى ئۆزىچىلا قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى ۋە پەلكۈچ تۇتقان قولىنى ھاۋادا پۇلاڭلىتىپ ، پۇتلىرىنى ئىگىشتۈرۈپ سەنەمگە دەسسىگىلى ، كۈلۈمسىرەپ چىنار دەرىخىگە بىقىپ ، ئايلىنىپ ئۇسسۇل ئوينىغىلى تۇردى . ئانا قورققىنىدىن ياقىسىنى تۇتۇپ بىر نىملەرنى پىچىرلاپ ئوقۇپ ھۈرگىلى تۇردى . ئوغلى ئەمدى غۇلاچ تاشلاپ سەنەقەسكە ئايلىناي دىۋىدى ، بىردىنلا قوشنا باغدىن قىز بالىنىڭ قاتتىق كۈلكىسى ئاڭلاندى . ئۇشتۇمتۇت ۋە جاراڭلىق چىققان بۇ كۈلكە ئاۋازىدىن ئاسىخان ئاچا تېخىمۇ چۈچۈدى ۋە بېشى ئايلىنىپ ، ياش نەشپۈت كۆچىتىگە يۆلىنىپ قالدى .

ــــ شەيتان ! ــــ دېدى كەنجى پىشقان ئانارەك قىزىرىپ چىت كەينىگە بوينىنى سوزۇپ قاراپ ، لېكىن قىزنىڭ كۈلكىسى بارغانسىرى يىراقلاپ كەتكەنىدى ، ئاسىخاننىڭ بايىلا قورقۇنچ بىلەن تىترىگەن ۋۇجۇدى ئەمدى بىر خىل ھاياجان ۋە خوشاللىق لەززىتىدىن مەست بولۇپ ئاستا سىلكىندى : « بالامنىڭ تازا جۇپتىنىڭ ئاسىدە ، ــــ دېدى ئانا پىچىرلاپ ، ــــ كۆزۈم تەگمىسۇن ، باللارنىڭ ئارىسىدا ئىسسىقچىلىق چۈشكەندەك قىلدۇ ....» ئانا ئۇتاۋاتقان چۈنكىنى تاشلاپ ، ئۆز خوشاللىقىنى ئىزھار قىلىش ئۈچۈن قوشنىسىنىڭ ــــ ئاسىدەنىڭ ئانىسىنىڭ ئۆيىگە قاراپ يۈگۈردى ...

ئارىدىن يەنە 10 كۈن ئۆتتى . ئاسىخان ئوغلىنىڭ كېچىدە باغدا تۇرۇپ ئېيتقان ئۆنلۈك ناخشىسىنى ئاڭلاپ ، خوشاللىقنى يىنىدىكى ھەمراھى پالتاخۇنغا پىچىرلاپ تۇرۇپ مەلۇم قىلدى :

ــــ بالا ئاسىدەگە كۆز سېلىپ يۈرىدۇ ، قىزنى دەپ ناخشا ئېيتىدىغان ، ئۇسسۇل ئوينايدىغان بولۇپ قاپتۇ . قايسى كۈنى ئەپكەشنى كۆتۈرۈپ سۇغا كىتىۋاتىدۇ ، ئىككى پۈتى بىلەن دولىسى ھە دەپ سەنەمگە قىمىرلاۋاتىدۇ ...

ــــ ۋېلىسىپىت ئۈستىدە تۇرۇپمۇ ئۇسسۇل ئوينايدىغان بولۇدۇ تېخى ، ــــ دېدى پالتاخۇن ، ــــ دولان ئۇسسۇلىنى ئۆگىنىشكە ئىخلاس قىلدىمۇ ، بولدى ، ئەمدى ئۇسسۇل ، ناخشا دېسە پۇتۇن بەدىنى قىمىرلاپ كىتىدىغان بولۇپ قالىدۇ تېخى ...

ـــ تۈزۈك گەپ قىلسىلىيا !...

ـــ ھېچ بولمىسا مىنىڭچىلىك خۇمارى بولسۇن ، دولان ياشلىرى دولان ئۇسسۇلىنى بىلمىسە بىزگە ئازاپ ...ـــ

ئۇ يەنە نىمىلەرنى دەر ئىدىكى ، بىردىنلا باغدىن ندىخشە ئاۋازى كەلدى :

يار كىلىپ گۈلدەستە تۇتسا ،
تار كىلىۋر دۇنيا ماڭا .
جان دىلىمدىن ئەتىۋاردۇر ،
شۇ گۈلى رەنا ماڭا ! ...

ـــ ھىم ! ـــ دىدى پالتاخۇن ئاق بۇلۇتلار ئارىسىدىن كۈلۈپ چىقىۋاتقان ئايغا قاراپ ،ـــ ئاسىخان ، بالاڭنىڭ تويىغا قانچە ئۆستەڭلىك يەرنى ئىبىتىمىز ؟...

كۈنلەر يېزىغا باياشاتلىق ، باغلارغا رەڭ ، ئېتىزلارغا سووۋغا ، ئادەملەرگە خوشاللىق تەغدىم قىلىشىپ ، يۈگۈرشۈپ تىز ئۆتۈشتى . مەكىت ئېتىزلىرى كېۋەزدىن ، ئاشلىقتىن ، باغلىرى ئېسىل مېۋىلەردىن بىرىدىغان ئىنئاملىرىنى بىرىپ بۇلۇشتى . ئەمدى ئەزالار ئۈچۈن كۆڭۈللۈك تويلار ، جۇشقۇن مەرىكىلەر مەئىشەت بىلەن تولغان داستىخانلىرىنى كەڭ ئاچماقتا .... ئۇسسۇل ۋە ناخشا پەسلى يىتىپ كەلدى .

ـــ ئاسىخان ، تەييارلان ! ئەيىپ ئەمەس ، ھىلىقى بىر ئاتنىڭ پۇلىغا ئالغان كۈمۈش چاتقاڭنى ئاس ، ئەتە تويكەن !

ـــ كىمنىڭ تويىكەن شۇنچە ؟

چوڭ ئەترەتنىڭ !ـــ دىدى پالتاخۇن تەنتەنىلىك ۋارقىراپ ،ـــ بىزنىڭ چوڭ ئەترەت پاختا بىلەن ئاشلىق سېتىپ بىرىشتە ناھىيە بويىچە بىرىنچى بوپتۇ ، نۇرغۇن مۇكاپات ئاپتىمىز . شۇنىڭ خوشاللىقىغا چوڭ توي قىلغۇدەكمىز ، مەشرەپكە پۈتۈن ناھىيەدىن ۋەكىللەر كىلەرمىش !...

ـــ ئېسىت ، كەنجىنىڭ يوقلىقىنى ، ئېسىت ،ـــ دىدى ئانا ھەسرەت بىلەن ،ـــ بار بولغان بولسا كۆكسى قارنى ئېچىلىپ قالار ئىدى ...

.... لېكىن بۇ چاغدا كەنجى مەھەللىدىن يىراقتا ، دولان دەرياسىنىڭ بويىدا يىتىپ قوپۇپ يېڭى ئۆستەڭگە تاش ياتقۇزماقتا ئىدى ، ئۇ ، زەربىدار گۇرۇپپىنىڭ باشلىقى بولغاچقا قول ئاستىدىكى 24 نەپەر يىگىتنىڭ ئىشىغىمۇ ، تۇرمۇشىغىمۇ قارىشى لازىم ئىدى

www.uyghurkitap.com

، ياشلار مەھەللىسىدىكى تويغا ئۆلگۈرۈپ بېرىشى ئۈچۈن ، ئامال-چارە ئىزدەپ بىر بىرى بىلەن تالاشماقتا ئىدى .

ـــ چالا قالغىنىنى تويدىن كېيىن پۈتتۈرۈۋېتىمىز !ـــ دېدى بىر يىگىت قولىدىكى تاشنى تەرگە تاشلاپ ،ـــ سەن كەنجى مەشرەپ دىسە بېشىڭ ئاغرىيدىغان ئادەم ! بىزنىڭ ھالىمىزغا نەدىن يېتەتتىڭ ، سېنى گۈرۈپپا باشلىقلىقىغا سايلاشتا مۇشۇ ئەيىبىڭ بىلەن ھېسابلاشماپتىمىز ، ھېلىھەم بولسىمۇ ، يولداشلار ، مەن كەنجىنى گۈرۈپپا باشلىقلىقىدىن ئېلىپ تاشلاشقا قول كۆتۈرىمەن . شۇنداق قىلمىساق بىز تويدىن قۇرۇق قالىمىز .

ـــ ئالتە سائەت قاتتىق ئىشلىسەك ۋەزىپە تۈگەيدۇ ،ـــ دېدى يەنە بىر يىگىت ھېساپلاپ كۆرۈپ،ـــ يەنە ئالتە سائەتتە بېيجىڭ ۋاقتى كەچ سائەت توققۇز بولىدىكەن ، سائەت توققۇزدا يولغا چىقساق 47 كىلومېتىر يولنى ...

ـــ پىيادە ماڭساق 10 سائەتتە بېسىپ بولىمىز ، ئۇنداقتا تويدىن كېيىن ناغرا ، قېتىق تۈگىگەندە زاغرا يېگەندەك يېگەندەك بىر ئىش بولىدۇ ...

ـــ قول تىراكتورى بولغاندا ئىدى ، سائەت 11 دە يېتىپ بارساقمۇ ئاخىرقى ئۇسسۇلغا بولسىمۇ ئۈلەۋۈرەتتۇق ...

ـــ نېمىلا بولمىسۇن ۋەزىپىنى تۈگەتمەي قايتمايمىز ،ـــ دېدى ئاخىرى كەنجى ئىشتىن بېشىنى كۆتۈرۈپ ،ـــ بىزگە ئۆگۈنلۈككە توي بولىدۇ دەپ ئىككى كۈن بۇرۇن ئۇقتۇرغان ، چوڭ ئەترەتتە جاۋاپكارلىق يوق ، ئۆزىمىز ئۈلگۈرتەلمىدۇق .

ـــ ئۆزىمىز دېيسەڭغۇ كەنجى؟ـــ دېدى ھېلىقى كەنجىنى گۈرۈپپا باشلىقىدىن ئېلىۋېتىشكە قول كۆتۈرىمەن دىگەن يىگىت خاپا بولۇپ ،ـــ توشۇغۇچىلار تاشنى ئۈلگۈرتەلمىدى، بولمىسا بۈگۈن ئەتىگەن تۈگەيتى ، شۇلار تويغا دەخلى قىلدى ، شۇنىڭ ئۈچۈن چالىسىنى شۇلار تۈگەتسۇن، مەن شۇ تاپتا ماڭىمەن ، ۋېلىسىپىت بىلەن 3 سائەت چاپسام تويغا ئۈلگۈرۈپ بارىمەن !

ھېلىقى يىگىت قىرغاققا چىقتى .

ـــ ۋېلىسىپىت بارلار ماڭايلى !ـــ دەپ يەنە بىر يىگىت قىرغاققا چىقتى .

ـــ سەن كەنجى ، بىزدىن رەنجىمە ،ـــ دېدى ھېلىقى يىگىت ۋارقىراپ تۇرۇپ ،ـــ شۇنداق چوڭ تويدا بىر ئۇسسۇلغا چۈشۈۋالمىساق ، بۇنداق تۇرمۇشنىڭ نىمە لەززىتى بولىدۇ ؟ سىڭىلدىن باشقا قالغان 23 ىمىزنىڭ ئايالىمىز بار . 23 چوكاننىڭ كۆزى مۇشۇ تەرەپتە تۇرسا ، ئۇنىڭ ئۈستىگە مەھەللىنىڭ كۆزگە كۆرۈنگەن ئۇسسۇلچىلىرى بىز تۇرساق ، كىچىككىنە ئىشنى دەپ قانداقمۇ چوڭ تويغا سوغۇقچىلىق سالغىلى بولسۇن ، ماڭايلى ، تۈگىدى دەپ بارايلى ، چالىسىنى ئەتە چۈشتىن كېيىن كېلىپ يۈگىتىۋېتىمىز !

www.kitaphumar.com

شۇ چاغدا قاتناش گورۇپپىسىدىكى يىگىتلەر ئىشەك، كالىلىرىنى قامچىلاپ توپا چاڭ توزۇتۇپ مېڭىشتى، ئۇلارنىڭ مەسئۇلى بولغان مۆمىنجان ۋېلىسىپىتتە سىڭايان ئولتۇرۇۋېلىپ :

ــــ كەتتۇق ، ھەي تاشچىلار ، ئاياللىرىڭلار بىز بىلەن ئۇسسۇل ئوينايدىغان بولدى ، رەنجىمەڭلار ئەمسە ھە !ــــ دەپ قويۇپ چاڭ توزۇتۇپ چىقىپ كەتتى .

ــــ توختاش ئۆلۈمتۈكلەر !ــــ دەپ ۋارقىرىدى بايىقى يىگىت غەزەپ بىلەن ،ــــ سەنلەر تاشنى ئۆلگۈرتۈشۈپ بەرمەي ، بىزنى تۈنۈگۈن يېرىم كۈن بىكار قىلىپ قويۇشتۇڭ ، شۇنىڭ كاساپىتى ...

لېكىن ئۇلاردىن بىرىمۇ قايرىلىپ قويمىدى، تاشچىلار مۆمىنجاننىڭ گېپى بىلەن خېلىلا غۇدۇرىدى . 10 غا يېقىن يىگىت چالىسىنى كېيىن قىلىمىز دەپ ۋېلىسىپىتلىرىگە يۈگۈرۈشتى، كەنجىنىڭمۇ ۋېلىسىپىتى بار ، ئۇنىڭمۇ كەتكۈسى بار، لېكىن يالغاندىن تۈگەتتۇق دەپ بېرىشقا ئۇ ئادەتلەنمىگەن ، ئۇنىڭ ئۈستىگە چوڭ ئەترەت باشلىقلىرىنىڭ يۈزىگە قاراشمۇ بىر گەپقۇ، لېكىن بارمىسا مۆمىنجان بوگۈن ئاسىدەنى جەزمەن ئۇسسۇلغا تارتىدۇ . بىر يېرىم ئايدىن بېرى ئاسىدەنى ئۆزىگە جەلىپ قىلىش ئۈچۈن ئۆگەنگەن ئۇسسۇللىرىنى ئەمدى قاچان ئوينايدۇ! مەتيا ئۇنى ھازىر تۆت كۆز بىلەن كۈتۈپ تۇرغاندۇ.

يىگىتلەرنىڭ بىر قىسمى مېڭىشقا تەييارلاندى، بىر قىسمى كەنجىنىڭ ئاغزىغا قاراپ تۇرىدۇ ، كەنجى كۆپچىلىككە قارىدى:

ــــ يولداشلار ، مېنىڭمۇ ئۈتنەك بارغۇم بار ــــ دېدى ئۇ ــــ لېكىن يولداشلار يەنە ئالتە سائەت جىددى ئىشلىسەك ئىش تۈگەيدىكەن ، لېكىن بىز بارغۇچە توي تاياردىكەنۇ ... مەن يالغان ئېيتالمايمەن ، ۋەزىپىنى تۈگەتمەي قايتالمايمىز ! كېتىمەن دېگۈچىلەرنى توسۇشقا ئاجىزمەن .

ئۇ ، گەپ تۈگىدى دەپ ئۆز ئىشىغا ئېگىشتى ، قىرغاقتىكىلەردىن بىر قانچىسى قايتىپ چۈشتى . يەنە بىر نەچچىسى بولسا مۆمىنجان كەتكەن تەرەپكە قاراپ ۋېلىسىپىتلىرىنى غۇيۇلدىتىپ قويۇۋەتتى .

(6)

كوممۇنا ئىدارىسىنىڭ يېنىدىكى تېرەكلىك مەيدان كۈندۈزدەك يورۇغان ، ۋاسكىتبول گارىغا ۋە دەرەخلەرنىڭ شاخلىرىغا ئېسىپ قويۇلغان لامپۇچكىلارنى پەرۋانىلەر ئايلانماقتا . لامپۇچكا يورۇقىدا نۇرلانغان چىرايلاردىن كۈلكە ۋە شاتلىق ياغماقتا ، باللار ئۇ ياقتىن بۇ

www.uyghurkitap.com

ياققا يۇگۈرۈشمەكتە ، چىرايلىق يەكتەك ۋە چاپانلىرىنى كىيشكەن قىرلار بىر-بىرى بىلەن قىزغىن ۋە تەنتەنىلىك كۆرۈشمەكتە ، ئالىيىشىل كىيشكەن ئايالار ، قىزلار ئۆز توپلىرى بىلەن مەيدان تەرەپكە ئالدىراپ مېڭىشماقتا .

ــــ راستلا چاتقا سىلىۋاپلا ،ــــ دېدى ئاسخاننىڭ قوشنىسى ، يەنى ئاسىدەنىڭ ئانىسى ئاسخاننىڭ جاراڭلاپ تۇرغان كۈمۈش چاتقىسىنى شەرەت قىلىپ .

ــــ ئاسمىخان ئۇ كىشى خاپا بولغىدەك !ــــ دېدى ئاسخان ،ــــ ئۇ كىشىنىڭ زورى بىلەن ئىلىۋالدىم .

ــــ ئۇسسۇلغا چۈشەملە ؟

ــــ پالتاخۇن چۈشۈرمەي قويارمۇ ؟ــــ دېدى ئاسخان قاپاقلىرىنى سۈزۈپ ،ــــ قايسىبىر مەشرەپتە ئۇ مىنى تارتمىغان .

ــــ مەنمۇ چۈشىمەن ، چۈشمىسەم قىزلىرىم قويمايدۇ ...

شۇ چاغدا چىدچىلىرىنى ئۇششاق ئۆرۈگەن ، ئەتلەس كۆڭلەك كىيىپ ، چاچلىرىغا گۈللەرنى قىسقان ئاسىدە ئۇلارنىڭ قېشىغا يۈگۈرۈپ كەلدى ـ دە ، قولىدىن تارتىپ ،ــــ بۇلۇڭلار ، قىرلارغا گېلەم ، يىكەنداز سېلىندى ، سىلەرنى جايلاشتۇرۇپ قوياي ،ــــ دەپ ئالدىراتتى . ئاسخان ئۇلۇغ كىچىك تىندى ـ دە :

ــــ ئىپست بالام ، كەنجاخۇننىڭ يوقلۇقى ، بار بولغان بولسا كۆملۈم توق بولار ئىدى ...

ــــ ۋاي ، قوشنا ، ئوغۇللىرى بولغان بىلەنمۇ بۇنداق مەشرەپلەردىن ئۆزىنى قاچۇراتتى ، كۆڭۈللىرى يېرىم بولمىسۇن ، پالتاخۇن ئوغۇللىرىنىڭ يوقلۇقىنى ھېلىلا ئۇنتۇلدۇرىدۇ ، كۆردىلىمۇ ، ئەنە ، ساز چېلىنماي تۇرۇپمۇ سەنەمگە دەسسىگىلى تۇرۇپتۇ .

ــــ سۈرەتكە ئېلىۋاتىدۇ ،ــــ دېيىشىپ باللار پالتاخۇن تەرەپكە يۈگۈرۈشتى ، پالتاخۇن ئېچىلىپ-يېيىلىپ ئوينىماقتا ، راستىنلا ئۇنى بىرى سۈرەتكە ئالماقتا ئىدى . ئاسخانلار گىلەم ئۈستىدە يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇشتى ، مەيدان ئادەمگە لىق تولغان ، مېھمانلارنىڭ ئالدىدىكى ئۈستەلگە مېۋىلەر ، قوغۇنلار تىزىلغان ... لېكىن مەشرەپ تېخى باشلانمىغانىدى . ئاسخان كەينىدە ئۆرە تۇرغانلارنى گەپلىرىگە قۇلاق سېلىپ ئولتۇردى .

ــــ نىمىشقا باشلىمايدىغاندۇ ؟

ــــ مەتيا راۋاپقا قاراپ تۇرۇپتىمىش .

ــــ ئۇ نەگە كەتكەندۇ ؟

ــــ ئۆستەڭگە تاش ياتقۇزىۋاتقانلارغا ماشىنا ئېلىپ كىتىپتۇ .

ــــ ئەجەپ ئادەم ھە ! ئەمگەك دېسە بۇرۇن بېشى قاتاتتى ، بىر يىل بولدى ئېغىر ئەمگەك قىلغانلار بىلەن دائىم بىللە ...

ئاسخان بىردىنلا خۇشال بولۇپ ئاسىدەنىڭ ئانىسىنىڭ بېقىنىنى نۇقۇدى :

ــــ قوشنا ، كۆرۈپ تۇرسىلا ، مىنىڭ كەنجاخۇن بالام بۇگۈن قىزلىرىنى ئۇسسۇلغا تارتىدۇ !

ــــ سىلىنىڭ ئوغۇللىرىنىڭ قولىدىن شۇ ئىش كەلسە ئىگەكىم بار ، ئاسىدەنى ئوغۇللىرىغا ئەتىلا ئۆتۈنىمەن ... ھا ـ ھا ـ ھا ...

* * * * *

بۇ چاغدا كەنجىنىڭ ئىشىمۇ تۈگىگەن ، ئۇ يىراقتا قالغان مەھەللىسىگە قاراپ خىيال سۈرۈپ ئولتۇراتتى ، كەچكىچە ئىشلەپ ھارغىنىغا قارىماي بۇ چۆلدە قالغان 10 نەچچە يىگىتنىڭ ئۇيقۇسى كەلمەيتى . ئۇلار مەيۈسلەنگەن ، روھسىزلانغان ، بىر-بىرى بىلەن گەپ قىلىشقىمۇ رايى بارمايتى .

ــــ ماشىنىلاشقان بولساقمۇ ماشىنىدا بىر سائەتتە يېتىپ بارار ئىدۇق . ھەي ، بىزنىڭ قالاقلىقىمىز ...

ــــ ماشىنىلاشقان بولساق ، دۈمچىيىپ قول بىلەن تاش تېرىشتىنىمۇ ، گۈرجەك بىلەن ئۆستەڭ كولاشتىنىمۇ قۇتۇلغان بولاتتۇق ... ھەي ...

ــــ مەن يوق ئايالىم چۇقۇم يىغلىدى جۇمۇڭلار ، مەن بولمىسام ئۇ ئوينىمايدۇ ، ئۇسسۇل ئوينىيالمىسا ھۆكرەپ يىغلايدۇ ــــ ...

ــــ دەرتمەن مەشرىپىدە تېپىشقان دەۋاتاتتىڭ ، ئەجەپ قالتىسكىنا !...

ــــ بىر كەنجىنىڭ يول قارايدىغان ئادىمى يوق ، ئۇنىڭ ئۆستىگە مەشرەپ بىلەنمۇ خۇشى يوق ، ئارىمىزدا كۆڭلى يېرىم بولمىغان بىرلا ئادەم باركەن جۇمۇڭلا ، ــــ ...

كەنجىنىڭ بۇ گەپلەرنى ئاڭلىغۇسى يوق . راستىنى ئېيتقاندا ، ئۇنىڭ كۆڭلى ھەممىدىن يېرىم ، ئۇنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدى ئوت ئىچىدە ياناتتى ، ئۇ خۇددى گۇناھسىز تۈرمىگە كىرىپ قالغان ئادەمدەك تىت-تىت بولماقتا ... ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ مەھەللىسى تەرەپكە قارىدى ، شۇ تەرەپتىن بىر دەرەخنىڭ قارىسى بولسىمۇ كۆرۈنسىدى كاشكى ،... شۇ تاپتا مەشرەپ باشلاندى ، ئەنە ، مۆمىنجان يار-يار ياسىنىپ ئاسىدەنىڭ ئالدىغا قاراپ يۈگۈردى ، ئەنە ، ئۇلار بېقىشىپ ئوينىدى ، ئەنە ، سەنەمگە چۈشتى ، ئاسىدەنىڭ ئۇزۇن

www.uyghurkitap.com
www.kitaphumar.com

چاچلىرى ھەتتا مۈمىنجاننىڭ يۈزلىرىگە تەگىدى ،... كەنجى ئورنىدىن سەكرەپ تۇرۇپ كەتتى ،... ئۇ خۇددى ھەرە چېقىۋالغان توپاقتەك تېپىرلىدى ...

ـــ ماشىنا ، ماشىنا !ـــ بىرى ۋارقىرىدى ، كەينىدىن كۆپچىلىك ۋارقىرىدى :

ـــ ماشىنا ، بىزنى ئېلىپ كەلگىلى ماشىنا كەلدى ! ھەممەيلەن شۇ ياققا يۈگۈرۈشتى ، ئۇلارنىڭ كەينىدىن كەنجىمۇ بار كۈچى بىلەن يۈگۈردى ...

ـــ چىقىڭلار، تېز چىقىڭلار ماشىنىغا !ـــ دەپ ۋارقىرىدى مەتىيا بېشىنى كابىنكىدىن چىقىرىپ، ـــ سىلەرنى ھەممە ئۇنتۇسىمۇ مەن ئۇنتۇمايمەن. نېمشقا دەمسىلەر؟ ھەممىڭلار ئۇسسۇل دېسە جان بېرىدىغانلار، بۇنداقلارنى قاتناشتۇرماي ئۆتكۈزگەن مەشرەپ تۈز سالمىغان كوچىدەك بەتتام بولىدۇ. مەتيانى بىلمەمسىلەر تېخى؟ مەن ھازىر ئاقنانچى مەتيا ئەمەس، ئەمگەكچى مەتيا. شۇنىڭ ئۈچۈن مەشرەپنىڭ مېغىزىنى ئېغىر ئىش قىلغانلار چاقسۇن دەپ ماشىنا ئېلىپ كەلدىم .

* * * * *

ئاسىدەنىڭ يەنە ئۇمۇدى ئۈزۈلدى ، قارا تەلپەك كىيگەن بىرى مۇقامنى باشلىۋەتتى . لابادا ئۇنىڭ ناھىيەدىن كەلگەن مۇقامچى ئىكەنلىكى بايا ئېيتىلغانىدى . مانا ئەمدى مۇقام تۈگەپ قالۇن ، غىجەك ، دولان راۋابلىرىدىن چىققان يېقىملىق ساز كىشىلەرنى ئۇسسۇلغا چىللىماقتا ، ئەنە ، بىرىنچى بوپ مەيدانغا پالتاخۇن چۈشتى ، ئاسىخان ئۇنى ئىچىدە كايىدى : ئوغلى چۆللەردە بوينى قىسىلىپ يۈرسىمۇ خۇشال بولىۋېرىدىكىنا ، مېنى ئۇسسۇلغا تارتىپ كۆرسۇنا قېنى ...

لېكىن ئاسىخاننىڭ كايىشلىرى بىكار بولدى . پالتاخۇن ھەيبارلىق بىلەن ئايلىنىپ كېلىپ ، ئاسىخاننىڭ ئالدىدا بىر تىزىنى پۈكۈپ تەكلىپ قىلىۋىدى ، ئاسىخان يېگىي تويى بولغاندەك خۇش بولۇپ ئورنىدىن تۇردى ، كەڭ ئەتلەس كۆڭلىكىنى يەلپۈتۈپ ، بوۋايغا بېقىپ ئۇسسۇل ئوينىدى . موماي كىملەر بىزگە زەن قويىۋاتىدىكىن دەپ قارىۋىدى ، مەيدان ئۇسسۇلچىلار بىلەن تولۇپتۇ . بوۋاي ـ موماي‌لار ، قىز ـ يىگىتلەر ، باللارمۇ جۈپ ـ جۈپى بىلەن ئويناۋېتىپتۇ ، سەنەقەسكە ئايلانغاندا ، پۈتۈن مەيدان ئۇسسۇلچىلار چەمبىرىكى بىلەن لىق تولدى . سىيرىلمىغا چۈشكەندىلا ، ئاسىخان بوۋايغا قاراپ كۈلۈپ قويۇپ مەيداندىن چىقىپ كەتتى . خوشاللىق ئورنىغا ئاسىخاننىڭ كۆڭلى غەش بولدى ، سەۋەبى ، شۇنداق چوڭ سورۇندا ئوغلى كەنجى يوق ئىدى .

www.kitaphumar.com

(7)

ئاسـەدە لابـادىن تۇيۇقسـىز مەتيانـىڭ تۇنـۇش ئـاۋازىنى ئـاڭلاپ قالـدى ، مەتيـا جـۇلا مۇقامىغا توپلىماقتا ئىدى . مۇقام تۆگىشىگىلا مەيدانـدا چىرايلىـق كىيىـنگەن بىـر يىگىـت پەيدا بولدى . يىگىت ئالدىراپ بىرىـپ ، ئۇچۇشقا تەمشەلگەن قارلىغاچتەك تەقەززا بولۇپ تۇرغـان ئاسـەدەنى ئۇسسۇلغا تەكلىـپ قىلـدى . قىـز ھەيـران بولـۇپ كەيـنىگە داجـىدى ، مەيداندا كۈلكە كۆتۈرۈلدى ، مەتيا ئاۋازىنى تېخىمۇ كۆتۈرۈپ ناخشا ئېيتتى:

ئالمىنىڭ تاياقىمۇ ،
بىيىنىڭ تاياقىمۇ ،
قولۇم ئىشقا بارمايدۇ ،
يارنىڭ ئىشتىياقىمۇ ؟ ....

ئاسخان كۆرۈپ تۇردى ، ئاسخانلا ئەمەس ، پۈتۈن مەيداندىكىلەر كـۆرۈپ تـۇردى . ئاسەدە ئاناردەك قىزاردى ، ئالقانلىرى بىـلەن يـۈزىنى يـاپتى-دە ، بىـردىنلا يىنىـك ھەركەت قىلىپ مەيدانغا چۈشتى ، يىگىت ھازىرغىچە ئەرلەر ئىچىدە كۆرۈلمىگەن بىر خىل سىلىق ۋە چىرايلىـق ھەركەت بىـلەن چېكىـتمىگە دەسسـىمەكتە ، ئاسـەدە ـــ يۇرتنىـڭ ئەڭ داڭلىـق ئۇسسۇلچى قىزىمـۇ يىگىتنىـڭ نەپىـس ھەركەتلىـرىگە ماسلىشىـپ ، ئـاددى شـەكىللەرنىمۇ ئەۋرىشىم ، نازۇك قىلىپ كۆرسەتمەكتە ئىدى . بولۇپمۇ ئىككى ياش ھەر قېتىم بېقىششقاندا ، ئۇلارنىڭ كۆزلىرىدىن زوقلىنىش ۋە تەشنالىق ئوتلىرى ئۇچقۇنداپ چىققاندەك بىلىنەتتى ،

ـــ ماۋۇ كارامەتنى كۆرۈڭ ـــ دەپ ياقىسـىنى تـۇتتى ئاسـەدەنىڭ ئاپىسى ئاسـخانغا قاراپ ـــ شۇنچە ھۈنەر ئوغۇللىرىنىڭ ئىچىگە قانداقمۇ سىغقاندۇ ؟...

ـــ ئوغلـۇم ـــ دېـدى ئاسـخان ئورنـىدىن تـۇرۇپ ھاياجـان بـىلەن ـــ كـۆرۈۋال ، ئاسەدەنى قانغۇچە كۆرۈۋال ...

ـــ قويسـىلا ئاسـخان ـــ دېـدى پالتـاخۇنمۇ ھاياجـان بىـلەن تەزىـم قىلىـپ ـــ ئۆمرۈمدە بوگۈنكىدەك كۆڭۈللۈك مەشرەپ كـۆرمەپتىكەنمەن ، قارا ، كەنجىمىزنىـڭ پـۇت-قوللىرىنى ئېلىشى دادىسىنى نىمىدىگەن دورىغان ...

ئۇلار ئوغۇللىرىنى چۆرىدەپ چېكىتمىگە دەسسىدى ، لېكىن كەنجىنىڭ ئۇلارغا قارارغا كۆزى يوق ئىدى . كەنجى ئۇلاردىن بەك ھاياجانلانغانىدى . ھەر قېتىم ئايلىنىپ كېلىپ قىزغا قارىغاندا قىزنىڭ زىلۋا ، تـال چىـۋىقتەك ئەۋرىشـىم بەللىـرى ، ئويناق قـارا كـۆزلىرى ،

www.uyghurkitap.com



ھىمرىلگەن ئوماق لەۋلىرى ... بۆلەكچىلا گۈزەل ۋە يېقىملىق ئىدى . ئۇ ئاسىدەنى خىيال قىلىدىغان بولۇپ قالغاندىن بېرى بىرمۇ قېتىم قىزنى مۇشۇنچىلىك گۈزەل قىياپەتتە كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ باققان ئەمەس ئىدى . ئۇنىڭغا ئالدىدا بېقىشىپ ئويناۋاتقان قىز ھېلىقى قوشنىسىنىڭ قىزى ئاسىدە بولماستىن ، بەلكى چۆچەكلەردىكى مەشۇقلاردەك ، باتۇرلارنى جېنىدىن كېچىشكە مەجبۇر قىلغان لىۋەن ، دورانالاردەك بىلىنىشكە باشلىدى . قىزنى شۇنچە قانغۇچە كۆرۈشكە پۇرسەت بەرگەن دولان ئۇسسۇلىغا ئىچ-ئىچىدىن رەھمەت ئېيتتى ، قىزنى شۇنچە گۈزەل قىلىپ كۆرسىتىدىغان ئۇسسۇللارنىڭ ئىجادچىسى بولغان ئەجدادلىرىغا بىردىنلا ھۆرمىتى ئاشتى ، ئاسىدەنى چىرايلىق قىلىپ كۆرسىتىۋاتقان ئۇسسۇل ئەلۋەتتە كەنجىنىمۇ باشقىلارغا شۇنچە چىرايلىق قىلىپ كۆرسىتىۋاتىدىغاندۇ ، يۈزلىگەن دىللار شۇ تاپتا زوق ۋە ھەۋەس ئىلكىدە مەست بولۇپ ، بۇ بىر جۈپ ياشقا قاراۋاتقاندۇ ... كەنجى سەنەمگە كۆچكەندىن كېيىن ، تېخىمۇ راھەتلەندى . قىزنىڭ ئۇششاق چاچلىرى ئۇنىڭ بويۇنلىرىغا ، يەلكىلىرىگە تېگىپ تۇراتتى ، ئۇلار ئايلانغاندا دولىلىرى بىر-بىرىگە سۈركىلىپ كېتەتتى . مەتياننىڭ يېقىملىق ناخشىسى ، قالۇن ، غىجەك ، دولان راۋابىنىڭ ئاۋازى قوشۇلغاندا ، ئۇنىڭغا رىتىملىق ئۇرۇلغان داپ قوشۇلغاندا چىقىدىغان تاۋۇشچۇ ؟ بۇ تاۋۇش ئەمەس ، پۈتۈن مەيداندىكىلەرنى خوشاللىققا قوزغىغۇچى ، پۈتۈن مەيداننى تەۋرەتكۈچ كۈچ بولۇپ سېزىلمەكتە . بۇنداق كۈچنى كەنجى مۇشۇ كۈنگىچە ھېچ يەردە ، ھېچقانداق بىر مۇزىكا ئەسۋابىدىن ئاڭلاپ باققان ئەمەس ، ئۇ 10 يىللىق ئۆمرىگە ئېچىندى ، ئەۋرىشىم چاغلىرى ، ھېسياتقا باي مەزگىللىرى گۈزەللىك بىلەن قارشىلىشىپ ئۆتۈپ كېتىپتۇ . ئۆتكەن ئۆمرىنى پۇشايمان بىلەن قايتۇرىۋالغىلى بولمايدۇ . ئەمدى بۇنىڭدىن كېيىنكىسىنى قەدىرلەش كېرەك ...

كەنجى شۇ خىياللار بىلەن سەنەقەسىنىمۇ تۈگەتتى، ئۇنىڭ مەيداندىن چىققۇسى كەلمەيتتى، شۇڭا سىيرىلما باشلاندى . ئۇ مەتياننىڭ ئۆگەتكىنى بويىچە تېز ۋە چاققان ئايلىنىپ ئوينىدى، قىز ھەر قېتىم پىرقىراپ ئۇنىڭغا قارىغاندا ، ئۇ ئەڭ چىلىق ۋە يېقىملىق ھەركەت بىلەن قىزنى كۈتۈۋېلىشنى ئۇنتۇپ قالمىدى، ئۇلار گۈللەر ئارىسىدىكى بىر جۈپ كېپىنەكتەك شۇنچە تېز ۋە يېقىملىق پىقىراشتى. مانا، بۇ ئۇيۇن ئەۋجىگە چىقتى ، مەيداندا ئەڭ ماھىر ئۇسسۇلچىلارلا جۈپ-جۈپ بولۇشۇپ پىرقىراشماقتا، پۈتۈن مەيداننى ھاياجان ۋە قىزغىنلىق ئورىۋالغان، «ياشا» ، «بەللى» ، «قايناپ» دىگەن ئاۋازلار تەرەپ-تەرەپتىن كېلىپ تۇردۇ. لېكىن كەنجى سىيرىلما ئۇسسۇلىنىڭ ئەڭ نازۇك شەكىللىرىنى كۆرسىتىشكە بېرىلىپ كىتىپ مەيداندا يالغۇز ئاسىدە بىلەنلە قالغىنىنى سەزمەي قالدى . ئۇ نېملەر بولۇۋاتقىنىنى ، كۆپچىلىك نېملەر دەۋاتقىنىنى سەزمەيتتى . سىيرىلمىغا شۇنچە

www.kitaphumar.com

چىرايلىق . شۇنچە سەنئەتلىك ئويناۋاتقان بىر جۈپ ياش پۈتۈن مەيداندا ھەۋەس ، زوقمەنلىك ۋە ئىلھام قوزغىغانىدى ، ئاخىرقى مۇقام ئېيتىلىپ ، ئۇسسۇل ئاخىرلاشقان بولسىمۇ ، مەتيا يالغۇز داپ بىلەنلا ئىككى ياشنى مەيداندىن چىقارماي تۇتۇپ تۇرماقتا ئىدى . كانايدىن «مەشرەپ تامام » دەپ ئېلان قىلىنىدى . لېكىن خەلق تارقالمىدى .

ھاياجانلانغان پالتاخۇن مەيدانغا چىقىپ ، ئىككى قولىنى ئېگىز كۆتۈردى :

ــــ قانمىدۇق ، بولۇپمۇ دولان ياشلىرى قانمىدى ، رۇخسەت قىلساڭلار ، ئەتە كەچ يەنە بىر ئاخشام مەشرەپ ئۆتكۈزسەك ، 10 ئۆستەڭلىك يەرنى مەشرەپكە تەكلىپ قىلىمەن ، مەشرەپ مېنىڭ نامىمدىن بولىدۇ . ھەر ئۆستەڭلىك بىردىن بۇكەل چىقىپ بىردىن قوي تاپشۇرىۋالسۇن ، ئۇسسۇلغا راسا بىر قانايلى ، بولۇپمۇ دولان ياشلىرى راسا بىر قانسۇن ...

مەيداندا ئۇنىڭغا جاۋابەن كۈچلۈك چاۋاك كۆتۈرۈلدى ...

1979 ـ يىلى ، مەكتە

( مەنبە : تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ تىل-ئەدەبىيات زۆرۈر دەرسلىك 3ـ كىتابتىن ئېلىندى. )

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى



# چوشقىلارغا بايرام

**مەمتىمىن ھوشۇر**

«ساراڭ» نىڭ ئاپتورىدىن يەنە بىر پارچە خەت تاپشۇرۇپ ئالدىم . ئۇ خەتكە قوشۇپ يەنە بىر ئەسەرنى ئەۋەتىپتۇ.

«رەئىس ئەپەندىم، ياخشىمۇسىز؟- يېزىپتۇ ئۇ خېتىدە ،ئۆتكەنكى خېتىمنى ئوقۇپ تازا كۈلگەنسىز؟ رەئىس بولغان ئادەملەر ئۇنچە كۈلمەمدۇيا؟ مەن سىزنى رەئىس بولغاندىن بېرى قاپىقىنى تۈرۈپلا يۈرۈيدىغان بولۇپ قالدىمىكىن، دەپ پەرەز قىلىمەن. قىزىقكەنسىز ، بۇ جاھاننىڭ قاپاق تۈرگىچىلىكى بارمۇ؟ باشقىلارنىڭ شاگىخو قىلىشىدىن قورقۇپ ، ئۈرۈمچىدىكى سەرگۈزەشتىلىرىمنى سىزدىن باشقا ھېچكىمگە تىنمىدىم. توۋا دەيمەن، دەرد تارتقانلارنىڭ دەردىنى يۈرەكلىك ئېيتالمايدىغان بولۇپ قالدىغىنىمۇ غەلىتە ئىشكەن . ئاڭلىدىڭىزمۇ؟ ھازىرقى بوۋاقلارنىڭ ئانىسىنىڭ قورسىقىدا تۇرۇپلا چېچىغا ئاق كىرىپ كېتىۋاتقۇدەك. يېقىندا بىر تاماكا چىقىپتۇدەك، ئۇنىڭ ئىككى بېشىغا ئوت تۇتاشتۇرۇپ ئوتتۇردىن چېكىدىكەنسىز. بەزى كاتىۋاشلارنىڭ بالا ـ چاقىسىنى تازا پۇل تاپىدىغان ئىشقا سېلىپ قويۇپ، ‹پۇل دېگەنگە ئۆزىنى تازا بەك ئۇرۇپ كەتكەنمۇ ياخشى ئىش ئەمەس › دەپ ۋەز ئېيتىدىغان بولىۋالغىنىغا مەن ھەيران. ئىچىم پۇشۇپ، ئۇ قېتىم راستىنلا چوشقىلار توغرىسىدا يازدىم. بۇ ئاداش يازمىغان ئەمدى چوشقا قاپتىمۇ ، دەرسىز، قېنى كۆرۈپ بېقىڭ..»

1.ئاپتۇرنىڭ چوشقا ھەققىدىكى ئەسىرى مانا مۇنداق باشلىنىپتۇ .

شەھىرىمىزنىڭ يان تەرىپى ئازراق سازلىق بولىدىغان ، ئۇ يەردە چوشقا باقىدىغان بىر ئائىلىلىك تۇراتتى . ئۇلار سازلىقنىڭ قۇرۇقراق يەرلىرىگە ئانچە-مۇنچە كۆكتات تېرىپ جاھاندارچىلىق قىلاتتى . كىچىك ۋاقتىمىزدا باللار بىلەن ئويناپ سازلىق تەرەپكە بېرىپ قالاتتۇق . سازنىڭ سۈيىنى شالاپشىتىپ كېچىپ، خارتىلداپ قارا پاتقاقتا تۇمشۇقىنى تىقىپ ، سازلىقنى تىلغاپ يۈرگەن چوشقىلارنى كۆرۈپ ، چوشقا دېگەن پاتقاق يەيدىغان ئوخشامدۇ ؟ دەپ ئويلايتتىم . كېيىن ، بۇ سازلىقنىڭ سۈيى بارا- بارا تارتىلىپ ، قۇرۇپ كەتكىلى تۇردى . چوشقا باقىدىغان ھېلىقى ئائىلە كۆكتات تېرىيدىغان يەرلىرىنى قوشۇپ ئەتراپقا تام سوقۇپ ، بىكار ياتقان خېلى كۆپ يەرنى قاشالدىۋالدى . شەھەرنىڭ ئابرويلۇق

بىر باشلىقى «‹ ئوغلۇمغا›› دەپ شۇ ئەتراپقا كېلىشتۈرۈپ بىر ئۆي سالدى . بۇنى دوراپ ، ئۆينىڭ ئەلمىي ئۆتۈپ كەتكەنلەر ئارقا- ئارقىدىن سازلىقتا ئۆي سېلىشقا باشلىدى . پىنسىيىگە چىققان بىر كىشى ئۇ يەرگە ئۇششاق- چۈششەك نەرسىلەرنى ساتىدىغان بىر دۇكانمۇ ئېچىۋالدى . شۇنداق قىلىپ ، بۇ سازلىقنىڭ ئورنى بارا- بارا يېڭى بىر مەھەللە بولۇپ قالدى . بىزمۇ بۇ مەھەللىگە بىر نەچچە ئېغىز ئۆي سېلىپ كۆچۈپ چىقىپ ، نەق چوشقا باقىدىغان ھېلىقى ئائىلە بىلەن قوشنا ئولتۇرۇپ قالدۇق .

چوشقا باقىدىغان ئائىلىنىڭ چوڭى ئوررۇق ، تىمەن بىر بوۋاي ئىدى . ئۇ ياشتا چوڭ ۋە بۇ يېڭى مەھەللىگە ھەممىمىزدىن كونا بولغاچقا ، مەھەللىدىكىلەرىبۇ بوۋاي بىلەن ئۇچرىشىپ قالساق ، ھۆرمەتلەپ سالاملىشىپ ئۆتەتتۇق . ئەمدى چوشقىلارنىڭ تالادا يۈگۈرۈپ ، ھەممە يەرنى تىلغاپ يۈرگەنلىكىنى كۆرمەيدىغان بولدۇق . بوۋاي قوشنا- قولۇملارنىڭ ئۆرپ -ئادىتىنى نەزەردە تۇتۇپ ، چوشقىلىرىنى تالاغا قويۇۋەتمەيدىغان بولدى . ئۇلارنىڭ ھويلىسى كەڭرى ئىدى. بىز چوشقىلارنىڭ چىرقىراشقان ئاۋازىنى ھويلا ئىچىدىن، تاملارنىڭ ئارقىسىدىنلا ئاڭلايتتۇق. چوشقا دېگەننىڭ زادى نېمە يەيدىغانلىقىنى مەن شۇ بوۋايغا قوشنا بولۇپ ئولتۇرغاندىن كېيىنلا ئازراق چۈشەنگەندەك بولدۇم . دەسلەپتە بوۋاينىڭ چوشقىلىرىمۇ ئانچە كۆپ ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭ باللىرى ھەركۈنى سېۋەتنى كۆتۈرۈپ چىقىپ ئەتراپتىن ياۋا كۆكتات، كۆكتات تاشلاندۇقلىرى دېگەندەك نەرسىلەرنى تېرىپ كېلەتتى .بوۋاي بۇ كۆكتاتلارنى يۇيۇپ، توغراپ ، ئۇنىڭغا يەنە نېمىلەرنىدۇر ئارلاشتۇرۇپ ئاداپ قىلىپ چوشقىلارغا تۆكۈپ بېرەتتى .كەچكە يېقىن بوۋاي يوغان ئىككى چېلەكنى ئەپكەشكە ئىلىپ ، بازار ئىچىدىن ئاشخانىلارنىڭ تاماق قالدۇقلىرى ئارلاشقان يۇندى-چاقانلىرىنى كۆتۈرۈپ كېلەتتى. كېيىن ئۇلارنىڭ چوشقىلىرى كۆپىيىپ، بوۋاينىڭ ئائىلىسى رەسمىي چوشقا بېقىش بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئائىلىگە ئايلىنىپ قالدى. بۇ چاغقا كەلگەندە بوۋاينىڭ ئوغۇللىرىمۇ چوڭ بولۇپ قالغانىدى. چوڭ ئوغلى بىر موتسىكىلىت سېتىۋالدى . موتسىكىلىتنىڭ ئارقىسىغا بىر كىچىك كوزۇپنى چېتىپ ، ئۇنىڭ ئۈستىگە تۇڭ ئورنىتىپ ئاشخانىلارنىڭ ئاشقان-تاشقان تاماقلىرىنى شۇنىڭدا توشۇپ كېلىدىغان بولدى .

يېقىنقى بىر نەچچە يىلدىن بېرى بوۋاينىڭ ئائىلىسى شۇنداق تېز كۆتۈرۈلۈپ كەتتىكى ، ئۇلارنىڭ قانداق بېيىپ كېتىۋاتقانلىقىغا ئەقلىمىز يەتمەيلا قالدى . بۇ بوۋايغا ھازىر قېرىلىق يېتىپ قالغان بولۇپ ، ئائىلىنى باشقۇرۇش ئىشىنى ئۇنىڭ چوڭ ئوغلى قولىغا ئالغان ئىدى . ئۇ ھويلىسىنىڭ بۇرۇنقى كۆرۈمسىز توپا تاملىرىنى ئۆرۈپ تاشلاپ، قىپقىزىل خىشتا تام قوپۇرۇپ چىقتى . بىقىۋاتقان چوشقىلىرىمۇ ناھايىتى كۆپ ئىدى. چوشقىلارنىڭ

تۇرىدىغان يېرىنى ئايرىم قىلىپ ، چوشقا قوتانلىرىنىمۇ سېمونىت بىلەن سۇۋىۋاتتى . خۇددى بىرى تامدىن ئارتىلىپ چۈشۈپ ، چوشقىلارنى يۇدۇپ چىقىپ كېتىدىغاندەك ، ئېگىز تاملارنىڭ ئۈستىگىمۇ ئايلاندۇرۇپ تىكەنلىك سىم تارتىۋەتتى. ھويلىسىنىڭ يەنە بىر چېتىگە ئىككى قەۋەتلىك قىلىپ شۇنداق كاتتا ئىمارەت سالدىكى ، بۇنىڭ ئالدىدا مەھەللىمىز بويىچە چىرايلىق كۆرۈنىدىغان، ئابرۇيلۇق ھېلىقى باشلىقنىڭ ئوغۇلىغا سالغان ئۆي چىنىپلا قالدى. ئۇلارنىڭ چوشقىلىرىنىڭ شۇنچە تېز كۆپىيىپ ، بېيىپ كېتىۋاتقانلىقى ئۈستىدە گەپ بولسا، مەھەللىدىكىلەر :

- بوۋاينىڭ چوڭ ئوغلى بېقىۋاتقان چوشقىلار چەتئەل نەسلىدىن ئىكەن ، يېنىدا ئولتۇرۇپ بېشىنى سىلاپ بەرسە، بىر تۇغقاندا بىراقلا 20-30 نى تۇغقىدەك ،- دېيىشەتتى . يەنە بەزىلەر :

- ئۇلارنىڭ ياپونىيىدىن ئەكەلگەن يەنە بىر غەلىتە چوشقىسى بار ئىكەن، يېيىشكە پىششىق تاماق يەپ ، چىچىشقا تاراقلاپ تۇرغان قەغەز پۇل چىچارمىش ،- دەيتتى .

مەھەللىدىكى ئۇششاق- چۈششەك نەرسىلەر ساتىدىغان دۇكاننى ئاچقان كىشى ئىلگىرى بىر مەكتەپنىڭ ماتېماتىكا ئوقۇتقۇچىسى ئىكەن . ئۇ مۇنداق گەپلەرنى ئاڭلىغاندا سەل خاپا بولغاندەك بولۇپ :

- ھەممە ئىشنى چاقچاقلا ئايلاندۇرىدىكەنسىلەر ئۇكىلىرىم ، مەسىلە دېگەنگە ئىلمىي قاراش كېرەك . چوشقا باققۇچىلارنىڭ بېيىپ كېتىشى شەھىرىمىزدىكى رېستورانلارنىڭ كۆپىيىشى بىلەن توغرا تاناسىپ ،- دەيتتى .

- بۇ نېمە گەپ ، ئاكا ؟- دېيىتتۇق بىز ،- تاناسىپ- پاناسىپ دېگىنىڭىز نېمىسى ؟ – بۇ دېگەنلىك ،- دەپ چۈشەندۈرەتتى ماتېماتىكا ئوقۇتقۇچىسى ،- شەھىرىمىزدە رېستورانلار قانچە كۆپەيگەنسېرى چوشقا باقىدىغانلار شۇنچە باي بولىدۇ ، دېگەنلىك . رېستوران دېگەنگە قورسىقى توق غوجاملار كىرىدۇ . بىر-بىرىدىن ئابروي تالىشىپ تاماقنى ھارغۇچە بۇيرۇپ قويۇپ ، ئازراقلا يەپ بولدى قىلىدۇ ، قالغىنىنى چوشقا باقىدىغانلار يىغىشتۇرۇپ ماڭىدۇ . چوشقىنىڭ بىكارغا كېلىدىغان مۇنداق يېمى كۆپىيىۋەرسە ، چوشقا باقىدىغانلار باي بولماي نېمە بولىدۇ .؟

بوۋاينىڭ چوڭ ئوغلى ھازىر يىراق – يېقىنلارغا بارسا يېڭى سېتىۋالغان قاپقارا پىكاپىغا ئولتۇرۇپ باراتتى . بوۋاينىڭ ئىككىنچى ئوغلى شەھەرگە يوغان تۇڭ ئورنىتىلغان يۈك ماشىنىسىنى ھەيدەيتتى . .ئۇلارنىڭ شەھەردىكى داڭلىق ، چوڭ رېستورانلار بىلەن مۇناسىۋىتى قويۇق ئىدى . ئۇ يەردىكى ئاشقان تاماقلار ئاشۇ ماشىنىدا توشۇپ كېلىنەتتى .

www.kitaphumar.com

راست دېگەندەك، رېستورانلاردىن چوشقىلارغا تاماق توشۇپ كېلىدىغان يۇك ماشىنىسىدىكى سىرتىنى قېلىن ماي باغلاپ كەتكەن يوغان تۇڭنىڭ ئىچىگە قارىسىڭىز چۆشىنىڭىزدىمۇ كۆرمىگەن نەرسىلەرنى كۆرىسىز . قورۇلغان، دۆملەنگەن، ئېچىتىلغان، ئىسسىق ـ سوغۇق ھەرخىل قورۇملار ، ئۆردەك ، غاز ـ توخۇ، قىرغاۋۇل، كەكلىك ... يەنە قانداقتۇر كەم ئۇچرايدىغان ئۇچار ـ قاناتلارنىڭ گۆشلىرى، بېلىق، پاقا، يىلان ، كەسلەنچۈك ، قۇرت ـ قوڭغۇز، ئىت ـ مۈشۈك، كالا، قويلارنىڭ گۆشلىرىدىن تەييارلانغان خىلمۇ خىل تاماقلار، كىملەرنىڭدۇر تۇغۇلغان كۈنىگە ئاتاپ تەييارلانغان ئېسىل تورتلار ، لەيلەپ تۇرغان ئاپئاق ھورنان، يۇتازا، مانتا ، سامسا ، پەرمۇدە ... ئايھاي ، بۇلارنىڭ ھەممىسىنى رەت ـ رېتى بىلەن يېزىپ چىقىمەن دېسىڭىز كاتتا رېستورانلارنىڭ تاماق تىزىملىكىنى بىر ـ بىرلەپ كۆرۈپ چىقىسىڭىزمۇ بولىدۇ . مۇنچىۋالا نەرسىلەرنىڭ قانداق ئادەملەرنىڭ ئالدىدىن ئېشىپ چىقىدىغانلىقىغا ئەقلىڭىزنى يەتكۈزەلمەيسىز . ھازىر ئاشخانىلار قورسىقى ئاچقانلارنىڭ كىرىپ تاماق يەيدىغان ئورنىمۇ ياكى قورسىقى توقلارنىڭ كىرىپ تاماق بۇزىدىغان ئورنى بوپقالدىمۇ ؟ دەپ ئويلىنىپ قالىسىز . ھېلىقى ئۇقۇتقۇچى ئېيتقاندەك ، پۇلى بار غوجاملار ئېھتىمال ئۆيىدە قورسىقىنى ئوبدان تويغۇزۇپ چىقىپ ، سۆلتىنى داۋراڭ قىلىش ئۈچۈن يەنە كاتتا رېستورانلارغا كىرىپ نەچچە يۈز يۈەنلىك تاماقلارنى بۇيرۇتۇپ قويۇپ ، بېمەي قاراپ ئولتۇرۇپلا قوپۇپ كەتسە كېرەك . ھەي ، سىز شۇنداقمۇ دەيسىز .- دەپ چۈشەندۈردى ماڭا بىر كۈنى بوۋاينىڭ چوڭ ئوغلى ھېلىقى قارا پىكاپىدىن چۈشۈپ ، مەن بىلەن كۆرۈشۈپ تۇرۇپ .- ھۆكۈمەتنىڭ رەسمىي سورۇنلىرىدا پۈتمىگەن نۇرغۇن ئىشلار ، شىركەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى ھەر خىل غەيرى رەسمىي توختاملار ، شەخسلەرنىڭ يەك ئىچىدىكى سودىلىرى بىزنىڭ ئاشۇ چوشقىلار يەيدىغان تاماقلار تىزىلغان جوزا ئۈستىدە پۈتىدۇ . شەھەر خەلقى بىزدىن خۇش بولسا بولىدۇ . شۇ ئاشقان ـ تاشقان نەرسىلەرنى بىز يىغىشتۇرمىساق ، پۈتۈن شەھەر سېسىقچىلىقتا چۆكۈپ قالامدۇ ؟ پۇلى بارلار قوۋرۇغىسى يوق پۇلنى خەجلەپ بۇزۇپ چاچىدۇ ، بىز بۇزۇلغان ـ چېچىلغان نەرسىلەرنى يىغىپ كېلىپ يەنە يېڭى گۆشكە ئايلاندۇرىمىز ...

بوۋاي ھازىر ئائىلىنىڭ چوڭ ـ كىچىك ئىشلىرىنى چوڭ ئوغلىغا تاشلاپ بېرىپ ، ھېچنىمىگە ئارلاشماي يۈرەتتى . ئاددى رەختلەردىن كىيىم كىيىپ ، ئۆزى بۇرۇندىن چېكىپ ئادەتلەنگەن ئەرزان تاماكىنى چېكەتتى . ئەتتىگەنلىك تامىقىغا ئىككى ـ ئۈچ تال پىلتە قۇيماق بىلەن ئۇماچ ئىچەتتى . ئۆيىدە شۇنچىلىك باياشاتچىلىق بولسىمۇ ، يەنە گۆشسىز قورۇملارنى قورۇتۇپ ، قوناق ھورنېنىنى ئەتىۋارلاپ يەيتتى . باللىرى ئۇنى ،

www.kitaphumar.com

www.uyghurkitap.com

بىزنىڭ بوۋاي كونا زامانىنىڭ ئادىمى ، مېڭىسىمۇ كونا پېتى قېتىپ قالغان ، دەپ زاڭلىق قىلاتتى . بوۋاي بەزى كۈنلىرى چوشقا قوتىنىغا كىرىپ تا ماكىسىنى چېكىپ ، رېستۇراندىن كەلتۈرۈلگەن ھەرخىل يېمەكلىكلەرنى تۇمشۇقىنى تىقىپ تىلغاپ يەۋاتقان چوشقىلارغا قاراپ تۇرۇپ كېتەتتى . قانداقلا بولسۇن ، ئۇ بىر دېھقان-دە ، شۇ كۆكتات ، شۇ گۆشلەرنى يېتىشتۈرگۈچىلەرنىڭ جاپالىق ئەجرى ، شۇ ئاپئاق ھورنانلار تەييارلىنىدىغان بۇغداينى تەرگۈچى جاپاكەش دېھقانىنىڭ چېچىلغان ھەر بىر تال بۇغداينى يەردىن ئېرىنمەي ئېڭىشىپ ئالىدىغان ھالىتى ، چوشقىلار تىلغاۋاتقان شۇ يېمەكلىكلەر ئۇخلىسا چۈشىگىمۇ كىر مەيدىغان نامرات ئائىلىلەر ئۇنىڭ خىيالىدىن كەچسە كېرەك ، بەلكىم . بەزىدە مەن بوۋاي بىلەن پاراڭلىشاي، دەپ ئۇلارنىڭ چوشقا قوتىنىغا كىرىپ قالاتتىم . كۆزۈمگە بۇ چوشقىلار مەن كىچىك ۋاقتىمدا كۆرگەن چوشقىلارغا ئوخشاشماي قېلىۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى. ئادەملەر يەيدىغان نەرسىلەرنى يەۋەرگەچكىمۇ ، ئۇلارنىڭ گەندىسىمۇ ئادەملەرنىڭ گەندىسىگە ئوخشىشىپ كېتەتتى .

مىجەزلىرىنى دېمەمسىز ، مىجەزىمۇ ئۆزلىرى يەۋاتقان تاماقلارنى ئاشۇرۇپ قويغان ئادەملەرنىڭ مىجەزىگە تارتىپ كېتىۋاتقاندەك قىلاتتى . ئۇلارنىڭ ئاپتاپقا قاقلىنىپ يېتىپ كېتىشلىرى قورسىقىنى بەك تويغۇزۇۋېتىپ ، ئۆزىنى ئالالماي دىۋاندا مۆگدەپ قالغان غوجاملارغا ئوخشىشىپ قالاتتى . بەزىلىرى ئالدىڭىزغا كېلىپ ، سەن نېمەڭگە يوغان سۆزلەيسەن ؟ بەز يەپ يۈرگەن يېمەكلىكلەرنى چۈشۈڭدىمۇ كۆرگەنمۇ سەن ؟ دېمەكچى بولغاندەك ، كۆزلىرىڭىزنىڭ ئىچىگە شۈنچىلىك قادىلىپ قارايدۇكى ، بەدەنلىرىڭىز جۇغۇلداپ كېتىدۇ . بەزى چىشى چوشقىلار ھە دېسە ئەيش ـ ئىشرەت سورۇنلىرىغا پالاقلايدىغان ئىشقىۋاز خېنىملارنى دوراپ ساغرىلىرىنى ئوينىتىپ غەلىتە قىلىقلارنى چىقىرىپ مېڭىپ كەتسە ، ناشايان ئىشلارنى قىلىشقا خۇشتار بايۋەچچىلەرنىڭ ئالدىدىن ئاشقان تاماقلارنى يەۋالغان بەزى ئەركەك چوشقىلارنىڭ ھېلىقى نايناق چىشى چوشقىلارنى ئەگىپ كېتەلمەي سۈركىلىشىپلا يۈرگەنلىكىنى كۆرىسىز . بۇلۇپمۇ ئۇلارنىڭ ئىچىدە يوغان بىر چىپار چوشقا بار ، ئۇنىڭ قولىنى ئارقىسىغا تۇتۇپ كېرىلىشى ، چوڭ ئەمەلدارلاردەك غادىيىپ مېڭىپ كېتىشلىرىنى كۆرسىڭىز قورققىنىڭىزدىن ئىختىيارسىز ئېگىلىپ سالام بېرىۋېتىشكە تاسلا قالىسىز...

2.يېقىندا ـقايسىبىر بايرامنىڭ ئالدىدا،شەھەر مەمۇرىيىتى شەھىرىمىزدىكى ئاشخانا، رېستۇرانلارغا بىر ھەپتە تىجارىتىنى توختىتىپ تازلىق قىلىشنى ئۇقتۇردى. ئاڭلىشىمىزچە يۇقىرىدىن شەھەرگە بىر چوڭ تەكشۈرۈش ئۆمىكى كەلمەكچى ئىكەن.ئۇقتۇرۇشتا«كىمكى ئۇقتۇرۇشقا خىلاپلىق قىلسا،ئېغىر جەرىمانە قويۇلىدۇ،تىجارەت كېنىشكىسى ئەمەلدىن

www.kitaphumar.com

قالدۇرۇلدۇ»دەپ ئېنىق يېزىلغاندى. مۇشۇنداق قىلمايمۇ بولمايتى. ئاشخانا، رېستورانلارغا كىرگەنــدە ســىز كــۆركەم زال، مەزلــىك تامــاقلارنى كۆرىســىز؛ شــۇ تامــاق ســۇرۇنلىرىنىڭ ئارقىسىدىكى ۋە پارچە-پۇرات نەرسىلەر قۇيۇلىدىغانئۆيلەردىكى پاسكىنىچىلىق، ئــۇ يەردىكــى دۈكۈرلىشــىپ يۈگۈرشــۈپ يــۈرگەن چاچقــانلار، گــىژلىدىشــىپ يــۈرگەن چــۋىن، چىپچىلــىپ ياتقان يىمەكلىكلەرنى خىيالىڭىزغىمۇ كەلتۈرمەيسىز. لېكىن بارلىق تاماق سۇرۇنلىرى بىــر ھەپتە تىجارەت توختاتسا، شۇ سۇرۇنلاردىن ئېشىپ چىققان نەرسىلەر بىــلەن بېقىلىۋاتقان مىڭلاپ چوشقىلار نىمە يەيدۇ!؟ دېگەن مەسىلنى ھېچكىم ئويلاپ باقمىدى، پاجىئەنىڭ بېشى مانا شۇنداق باشلاندى.

بــۇ بىــر ھەپتىنىــڭ ئالــدىنقى ئىككــى-ئــۈچ كــۈنى غۇۋۋاســىز ئۆتــۈپ كەتتــى. تــۆتىنچى كۈندىن باشلاپ چوشقىلار ئاچلىقتىن ھەر تەرەپكە تىپىرلاپ ئارامسىزلىنىشقا باشلىدى. چوشقا باققۇچىلارنىــڭ يۈگــۈرۈپ يــۈرۈپ تېپىــپ كەلــگەن ئارپــا، قونــاق، بۇغــدايلىرىغا، كېپەككە كۆكتــات، يــاۋا ئــوت دىگەنــدەك قانــداقتۇر بىــر نىملەرنــى ئارلاشــتۇرۇپ ياســاپ بەرگەن ئادايلارغا ئۇلار قارايمۇ قويمىدى. بەزىلىرى ئازىراق تېتىپ باققان بولسىمۇ، كــۆڭلى ئايىنىپ قۇسۇۋېتىشتى. چۈنكى، ئۇلار ئاللىبۇرۇن ئېسىل يىمەكلىكلەر بىــلەن ئۇزۇقلىنىشقا ئۆگىنىپ قېلىشقان ئىدى.

شــۇ كــۈنلەردە مەن قوشــنىمىزنىڭ قوروســىنىڭ يېنىــدىن ئۆتــۈپ كېتىۋېتىــپ، چوشقىلارنىڭ ئاچچىق چىرقىراپ نىملەرنىدۇر دەپ ۋارقىراشقانلىرىنى ئاڭلاپ قالدىم.

-ئۇلار بىــزگە تامــاق تەييارلايــدىغان ئاشــخانا، رېســتورانلارنى تاقىۋېتىــپ نــېمە ئىــش قىلىۋاتىدۇ بىلەمسىلەر؟-دەپ ۋارقىراۋاتاتتى بىر چوشقا.

نېمە ئىش قىلىۋېتىپتۇ؟ -دەپ چۇرقىراشتى چوشقىلارمۇ .

-تازلىق قىلىۋېتىپتىمىش، تازلىق!

ئويلاپ بېقىڭلار، ھەممە پاسكىنىچىلىقنىڭ مەنبەسى نىمە؟ ئــادەم! ئــۇلار ئالــدى بىــلەن ئۆزلىرىنىڭ ۋۇجۇدىنى تازلاشنىڭ لازىملىقىنــى ئويلاپمــۇ باقمايــدۇ. ئــۇلار پاكىزلىققا چــۋىن، چاچقان، پىت-بۈرگىلەرنى يوقىتىپ يەتمەكچى بولــۇۋېتىپتىمىش. بۇگــۈن پۈتــۈن زىمىننــى بۇلغاۋاتقان زادى كىم؟

بــۇ چوشــقا شــۇنچىلىك چوڭقــۇر مــۇلاھىزىلەرگە چۆشــۈپ كەتتىكــى، ئــۇ چۇقــۇم ئــالىي مەكتەپلەرنىڭ پىروفىسورلىرىنىڭ ئالدىدىن ئاشقان تاماقلارنى تاللاپ يــېگەن چوشــقا بولســا كېرەك، دەپ ئويلاپ قالدىم.

-شۇنداقلىقىغا باقماي،-دەپ سۆز ئالدى ئىككىنچى بىــر چوشــقا، -ئــۆزلىرىچە ئــۆزلىرىنى ھەممىــدىن ئــالىي ھېسابلىشــىدۇ. بىزلەرنــى كۆزگىمــۇ ئىلىپمــۇ قويمــاي، قەپەســتەك تــار

www.uyghurkitap.com



سىمۇنت تاملارنىڭ ئىچىگە سولاپ قويىشىدۇ. سوقۇشىپ قالسا بىر-بىرنى «چوشقا»! دەپ تىللىشىدۇيۇ، ئىزا تارتماي تېرىلىرىمىزدىن ھەر خىل كىيملەرنى تىكىشىپ كىيىشىدۇ، يۇڭلىرىمىزدا چوتكا ياساپ، ئاغزىلىرىغا تىقىپ چىشلىرنى چوتكىلىشىدۇ. گۆشلىرىمىزدىن ھەرخىل قۇرۇملارنى قورۇپ، يېگىنى يەپ، يېمىگەنلىرنى يەنە بىزنىڭ ئالدىمىزغا ئەكېلىپ تۆكۈشىدۇ. كىم بىلدۇ، بىز ھازىرغىچە قانچە قېرىندىشىمىزنىڭ گۆشىنى يېۋەتكەندىمىز!؟

-ئېھ،بىزنىڭ قەدىمي ئورمانلاردىقىغىنتىپ يۈرگەن ئەركىن چاغلىرىمىز! -دەپ ھەسرەت چەكتى يەنە بىر چوشقا، -ئۇ چاغلاردىكى يېمەكلىكلەر قانچىلىك ساپ ۋە تەبىئىي ئىدى ھە!

-ئاڭلىدىڭلارمۇ؟- دېدى يەنە بىر چوشقا ئۇلارنىڭ چوڭ باشلىقلىرى تېخى ھېچكىم ئېسراپچىلىق قىلمىسۇن، بۇنىڭدىن كېيىن، داستىخانلىرىمىزدىن چوشقىلارغا ھېچنىمە ئاشمىسۇن، ئاشۇرۇپ قويۇش چوڭ جىنايەت! دەپتىمىش...

ھەممىدىنمۇ بەكرەك قۇتراتقۇلۇق مەزمۇندىكى نۇتۇقنى ھېلقى يوغان چىپار چوشقا قوتاننىڭ سىمۇنت تېمىغا چىققىېلىپ، ۋارقىراپ تۇرۇپ سۆزلىدى:

-بۇ گەپچە ئەمدى بىز مەڭگۇ ئاچ يۈرگۈدەكمىزمۇ؟ -دەيتتى ئۇ، -بىزنىڭ ئاتا-بوۋىلىرىمىز ياشىغان قەدىمي ماكانلىرىمىزنى ۋەيران قىلىپ، تەبىئىيتىمىزنى، ياشاش شارائىتىمىزنى، ئۇزۇقلىنىش ئادەتلىرىمىزنى ئۆزگەرتىۋەتكەن زادى كىم؟ بۇرادەرلەر، ئۇلارغا ئۆزىمىزنى بىر كۆرستىپ قويىدىغان ۋاقتىمىز بولۇپ قالدى...

بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ، «يائاللا!»دەپ ياقامنى تۇتۇپ، بىرەر كېلىشمەسلىك يۈز بىرىپ قالالامدۇ، قانداق؟ دەپ قورقۇپ كەتتىم.

3.تازلىق تەكشۈرۈش بايرامنىڭ ئالدىدا ئاياغلاشتى.شەھەر تازلىقى تەكشۈرۈش ئۆمىكىنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشتى.شەھەرنىڭ كوچا-كوي، بۇلۇڭ-پۇشقاقلىردىن تارتىپ ئاشخانا، رېستوران، سودا ئورۇنلىرنىڭ ئىشىك-دېرىزە، شىرە-ئورۇندۇق، پوللىرغىچە ھەممە نىمە ئەينەكتەك پارقىراپ تۇراتتى. بايرام كۈنى ئەتىگەندىلا ئىشكلىرنى ئېچىپ، بارلىق رېستورانلار قايتىدىن تىجارەتنى باشلىۋەتتى. سەھەردىن باشلاپلا ئاشخانلارنىڭ تۈرخۇنلىردىن پۇرقىراپ ئىس كۆتۈرلىشكەباشلىدى. ئاشپەزلەرنىڭ قىڭراقلىرى دۆشە ئۈستىدە رىتىملىق تاكىلداپ، چۆمۈچلەر قازاننىڭ گىرۋىكىگە تېگىپ توختىماي داراڭلايتتى. خوجايىنلار ھەر تەرەپكە پالاقلاپ، كۈتكۈچىلەرگە نېمىلەرنىدۇر تاپلاش بىلەن ئالدىراش ئىدى. بۇ بىر ھەپتىدىن بېرى، رېستورانلاردا ئۆتكۈزۈلۈشكە تېگىشلىك بولغان توي-تۈكۈن، ھەرخىل مۇراسىم، شەخسى كۈتىۋېلىشلار يىغىلىپ قالغان بولۇپ، تاماق شىرەسىنىڭ ھەممىسى ئالدىن زاكاس قىلىنىپ بولۇنغان ئىدى.

www.kitaphumar.com

ۋاقىت سائەت 10لاردىن يېقىنلاشقاندا، پىشقان تاماقلارنىڭ ئاشخانىلاردىن تارقالغان مەزلىك پۇرىقى شەھەر ئاسمىنىنى قاپلاشقا باشلىدى. مەيىن شامال بۇ پۇراقنى ھەر تەرەپكە ئۇچۇراتتى. پىششىق تاماقلارنىڭ پۇرىقىغا سىزىمى ئۆتكۈرلىشىپ كەتكەن چوشقىلار قوتانلىرىدا تىپىرلاپ تۇرالماي قالدى. ئۇلار نەچچە كۈندىن بېرى ئاچ بولغاچقا، ئەمدى چىدىغۇدەك تاقىتى قالمىغاندى. بىرىنچى بولۇپ ھېلقى چىپار چوشقا كەينىگە داجىپ تۇرۇپ، يۈگۈرگىنىچە كېلىپ بوۋاينىڭ چوڭ ئوغلى ئورناتقان تۆمۈر دەرۋازىغا ئۆزىنى ئۇرغان ئىدى، دەرۋازا شانلىرىدىن ئاجراپ ئۇچۇپ چۈشتى. خۇددى شۇ مىنۇتتا، مەلسىھەتلىشىۋالغاندەك شەھەرنىڭ باشقا ئورۇنلىرىدىكى چوشقىلارمۇ قوتانلىرىنى ئۆرۈپ كوچىلارغا قۇيۇندەك ئېتىلىپ چىقتى.

بايراملىق كىيىملىرىنى كىيىپ، چىرايلىق ياسىنىشىپ كوچىلارغا چىققان ئادەملەر باشتا نىمىنىڭدۇر گۈلدۈرلىگەن ئاۋازىنى ئاڭلىغاندەك بولدى. ئارقىدىنلا، تەرەپ تەرەپتىن شەھەرگە يۇپۇرلۇپ كىرۋاتقان چوشقىلارنى كۆرۈپ، نېمە ۋەقە بولغانلىقىنى ئاڭقىرالماي تۇرۇپلا قېلىشتى. ئاندىن قىيا-چىيا قاچ-قاچ باشلاندى. ئادەملەر بىر-بىرىگە پۇتلىشىپ دومىلىشاتتى، ئاياللار يوقتىپ قويغان باللىرىنى ئىزدەپ ئالدى-كەينىگە يۈگۈرۈشەتتى. ئاپتوبۇس، ماشىنا شوپۇرلىرى نېمە قىلىشىنى بىلمەي روللىرىنى تۇتقىنىچە قېتىپ قېلىشقان ئىدى. نۇرغۇن ئادەملەر قەۋەتلىك بىنالارنىڭ ئۈستىگە چىقىۋېلىپ، دېرىزىلەردىن بېشىنى چىقىرىپ، قورقۇنچ بىلەن تۆۋەنگە قارىشاتتى. چوشقىلار بولسا ئۆزلىرىنىڭ دىماغلىرىنى غىدىقلاۋاتقان مەززىلىك پۇراقلارنىڭ نەدىن تارقىلىۋاتقانلىقىنى خاتاسىز مۆلچەرلەپ، تويتوغرا ئاشخانا، رېستورانلارغا قاراپ يۈگۈرمەكتە ئىدى.

چوشقىلار رېستورانلارنىڭ تاماق زاللىرىغا ئوقتەك ئېتىلىپ كىرىپ كەلگەندە، كۆتكۈچىلەرنىڭ قوللىرىدىن پەتنۇسلار جاراڭلاپ يەرگە چۈشۈپ كەتتى. مېھمانلار چۇرقىرىشىپ تەرەپ-تەرەپكە ئۆزىنى ئاتتى. ئاشپەزلەر پىچاق، چۆمۈچلەرنى تۇتقۇنچە قېتىپىن تۇرۇپ قېلىشتى. چوشقىلار ھېچنىمىگە قارىماي پىشقان تاماقلارغا ئۆزىنى ئاتتى. گۆش قايناۋاتقان قازانلار ئۆرۈلۈپ، چىنە-قاچىلار جاراڭلاپ يەرگە چۈشەتتى. چوشقىلار ئۈچۈن ئۈستەللەرگە تىزىلغان تاماقلارنى رەت-رېتى بىلەن يەپ ئولتۇرۇشنىڭ ھاجىتى يوق ئىدى. ئۇلار ھەممىنى ئارلاشتۇرۇپ يالمايتتى. چوڭ-چوڭ پارچىلاپ پىشۇرۇلغان گۆشلەرنى تۇمشۇقى بىلەن ئىتتىرىپ، يەردە سۆرەپ، گىلەملەرگە سۆرىشەتتى. قايسى بىر رېستوراننىڭ خوجايىنى زىيانغا چىدىماي، ئاشخانىدىن نۇغۇچنى كۆتۈرۈپ چىقىپ،چوشقىلارنى بىر ئەدەپلەپ قويماقچى بولىۋىدى، چىپار چوشقا ئۇنى بىر ئۇسۇپ، دېرىزىدىن تالاغا ئۇچۇرۇپ چىقىرۋەتتى.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى



قېنىي قىزىپ كەتكەن بەزى چوشقىلار يەنە كوچىلارغا قايتىپ چىقىپ، ماگىزىنلارنىڭ يېمەكلىكلەر تىزىلغان پەشتاخلىرى، كوچىدا پىشىشىق تاماق ساتىدىغانلارنىڭ تەنزىلىرىنمۇ مالمالتالاڭ قىلىۋەتتى. بىر كاۋاپچى بىر نەچچە چوشقىنىڭ يۈگۈرۈپ كېلىپ، كاۋاپدانىدا ۋىژىلداپ پىشىۋاتقان كاۋاپلارنى بىر-بىرلەپ ئېلىپ، بىر ئەپىلىك سىيرىپ يەۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ھەيرانلىقتا ئاغزىنى ئېچىپلا قالدى. مال ساتقۇچى بىر خانىم ئاپئاق بىر سېمىز چوشقىنىڭ مال جازىسىنىڭ يۇقىرسىدا تىزىقلىق ھەر بىر بوتۇلكىسى 1000يۈەنلىك ئېسىل ھارىقنى پۇتىنىڭ ئۇچىدا كۆتۈرۈپ ئېلىپ، ئاغزىنى ۋاققىدە ئېچىپ، رومكىغىمۇ قۇيماي گۇپۇلدىتىپ ئىچىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ھوشىدىن كەتتى.

بىر چوشقا كۆچۆكى ماگىزىنىنىڭ بۇلۇڭىدا تۇرغان بىر نەرسىنىڭ ئۈستىدىن ئۆتۈپ كىتىۋېتىپ، ئايىغى ئاستىدىن چىققۇاتقان يېقىلىق ئاۋازنى ئاڭلاپ توختاپ قالدى. ئۇ بايا بىر خېرىدار ئالماقچى بولۇپ قاپقىنى ئېچىپ قويغان چوڭ پىئانىنونىڭ ئۈستىدىن يۈگۈرۈپ ئۆتكەندى. ئۇ تۇغۇلغاندىن بېرى داڭلىق بىر مۇزىكانتنىڭ داستىخىندىن ئاشقان تاماقلارنى تاللاپ يەپ چوڭ بولغان چوشقا ئىدى. ئۆزىدە مۇزىكىغا بولغان ئاجايىپ سېزىملارنىڭ ئاللىبۇرۇن يېتىلىپ بولغانلىقىنى ھازىرغىچە ئۆزىمۇ بىلمەيتى. ئايىغى ئاستىدىن چىققۇاتقان رىتىملىك ئاۋازلارغا قىزىقىپ، ئۇ پىئانىنونىڭ ئۈستىدە توختىماي ئۇيياق-بۇياققا يۈگۈرۈشكە باشلىدى. نەتىجىدە ئۇنىڭ ئايىغى ئاستىدىن مۇزارت، بېتتىخوۋىنلارنىڭ ئىجادىيىتىنىڭ ئارلاشمىسا ئوخششىپ كېتىدىغان شۇنداق بىر مۇزىكا ساداسى جاراڭلاشقا باشلىدىكى، ھېلىقى 1000يۈەنلىك ھاراقنى ئىچۋالغان چوشقا ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي قۇيۇندەك پىرقىراشقا باشلىدى. ئارقىدىن كىرگەن چوشقىلارمۇ دۈكۈرلىشىپ ئۇسۇلغا چۈشۈپ، بۇ كاتتا سودا سارايىنى بېشىغا كىيدى.

مەلۇم بىر رېستوراننىڭ ھەر كۈنى رېستوراندىن چىقمايدىغان سېمىز بىر خېرىدارى بار ئىدى. ئۇنىڭ يانچۇقىدىكى خەجلىسە تۈگىمەيغان پۇللارنى زادى نەدىن كېلىدىغانلىقىنى خۇدايىم بىلمىسە، باشقا ئادەم بىلمەيتتى. چوشقىلار بۇ رېستوراننىڭ تۆۋەنكى قەۋىتىنى قالايمىقان قىلىۋاتقاندا، ئۇ يۇقىرقى قەۋەتتىكى ئالاھىدە بىر ئۆيدە خېنىملار بىلەن ھۇزۇرلىنىۋاتاتتى. تۆۋەندىكى گۈلدۈر-غالاپنى ئاڭلاپ ئۇ نېمە ۋەقە بولۇۋاتقانلىقىنى بىلمەكچى بولۇپ، پەلەمپەيدىن چۈشۈپ كېلىۋېتىپ، ئۆزىنى چەتكە ئېلىشقا ئۈلگۈرەلمەي، پەلەمپەيدىن چىقماقچى بولۇپ بۇرۇلغان بىر يوغان چوشقىنىڭ ئۈستىگە مىنىپ قالدى. ھېلىقى چوشقا ئۈستىگە چاپلىشىۋالغان بۇ غەلىتە مەخلۇقنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلەلمەي قورققىنىدىن رېستوران ئىچىنى بىر ئايلىنىپ تالاغا قاراپ يۈگۈردى. سېمىز خېرىدار يەرگە بېشىچە ئۇچۇپ چۈشۈشتىن قورقۇپ، چوشقىنىڭ بوينىغا مەھكەم ئېسىلىۋالغاندى.

كوچىدىكىلەرنىڭ كۆزىگە خۇددى چوشقىنىڭ ئۇستىزگە يەنە بىر چوشقا مىنۋالغاندەك كۆرۈنۈپ كەتتى.شۇنىڭ بىلەن بىردەمدىلا شەھەر ئىچىگە، بىر چوشقا يەنە بىر چوشقىنىڭ ئۇستىگە مىنۋېلىپ، كوچىلارنى ئايلىنىپ، بۇگۈنكى قالايمىقانچىلىققا قوماندانلىق قىلىپتۇدەك، دېگەن گەپ تارقىلىپ كەتتى. بەزىلەر، ھېلىقى قوماندان ئادەم يەيدىغان نەرسىلەرنى يەۋېرىپ ئادەمگە ئايلىنىۋاتقان چوشقا ئىكەن دېسە، يەنە بەزىلەر، چوشقا يەيدىغان نەرسىلەرنى يەۋېرىپ چوشقىغا ئۆزگىرىپ كېتىۋاتقان ئادەم ئىكەن، دېيىشەتتى.

4.شەھەر مەمۇرىيىتى بۇ قالايمىقانچىلىقلارنى بىر تەرەپ قىلىش ئۈچۈن دەرھال يىغىن چاقىردى. بايرام كۈنى بولغاچقا مۇناسىۋەتلىك كىشىلەرنى جەم قىلىشمۇ خېلى تەسكە توختىدى. كەلگەنلەرنىڭمۇ بەزىسى كەيىپ،بەزىلىرىنىڭ ئۇيقۇسىزلىقتىن كۆزلىرى قىزارغان ئىدى. ئالدى بىلەن چوشقا باققۇچى ھەر قايسى ئائىللەرگە ئۆز چوشقىلىرىنى تۇتۇۋېلىپ دەرھال قايتۇرۇپ كىتىش توغرىسىدا جىددى ئۇقتۇرۇش چۈشۈرۈلدى. بۇ قالايمىقانچىلىقتا قايسى چوشقا كىمنىڭ ئىكەنلىنى ئايرىشمۇ بىر گەپ ئىدى. چوشقا ئىگىلىرى شەھەر كوچىلىردا ھەر تەرەپكە يۈگۈرۈپ، قالايمىقانچىلىقنى تېخىمۇ ئاۋۇتىۋەتتى.

شەھەر مەمۇرىيىتىدە ئېچىلىۋاتقان يىغىن تېخىچە داۋاملىشىۋاتاتتى. شەھەرنىڭ ھايۋانلار تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان بىر خادىمى ناھايىتى ئۇزاق سۆزلەپ كەتتى. راستىنى ئېيتقاندا، ئۇنىڭ نىمە دىمەكچى بولۇۋاتقانلىقىنى ھېچكىم چۈشەنەلمىدى.

-بۈگۈن يۈز بەرگەن بۇ پاجىئە، -دەپ سۆزنى داۋاملاشتۇراتتى ئۇ، -بىزنىڭ ئالدىمىزغا نۇرغۇن يېڭى مەسىللەرنى قويدى. بىزنىڭ كىيىم-كېچەك، تۇرالغۇ-ئۆي، قاتناش قوراللىرىمىز قالتىس زامانىۋىلىشىپ كەتتى. يېمەك-ئىچمەكنى بەك تاللايدىغان بولۇپ كەتتۇق. لېكىن، بىزنىڭ روھى دۇنيارىمىزدا شۇنىڭغا لايىق قانچىلىك يۈكسىلىش بولدى؟ زادى قاچانلاردىن باشلاپ چوشقىلارنىڭ يەيدىغىنى بىزنىڭ يەيدىغىنىمىز بىلەن ئوخشىشىپ قالدى؟ بىزنىڭ تاماقلىرىمىز چوشقىلارنىڭكىگە ئوخشىشىپ قېلىۋاتامدۇ ياكى چوشقىلارنىڭ تامىقى بىزنىڭ شىرەيمىزگە چىقىپ قېلىۋاتامدۇ؟ مانا بۇ يېڭى بىر تەرەققىيات تېمىسى. دىمەكچىمەنكى، ئەگەر ھايۋانلارمۇ ئۆزىنىڭ يېيىشكە تېگىشلىك يەم-خەشەكلىرى بىلەن ئۇزۇقلاندۇرۇلمىسا، ئۇلارنىڭ تەبىئىتى ئۆزگىرىپ، بۈگۈنكىدەك قالايمىقانچىلىقلار كىلىپ چىقىدۇ. ئادەملەرنىڭ يېمەك-ئىچمىكى ھايۋانلارنىڭكىگە ئوخشىشىپ قالغىلى تۇرسىچۇ؟ ھە، ئۇ چاغدا ھايۋانلاردىن ئايرىلىپ چىققان ئىنسان يەنە ھايۋان تەبىئىتىگە قايتىپ كېتىدۇ...

شەھەر باشلىقى تاقەتسىزلىنىپ ئولتۇرالماي قالدى. چۈنكى ئۇنىڭغا ھازىر مۇنداق ئۇزاقتىن-ئۇزاققا سوزۇلغان قۇرۇق گەپ ئەمەس، شەھەرنى تەرتىپكە سېلىشنىڭ ئۈنۈملۈك

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى



بىر چارىسى ھەققىدىكى مەسلىھەت لازىم ئىدى. ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ يان بۆلۈمگە چىقتى-دە، شەھەر ئەتراپىدا تۇرۇۋاتقان مەلۇم بىر قىسمنىڭ رەھبىرىنى تېلفۇنغا چاقىردى. ئۇنىڭ بىلەن بوگۈنكى قالايمىقانچىلىقلارنى بىر تەرەپ قىلىشنىڭ تەدبىرلىرى ئۈستىدە جىددىي سۆزلەشتى.

كۈن پېشىندىن قايرىلغاندا، شەھەر باشلىقىنىڭ قالايمىقانچىلىقنى تىنجىتىش تەدبىرلىرى تېخى يۈرگۈزۈلمەي تۇرۇپلا جاھان تىنجىپ قالدى. ئۇبدان يەپ-ئىچىپ، پۇخادىن چىققۇچە قىيغاتقان چوشقىلار ھارغان، قورساقلىرنى كۆتۈرەلمەي بوشىشىپ كەتكەن ئىدى. قالايمىقان نەرسىلەرنى كۆپرەك يەپ قويغان بەزىلىرى قولىنى كانىيغا تىقىپ قەي قىلدى. يەنە بەزىلىرى ئاغزىنى جۇمەكتىن چۈشۈۋاتقان مۇزدەك سۇغا تۇتۇپ غار-غار قىلىپ، بەك تۇيۇپ كەتكەنمۇ ئانچە ياخشى ئىش ئەمەسكەن، دېيىشتى. ئاندىن ئۇلار سەپ-سەپ بولۇپ شەھەر سىرتىغا -ئۆزلىرىنىڭ ئۆگەنگەن قوتانلىرىغا بېرىپ، تازا بىر ئېغىناپ ئارام ئېلىشى لازىم ئىدى. ھەممىدىنمۇ ھېلقى سېمىز خېرىدارنى ئۈستىگە يۈدۈپ يۈگۈرۈپ يۈرگەن يوغان چوشقىنىڭ ھالى بەك خاراب بولۇپ، پۇت-قولىدا جان يوق يىقىلىپ قالغان ئىدى. سېمىز خېرىدارمۇ ئۇنىڭ ئۈستىدىن سېيرىلىپ چۈشكەندە ئىلگىركىدىن 10 كىلوگرام ئورۇقلاپ كەتكەن ئىدى. يىقىلىپ قالغان چوڭ چوشقىنى ئىككى چوشقا زەمبىلگە سېلىپ كۆتۈرۈپ ماڭغاندا، سېمىز خېرىدار خۇددى يېقىن بىر تۇغقىنىدىن ئايرىلىپ قالغاندەك كۆزىگە ياش ئالدى...

شەھەر باشلىقى مۇناسىۋەتلىك خادىملىرنى ئەگەشتۈرۈپ يېتىپ كەلگەندە شەھەر كوچىلىردا بىرمۇ چوشقا قالمىغاندى. ھەممە يەردە چوشقا گەندىلىرى، بۇزۇلغان-سۇنغان نەرسىلەر چېچىلىپ ياتاتتى.

-ھېلىمۇ ياخشى تەكشۈرۈش ئۆمىكى توننۇگۈن كىتىپ كەلگەن ئىكەن! -دېدى شەھەر باشلىقىنىڭ يېنىدا تۇرغان بىرى.

-بوگۈن چوشقىلارغا بايرام بوپتۇ -دە! -دېدى ئارقىدا تۇرغان يەنە بىرەيلەن.

5.قوشنىمىزنىڭ ھېلقى يوغان چىپار چوشقىسىدىن باشقا ھەممە چوشقىسى تولۇق قايتىپ كەلدى. قىززىق يېرى شۇكى، شۇ قالايمىقانچىلىقتا بوۋاينىڭ چوڭ ئوغلى ئولتۇرىدىغان قارا پىكاپمۇ غايىب بولغاندى. بوۋاينىڭ چوڭ ئوغلى ئۈچۈرغانلا ئادەمگە ؛

-پىكاپنى چىپار چوشقا ئېلىپ قاچتى. ھېلقى كۈنى مەن ئۇنىڭ پىكاپنى ھەيدەپ يېنىمدىن غۇيۇلداپ ئۆتۈپ كەتكىنىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرگەن-دەپ يۈرەتتى.

-ساراڭ بولماڭ، چوشقا قانداق ماشىنا ھەيدىيەلەيدۇ، -دەپ ئۇنى ھېچقايسىمىز ئىشەندۈرەلمىدۇق...

# ماغدۇر كەتكەندە

**زۇنۇن قادىر**

## (1)

ئۇ بېشىنى تۆۋەن ساڭگىلاتقان ھالدا ئارىنىڭ ئۇچى بىلەن چۆيۈندەك قاتقان يەرنى سىجاپ ئولتۇراتتى، كۆن نەيزە بويى ئۆرلىگەندىن تارتىپ نامازدىگەرگىچە بىر دائىرىنى ئايلىنىۋېرىشى ۋە تۇلۇقنىڭ بىرخىل گۈپۈلدىگەن ئاۋازى مېنى زېرىكتۈرىۋەتتى، توغرىسىنى ئېيتقاندا، ئۇستىخانلىرىم ئاجراپ كەتكەندەك بولۇپ، پۇتۇۋۇن ئەزايىم سىرقىراپ، ھاردۇق يېتىپ قالغاندى.

ئۇجمە تايىقى بىلەن ئاتنىڭ ساغرىسىغا كۇچۇمنىڭ بارىچە بىر نەچچە قېتىم ئۇرىمەن، دېۋىتىپ تېزگىنىنى سېرىيمەن،ئات يەنە قاتراپ كېتىدۇ،بەش ئالتە چۆرگىلەپ قويۇپ ئېغىر يۈك تارتقاندەك يەنە ئاستا مېڭىشقاچۇشىدۇ،مەنمۇ ئارام ئالغاندەك بولۇپ،دىمىغىمدا ناخشا ئېيتىپ خىيال سۇرۇپ كېتىمەن:«دۇكاندارلارنى قارا،ئۇلار ئاپتاپتا كۆيمەيدۇ، تەرلىمەيدۇ. سۇ سېپىپ قويۇپ،سايىدا جىم ئولتۇرىشىدۇ،قانداق راھەت». «خامان ئالماق ـ شەھەر ئالماق» دەپ راست ئېيتقانىكەن. ئېخى مۇشۇ دۆۋىلەگىلىك باغرىنى يۇمشىتىۋېتىش كېرەك ئۇنى سامانىدىن، توپىدىن ئاجرىتىپ ئالغۇچە جېنىدىن تويۇشماسمۇ. بۇغدايىنى قېقىرىل چەش قىلىدۇ، قەلەندەرلەر يۈگۈرۈشۇپ كېلىدۇ،ئۇلارغا بىر ـ ئىككى گۈرجەكتەن كەپسەن بېرىلىدۇ، ئۇ كۇنى خامانغا مانتا قويغانلارغا ئىككى پۇت بۇغداي بېرىمىز دەيدۇ، ئوندىن بىرىنى ئۆشرىگە ئالىدۇ،ئاندىن چەشنىڭ ئالدىدىكى دانلىق يەردىن خاماندىلا ئۇگۇت ئېتىپ، دداننى قاچىلاپ قويۇشىدۇ، ھەم دان ھەم ئۆشرە ئالسا دېھقانلارغا ئېغىر بولمامدۇ؟...بىرنى ئالسىمۇ بولىدىغۇ؟ ئېخى لىكوغا بارىدىغان مەدىكارلارغا بۇغداي بېرىدىغانغا جازانغا پۇل ئېلىپ بەرگەن، ئۇنى سىلەر تارتىسىلەر دېگەندى، ئۇنىڭغا قانچە خو بۇغداي كېتەر،ئارپا ـ بۇغداي سېلىقى بار، ئۇنىڭغىمۇ بۇغداي سېتىپ بېرىش كېرەكمۇ يەنە؟ ھارۋا سەيىسسىسى،كۆمۈر سېلىقى...يەنە مەن بىلمەيدىغان يەنە قانداق بالا ـ قازالار بارئىكىن؟ بۇغدىيىمىزنىڭ ئۇرۇقى تۆت خو، ئەگەر ياخشى بولغان بولسا قىرىق خو بولار، ئۇنىڭدىن يىگىرمە خوسى بىزگە تېگىپ، ئون نەچچە خوسى دەنگە

www.kitaphumar.com

www.uyghurkitap.com

كەتسە، شۇنىڭ بىلەنلا كېلەر يىللىق ئۈرۈقلۇقتا ۋە ئاش-ئوزۇققا بىرنەرسە ئاشامدۇ؟ ياق، ئاشمايدۇ! ئەگەر دەنگە پۇل ئالسا، باشقا نەرسىلەرنى سېتىپ تۈگىتىپ،ئون نەچچە خوچە بۇغداينى ساقلاپ قويۇش كېرەك، تۇرمۇشنىڭ تۇرلۇك قاراڭغۇ جايلىرىغا چۈشۈپ قالماي، قاەنداق قىلىپ ياخشىراق كۈن كەچۈرۈش ئارزۇلىرى مېنى ئەتراپىمنى ئورىۋالغان ھادىسىلەردىن ئاجرىتىپ،ئاللىقانداق تېگى يوق دېڭىز ئىچىگە ئاتقان ئىدى، ئاتىنىڭ تۇيۇقسىزلا پۇرقىش بىلەن خاماندا تولۇق ھەيدەۋاتقانلىقىم ئېسىمگە چۈشتى، ئات بولسا توختاپ قېلىپ، بۇغداي يەۋېتىپتۇ، خامان تېپىدىغان كىشى ئارىغا ئېسىلىپ ئۇخلاۋېتىپتۇ، ئۇنىڭ چىرايى خۇددى ئالدىدىكى سامانىنىڭ رەڭگىدەك، قاپاقلىرى ئىششىق،گەز باغلاپ كەتكەن لەۋلىرى ئۇستىدە تۇكۇرۇك كۆپۈكلىرى گىڭىلداپ، چۈشىنىپ بولمايدىغان ئاۋازلار كېلىپ تۇراتتى، كۆڭلەكسىز تېنىگە كېيىۋالغان چىرىپ كەتكەن پەشمىتى ۋە مايلاشقان شاپاق بۆكى ئۇنىڭ چىرايىنى تېخىمۇ سەتلەشتۈرۈپ كۆرسىتىدۇ، ئۇنىڭ كۆڭلىگە غەشلىك سالىدىغان چىرايىغا قاراپ مېنىڭ ئۆچلۈكۈم كېلىدۇ.

«بۇ بولۇمسىز ھورۇن ئادەم»، دەيمەن ئىچىمدە،يەنە ئويلاپ يەنە ئۇنىڭغا ئىچىنىمەن، «بۇ گاڭگىراپ كەتكەن ئادەم»، مەنمۇ چوڭ بولغاندا يولۇمنى تاپالمىسام، ئەنە شۇنداق تەمترەپ قالىمەن.

نېمشقا نۇرغۇن ئادەملەر مۇشۇنداق يامان كۈنلەرگە قالىدۇ؟مەن بۇ سوئالنىڭ تېگىگە ئويلاپ يېتەلمەيتتىم، يەنە خىيالىم چېگىش كىرىپ كەتكەن لەگلەكنىڭ تانىسىدەك بولۇپ كېتەتتى، چەكسىز كەتكەن ئېتىز باغرىغا نەزەر تاشلىدىم.

بىر-بىرىگە تۇتىشىپ كەتكەن ئېگىزلار ئاپتاپتا ساپسېرىق ئالتۇندەك تاۋلىناتتى، ئېرىقنىڭ قىرىدىكى چۆپلەر ۋە دەل-دەرەخلەر يېشىل بولۇپ كۆرۈنەتتى، ئۇياق-بۇياقلاردىكى خانلاردىن فونتان بولۇپ ئاسمانغا ئېتىلىۋاتقان توپىلار ۋە بۇغدايلىقلاردا مۆكچىيىپ بەس-بەس بىلەن ئۇملەر كېتىپ بارغان ئادەملەرنىڭ ھەربكەتلىرىتوپىغا چىچىلىپ كەتكەن داننى يىغىۋېلىش ئۇچۇن باشلانغان كۆرەشنىڭ نەقەدەر جىددىي ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ تۇراتتى، يىراق جايلاردىن ئورما ناخشىسى ئاڭلىنىپ تۇراتتى:

ئومىنى تولا ئوروپ،
بىلىكىڭ تالدىمۇ يايرىم؟
ئاز كۈن ئويناپ ئايرىلدۇق،
يۈرىكىڭ قاندىمۇ يايرىم؟
«ئالتۇنۇم، ئامرىقىم،ئومىقىم...»

ئوهو! نېمىدىگەن چىرايلىق ناخشا ئېيتىدىغان ئادەملەر بۇ ھە؟ ئارزۇ-ئارمانلىرىغا قانمىغان يۈرەكلەردىن موشۇنداق پارقىراپ تۇرىدىغان ئۈنچىدەك سۆزلەر تۆكۈلۈپ چىقىدىكەن-ھە!

خامانغا بىزنىڭ ئوتاقچى كەلدى، ئۇ سۇ يېغىدا ياغلىشىپ، قارا مومدا مايلىغاندەك پارقىراپ تۇرىدىغان ئەسكى بىرخۇرجۇن بىلەن ئېلىپ كەلگەن ئىككى نان، بىرقاپاق ئەتكەن چاينى مۆرىسىدە كۆتەرگەن پېتى ئۇخلاۋاتقان ئادەمگە قاراپ تۇرۇپ قالدى.

-ھوي باقىكا!-دېدى ئوتاقچى غەزەپ بىلەن ،بەللى،موشۇمۇ ئىش بولدىمۇ؟

باقى تەمترەپ قوپۇپ:

-يۇمشاپ كېتىپتىغۇ؟مېنى نېمىشقا ئويغاتمايسەن؟-دەپ ماڭا قارىدى.مەن ئۇنىڭغا جاۋاب بەرگۈچە ئوتاقچى جۇدۇن بىلەن خۇرجۇننى يەرگە ئىرغىتىپ:

-سىزنى خامانغا كېلىپ ئۇخلاپ بېرىڭ دەپ چاقىرمىدىم-دە، يېرىم پۇت بۇغداينى ھالاللاپ ئالسىڭىز بولمامدۇ؟-دېدى .

-مېجەزىم يوق...-دېدى باقى ئارتۇق سۆز قىلماي،مەھبۇس قىياپىتىدە يەرگە قاراپ قالدى.

-ئەكىلىڭ ئارىنى! مېجەزى يوق ئىمىش؛ مېجەزى يوق ئادەم ئىشلىمەيمەن دېيىش كېرەك! نەچچە ئوتاق ئاشلىقتىن كېچە-كۈندۈز ئىشلەپ بىزگە ئاشىدىغىنىمۇ چاغلىق، خەقنىڭ دەردىنى تارتقۇچىلىكىمىز يوق،ئۆزىمىزنىڭمۇ يېتىپ ئاشىدۇ...مېجەزىڭىز بولمىسا بېرىڭ، ئۆيىڭىزدە يېتىڭ !

ئوتاقچىنىڭ زەردە بىلەن قىلغان ئاچچىق سۆزلىرىنى ئىچىگە يۇتىۋەتكەن باقى گەز باغلاپ كەتكەن كالپۇكلىرىنى يالاپ،ئۇلۇغ-كىچىك تىنىدى-دە،ماتەمدار كىشىدەك بېشىنى تۆۋەنسالغان ھالدا مەھەللە تەرەپكە بىر بېسىپ-ئىككى بېسىپ يۈرۈپ كەتتى.

(2)

باھارخان كىچىككىنە قىزىنىڭ ۋاي سالغىنىغا قارىماي،ئۇنىڭ يېرىلغان پۇتلىرىنى چىراق يېغى بىلەن داغلاۋاتقان ئىدى.-ئەزبىرايى خۇدا، تويدۇم موشۇ كۈندى،-دېدى باقى قولىدىكى بەتىنكىنى يەرگە ئېتىپ، بىگىز سانجىلغان قولىنى سىلىكىدى،-بۇنىڭ جايى قىغ، ئالۋاستىنىڭ...ئوچاققا تاشلاپ كۆيدۈرىمەن!

www.kitaphumar.com

-ئەۋەي، تۆمۈر بولسىمۇ ئۈپرايدۇ، بۇ يىل قىش چىقسا شۇ بەتىنىكىگە بەش يىل بولىدۇ، ھېلىمۇ ياز بويى ئۇنى ئاياپ يالاڭئاياق يۈرىمەن.

باقى خوتۇنىنىڭ بەتىنكىسىنى يەنە ياماشقا كىرىشتى. ياماپقۇ ئۇنىڭغا ياماق سېلىۋاتقىنى يوق، كەندىر چىگە بىلەن ئۇياق-بۇياقتا تارتىپ يۇرۇپ پۇرۇشتۇرەتتى، چىرىپ كەتكەن قىرىم چاك تۇتالماس ئىدى، باقى بەتىنكىنى پۇتۇن ۋۇجۇدى بىلەن بېرىلىپ تىكىشكە كىرىشتى، يېڭنە ئۆتكەن جايغا تۇكۇرۇكىنى پۇركۈپ چېگىنى ئېھتىيات بىلەن تارتاتتى .

ئادەم بويىدىن ئېككى غېرىچلا ئېگىزلىكتىكى ئۆي، بۇنى ئۆزي دەپ ئېيتقىلىمۇ بولمايدۇ مومايلارنىڭ ئالۋاستى كەپىسى دېگىنىگە ئوخشاشلا بىرنەرسە، ئۇياقتا ئورۇن كۆرپە نامى بىلەن بىرقۇچاق ئەسكى-تۇسكە نەرسىلەر تىزىپ قويۇلغان، يەردە ئېككى غۇلاچچە تىتىلىپ كەتكەن كىگىز، چېلەك، چۆگۈن، چۆمۈچ، تۆمۈردى ياسالغان نەرسىلەر ئەمەس دېھقانلار ئۆزى تېرىپ ئالغان قاپاقلار ناھايىتى بۇ ئۆيدە پۇلغا ئەرزىيدىغان بىرلا نەرسە كىچىككىنە بىر قازان. بىراق بۇقۇممۇ، چۆيۈنمۇ بايقىۋالالمىدىم، ئۇنىڭ ئوت تەرىپىدىكى بۇلۇڭدا توشقانەك تۇگۇلۇپ ئۇچ-تۆت بالا ئولتۇرىدۇ، ئانا-بالىلارنىڭ بىر-بىرىدىن پەرق قىلمايدىغان تۇپىرەڭ چىرايىدىن ئادەمگە يارىشىدىغان ئىسسىقلىق، خۇشاللىقلار پەقەت تېپىلمايدۇ. ھەممىنىڭ قاپىقى تۈرۈك، جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈرىدۇ، «باللىق ئۆي ـبازار، بالىسىز ئۆي مازار » دېگەن سۆزلەر بۇ ئۆيدە قېنى؟

«ئېھ، ئېھ» لىغان ئۇنلەر، قايسى بىرىنىڭ قاتتىقراق ئىڭرىغان ئاۋازى ئاڭلانغان ئىدى، دادىسى قارغاشقا باشلىدى.

-سەپرايىمنى ئۆرلەتمە! ھازىر ئوجۇقتۇرىۋېتىمەن! يا ئۆلمىدى بۇ ئىنجمارۇق جىخىن تەگكەنلەر...

-ئىت...

-موخو!

-نېمانچە سەپرالىق بۇ؟ جان ئاغرىغاندىكىن كېيىن دادلىمامدۇ؟ ئۆزىمۇ تاڭ ئاتقۇچە غىڭشىپ يۆتىلىپ ياتالمايدىغۇ،-دېدى باھارخان.

يەنە جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈرۈپ كەتتى، چىراغدىن بىر غېرىچ ئۆرلەپ تارقىلىۋاتقان ئىس تام-تورۇسلارنى قارا رەڭدە بوياماقتا، ئۆيىنىڭ ئىچى بارغانسىرى گۆگۈملىشىپ، ئىچىدىكى ئادەملەرنى خىيالى بىرگەۋدىلەرگە ئايلاندۇرماقتا ئىدى، مەن ئاچچىق زەردە گەپلەر بولۇپ تۇرىدىغان بۇ ئۆيگە كىرىشتىن ۋاز كەچتىم، بىچارە ئادەملەرگە ئۆزرە ئېيتىپ كېلەي دېگەن خىيالىم سۇغا چۈشكەن قاردەك ئېرىپ كەتكەن ئىدى، پەنجىرە تۈۋىدىن

www.kitaphumar.com

ئاستا-ئاستا بېسىپ ئارقىغا يېنىپ كەتتىم، ئۆيگە بېرىپ ياتقاندا تېنىچ ئۇخلىيالمىدىم، ئۇنىڭ باللىرى شۇنچە مۇلايىم، ئۇلار باشقا كىشىلەرنىڭ باللىرىدەك كوچىنىڭ ئۇ بېشىدىن بۇ بېشىغا قىقاس-چۇقان سېلىپ يۈگۈرۈشمەيدۇ، تال چىۋىقنى ئات ئېتىپ كوچىنى چاڭ كەلتۈرۈشىنىمۇ بىلمەيدۇ، بوسوغىدا، ئۆيىنىڭ بۇلۇڭ پۇچقاقلىرىدا دەرمانسىز شۈمشىيىپ ئولتۇرغىنى ئولتۇرغان، ھەممىسى ئاغرىق، يەنە ئۇنىڭ ئۇستىگە ھەركۈنى بىرنەچچە قېتىم تەكرىدىن ئۆلۈم تىلەش، ئاتا-ئانىلىرىمۇ ئاغرىپ، ئۇوقەت قىلىدىغان كىشى يوق، پەقەت ئۇلار قارغىش، رەنجىش، كۆڭۈل ئاغرىقنى كەسىپ قىلىۋالغاندەكلا كۆرۈنىدۇ، بۇ نەقاتارلىق ئوسال كۈن كەچۈرۈش ھە!

باقى ھەركۈنى مەسچىت ئالدىدا يانپاشلاپ ياتىدۇ، باھارخان مەھەللە بېشىدىن ياكى ئايىغىدىن كۆلۈمسىرەپ بولمىسا، سۈلتىيىپ كېلىدۇ، ئۇنىڭ پاخپايغان چاچلىرى،چاپاق بېسىپ قىزارغان كۆزلىرى، جۇل-جۇل بولۇپ كۆڭلەكتىن كۆرۈنۈپ تۇرغان كۆلرەڭ تېنى،كۈلسىمۇ، يىغلىسىمۇ باقىنىڭ «ئالۋاستى» دەپ تىللايدىغان قىياپىتىنى ئەسلىتىدۇ، لېكىن دۇنيادا باقىغا بۇنىڭدىن مېھرىبان باشقا ھېچ نەرسە يوقتۇلمىگەن، مۇھەببەت ئۇلۇغ نەرسە دېسە مانا شۇنىڭغا ئىشەنسە بولىدۇ، بەزىلەرنىڭ ئۇنىڭ بىلەن گەپلەشكۈسى كەلمىگەن بىلەن، دۇنيادا باقىغا ئۇنىڭدىن چىرايلىق كۆرۈنىدىغان ئىككىنچى بىرئادەم بولمايدۇ، ئۇرىشىش، تىللاش، رەنجىش بۇ ئائىلىگە ئەسلى خاس ئەمەس، ئۇلار بىر-بىرىگە نېمە يامانلىق قىلىشقان گۇناھى ئۈچۈن زەردە قىلىشىدۇ؟ ئۇرۇشقىدەك ئىش بارمۇ؟ يوق. پەقەت تۇرمۇشنىڭ ئاچچىق زەھىرى مەسىت قىلغان چاغدىلا شۇنداق بولۇپ قالىدۇ.

باھارخان نان ياققان جايدىن بىر-ئىككى نان، گاھى چاغدا كوزىدا ياكى ھېجىردا تاماق كۆتۈرۈپ كېلىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ ئۆي تەرەپكە قايرىلىدىمۇ، باقى ئارقىسىدىن ھېچ تەرەپكە قارىماي دوڭۈلداپ كىرىپ كېتىدۇ، باھارخان نېمىكى تاپسا ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئۆزى بىرچەتتە قاراپ تۇراتتى. چوڭ ئادەم نەپسىنى يىغىۋېلىشى مۇمكىن، لېكىن چالا تاماق يەپ قالغان كىچىك باللارنىڭ مۆلدۈرلەپ تۇرغان كۆزىگە تىكىپ قاراش ناھايىتى تەس.

كۆڭۈلنىڭ نازۇك يەرلىرىگە بولغان بۇنىڭ تەسىرىنى قورسىقى توق كىشىلەرنىڭ چۈشەندۈرۈپ بېرىشىمۇ تەس، بۇ ئائىلىدە كۆپ ۋاقىتتا شۇنداق يېرىم تويۇنۇش ھۆكۈم سۈرەتتى، باللار تامىقنى بىر-بىرىدىن قىزغىنىپ چاينىماي يۇتىدۇ، قاچىدا ھېچ نەرسە قالمىغاندىن كېيىن، تاماقنىڭ تاتلىقى قالغان قوللىرىنى يالاپ، شۇمەپ ئانىسىغا «يەنچۇ» دېگەن مەندە بويىنىنى سىڭايان قىلىپ تەلمۈرۈپ تۇراتتى، مەن باللارنى بۇ قىياپەتتە كۆرگەندە، چىداپ تۇرالماي يەرگە قارىۋالاتتىم.

www.kitaphumar.com

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

(3)

-بىز شەيتاننىڭ ئەۋلادى ئەمەسقۇ؟ توۋا قىلىدىم..-دېدى باقى ياقىسىنى تۇتۇپ،-ھېچكىم بىزنى ئېلىشۇەتكەن تىرىنقىچىلىك كۆرمەيدۇ، خۇددى بىر سۈپۈرۈندە ئەخلەت، بىزمۇ جاھان تۇتۇپ كۆرگەنغۇ، ئەلنىڭ گۈلىگە گۈل،خالىغا خال قويغان، مۇنداقلا ئەمەس ئىدۇق .

ئۇ بىرنەرسە تىڭشاۋاتقاندەك بويىنىنى ئېگىپ جىم بولۇپ قالدى، مەن تونۇردىن پۈتۈمنى تارتۋېلىپ، ئاسمانغا قارىدىم. يېقىنلا بىرجايدىكى قارىياغاچ شاخلىرى ئارىسىدىن تولۇن ئاي مارايپ تۇراتتى، يۇمشاق شامالدا تىتىرىگەن يوپۇرماقلار تونۇر بېشىدىكى ئالا كۆلەڭگۈنى نازغىتىپ تۇراتتى، كېچە بەك چىرايلىق ئىدى، ئۇزاق يەرلەردىن ئېتىزدىن قايتقان كىشلەرنىڭ ناخشىلىرى ئاڭلىنىپ تۇرىدۇ، مەن يەنە پۈتۈمنى ساڭگىلىتىپ:

-جىمىپ كەتتىڭىزغۇ باقىكا؟جاھاننىڭ كارى تۈگەيدۇ،قېنى ناخشا ئېيتىڭا!-دېدىم.

ئۇ خىرىلدىغان ئاۋازى بىلەن ئۇزۇن بىر ئېھ تارتىپ،چىشىنىڭ ئېقىنى كۆرسەتتى.

-بىز ناخشا ئېيتقان»كۈچ-قۇۋۋىتىمىز بار چاغدا، قانداق يىگىت ئىدۇق بىلەمسەن؟ بىزنىڭ پىشانىمىزگىمۇ يەر پۈتكەن،-15خو يېرىم بار ئىدى، مېنىڭ بىر ئات، بىر ھارۋا، بىر سىغىپ ئىچىدىغان سېيىرىم بولغان، ئۆز ئالدىمغا بىر جۈپ ئۆكۈزنى قوشقا قاتاتتىم، تورغاي چىللىغاندا قوپۇپ، تا ئەل ياتقۇچە ئېتىزدا قوش ھەيدىگەن،كەتمەن چاپقان،ئورما ئورغان ئەزىمەت ئىدۇق، بىز ئېچىق ئېتىش ئۈچۈن قومۇرغان چىمنى ئىككى-ئۈچ ئادەم ئاران كۆتۈرەلەيتتى، ناخشىنى دېگەن مانا شۇنداق چاغلاردا ئېيتىپ ئادىشىپ كەتكەن دېگىنە بىز، ھەي...ئەمدى كۈچ يوق،يۈرەك يوق.

ئۇ بېشىنى لىڭشىتىپ تۇرۇپ،ياش يىگىتلىك چاغلىرىدىكى شېرىن ئەسلىمىلىرىنى زوق-شوق بىلەن ئېيتىشقا چۈشۈپ كەتتى.

-مېنىڭ ناخشا ئېيتالايدىغانلىقىمنى ئاڭلاپتىكەنسەن ھە!راستىنى ئېيتقاندا مەھەللىدە مېنىڭچىلىك ناخشا ئېيتالايدىغان كىشى يوق ئىدى، مەن بولغان توي-تۆكۈن مەشرەپلەر ئالاھىدە قىزىپ كېتەتتى، ئوتتۇز ئوغۇلنىڭ سەرخىل گۈلىنىڭ بىرى ئىدىم؛ ھەممە مېنى«باقەم، باقەم»دېيىشىپ ئېغىزىدىن چۈشۈرۈشمەيتتى، بولۇپمۇ مە ن ناخشىنى قاچان تولا ئېيتتىم، مانا بۇنى ساڭا سۆزلەپ بېرىمەن، ھەي...ئېسىت ياشلىق چاغ! قانچىلىك شوخلۇقلارنى قىلغان بىز .

باقى ناھايىتى 45ياشلاردىكى كىشى بولسىمۇ، ئۆزىنى سەكسەن-توقسان ياشلاردىكى بوۋاي چاغلايتتى، چۈنكى تۇرمۇشىنىڭ قاتتىق قولى ئۇنىڭ ياقىسىنى دەم ئالدۇرماي سىققان، سۆلۆكلەر ئۇنىڭ قېنىنى شوراپ،ئۇنى قۇرۇق قاقشال قىلىپ،ماغدۇرسىز ئاپئاق ساقال ئادەم قىلىپ قويغانىدى.

ئۇ قۇرۇپ كەتكەن تامىقىنى ھۆللەپ، تۆكۈرۈكىنى يۇتۇپ، سۆزىنى داۋام قىلدى:

-ئۆرۈكلەر راسا مەي باغلاپ پىشقانىدى. ھاۋا تىنجىق، ماداخان قىلىنغان ئالدى ئوچۇق كۆڭلىكىمنىڭ ھەممە ئىزمىلىرىنى يېشىۋەتتىم، بېشىمدا قىرلانغان ئاق مالىخاي، پۇتۇمدا پەس پاشنا مەسكاپ ئۆتۈك.

تام شورلىرىدىن ئاتلاپ چۈشۈپ باغلاردىن ئۆرۈك تاللاپ يەپ يۈرگەنىدىم، قويۇق ئۆرۈك دەرەخلىرى ئارىسىدىن ئۈچ-تۆت بالىنى ئەگەشتۈرۈپ، بىر قىز چىقىپ كېلىۋاتاتتى، مەن ئۇنى تونۇدۇم، ئۇ ئۇششاق ئۆرۈلگەن قويۇق قارا چاچلىق، پىستە كۆزلۈك، لەۋلىرى جىنەستىدەك قىزارغان، سۇمباتلىق باھار ئىدى .

بىز ئۇچرىشىپ قالغان چاغلاردا ئوچۇق چىراي بىلەن كۈلۈمسىرىشىپ ئۆتۈپ كېتەتتۇق. باھار كۈلگەن چاغدا ئىككى قوۋزىقىدىكى زىنىقى ماڭا ئۇنىڭ چىرايىنى ناھايىتى يېقىملىق قىلىپ كۆرسىتەتتى.

ئەنە ئۇلار تويتوغرا مەن تەرەپكە قاراپ كېلىۋاتىدۇ، يۈرىكىم دۈپۈلدەپ كەتتى ،ئادىمدىكى ئىگىز ئۆسكەن باراقسان شاخلىق ئۆرۈك ئۈستىگە چىقىۋالدىم.

باھار شۇ ئۆرۈك تۈۋىگە كېلىپ:

-تېرىڭلار ئۆكىلىرىم، موشۇ ياخشى ئۆرۈك،-دېدى-دە،قولىدىكى سېۋەتنى يەرگە قويۇپ، ئۆرۈك تېرىشكە باشلىدى. مەن كەپتەرنى ماراپ ياتقان مۈشۈكتەك يوپۇرماقلار ئارىسىدىن ئۇنىڭغا قاراپ، ھەرىكىتىنى تاماشا قىلىۋاتىمەن. ئۇنىڭ ئىككى مەڭزى گىردە ناندەك قىزارغان، بۇرنىنىڭ تۆپىسىدە گۈل ئۈستىدىكى ئۇششاق شەبنەم دانلىرىدەك تەر تامچىلىرى تىزىلىپ تۇراتتى. ئېڭىشكەندە ئىككى مۈرىسىدىن ئالدىغا چۈشكەن چاچلىرىنى ئەپچىللىك بىلەن سىلكىتىپ ئارقىسىغا ئېتىپ قويىدۇ،ئارىلاپ-ئارىلاپ كۆزىگە چىرايلىق كۆرۈنگەن ئۆرۈكلەرنى ئاغزىغا سېلىۋالىدۇ.

ئالا بولغان ئۆرۈكتىن ئۈچ-تۆت تال ئۈزۈپ ئالدىم-دە، غولىنى چەنلەپ تۇرۇپ بىرنى ئاتقانىدىم، ئالدىغا چۈشتى، ئۇ ئۇياق-بۇياققا قاراپ قويۇپ، يەنە ئۆرۈك تېرىشكە تۇتۇندى، ئىككىنچى قېتىم ئاتقانىدىم،بېشىغا قاتتىق تەگدى ئەتىمالىم، قوشۇمىسىنى تۈرگەن پېتى ئورنىدىن ئىتتىك تۇرۇپ:

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى



-ئو...هوي، قايسىڭوي؟ نېمانداق قىلىسەن؟-دەپ ئارقىسىدا ئۆرۈك تېرىۋاتقان بالىغا گۆلەيدى.

ئۆزۈمنى تۇتالماي كۈلۈۋەتكەندىم.

-ۋىيىەي...ساراڭ-دېدى-دە،چالۋاقاپ، سېۋەتكىمۇ قارىماي دومسايغان بويى باغدىن چىقىپ كەتتى.

ھەي، مانا ئامدى قالدىم بالاغا، ئۇ تاۋى نازۇك ئىكەندە، نېمىشقا ئويناشتىم-ھە...

ئەمدى بۇ گۇناھنى قانداق يۇيۇش كېرەك؟ باللار بىلەن سېۋەتنى ئۆرۈككە لىق تولدۇرۇپ، باھارنىڭ ئۆيىگە كېتىپ بارىمەن، ئۇ ئانىسىغا يىشغلاپ بارغان بولسا، «ھوي جۇۋاينىمەك كەتكۈر، قىزىمغا نېمىشقا تېگىشتىڭ؟...» دەپ جاۋىلداپ كەتسە، نېمە دەيمەن؟ سېۋەتنى ئىشىكىگە قويۇپ قېچىش كېرەك.

ئىش مەن ئويلىغاندەك بولۇپ چىقمىدى، پۇتۇنلەي باشقا، باھارنىڭ ئانىسى ھويلىدىن پايپاسلاپ چىقىۋاتاتتى، گەپ قىلماستىن سېۋەتنى ئىشىك ئالدىغا قويغاندىم.

-رەھمەت بالام، خۇدا ئۆمرىڭىزنى بەرسۇن. باھار ئۆزى قەيەردە قالدى؟-دېدى.

مېنىڭ گۇناھىم تېخى بۇيەرگە يېتىپ كەلمىگەنلىكىنى ھېس قىلىپ:

-كېلىۋاتىدۇ-ھازىرىچە مەندىن خىش بولغان بىلەن كېيىن تىللايسەنغۇ؟-دېدىم مەن ئىچىمدە. ئارتۇق سۆز قىلماستىن ئارقىمغا ياندىم.

-ھېم، تازا ئىشلىتىۋالدىمغۇ تازا،-غورىنىڭ يېنىدىكى چولاق تام كەينىدىن تۇيۇقسىز چىققان بۇگەپ مېنى چۆچۈتىۋەتتى. ئىتتىك ئارقىغا قارىسام، باھار كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپتۇ .

-ۋاي تاۋى نازۇك، شۇنىڭغىمۇ يامانلاپ كەتتىڭىزمۇ؟-دېدىم .

ئۇ ئۇنچىقماي چېچىنىڭ ئۇچىنى ئويناپ يەرگە قاراپ تۇرىدۇ، ئۇنىڭ كۈلۈمسىرەپ خۇمارلاشقان كۆزىدىن رەنجىگەنلىك سېزىلمەيتتى، «تاۋى نازۇك»دەپ قىلغان تەنەمگە جاۋاب قىلماستىن شۇنداق يېقىملىق، مۇلايىم قاراپ تۇرۇشى،«مەن سېنى ياخشى كۆرىمەن» دەۋاتقاندەك، خۇددى شۇ ۋاقىتتا ئۇ «قاھ» دېسەم، قولۇمغا كېلىپ قونىدىغان قۇرغۇي بولۇپ كۆرۈندى .

تەلپۈنۈپ تۇرغان ياشلىق كۆڭلۈمدە ئۇ بىرىنچى قېتىم ھېچنېمە تەڭلەشتۇرۇپ بولمايدىغان ئىسسىق بىر تۇيغۇ قوزغاتتى،خىجالەت بولۇشقا باشلىدىم،شۇنىڭ ئۇچۇنمۇ نېمە دېيىشىمنى بىلەلمەي تەمتىرەپ كېتىپ:

-بۈگۈنكى ئىسسىقتا ئۆرۈك تازا پىشىپتۇ-دېدىم .

-بىراق كۈننىڭ موشۇنداق ئىسسىق تەپتىدە سىز تېخىچىلا غورا ئىكەنسىز،-دېدى باھار كۈلۈپ .

www.kitaphumar.com

«ھىم، مانا ئوخشاتتى سىنى، ئەمدى نىمە دەيسەن»-دىدىم ئىچىمدە .

شۇ پەيتتە ئۇقىزغا گەپ تىپىپ بىرەلەيدىغاندەك ئەمەس ئىدىم،ياخشى ئۇنى ئاپىسى چاقىرىپ قالدى-دە، سۆزىمىز شۇ يەردىلا ئۈزۈلۈپ قالدى .

شۇنىڭدىن كىيىن كۆڭلۈمدە «باھار»دىگەن چىرايلىق بىر ئىسىم داۋاملىق زىكىر قىلىنىدىغان بولدى، بىراق باشقىلارغا ئوخشاش «ئىشىق ئوتىغا گىرىپتار بولدۇم، مىنىڭ دەردىم بار...» دەپ لاقىلداپ يۈرگىنىم يوق،زوق بىلەن ئىشلەپ،ئىتىزلارنىڭ باغرىنى گۈل قىلىۋەتتىم.يەلپۈنۈپ تۇرغان كۆپكۆك بۇغدايلار، قوغۇن-قاپاقلار باراڭ ئەتراپىدا ئىچىلغان گۈل-زاراڭزىلار ھەركىمنىڭ زوقىنى كەلتۈرەتتى، مانا شۇچاغدا قىن-قىنىمغا سىغماي ناخشا ئىيتاتتىم، كىم ئىكەن ئۇ مىنى ماختىمايدىغان؟ ھەممىسى ئۆپچۆرەمدىن ئايلىنىپ كىتەلمەيتتى، ئەنە ئىتىزىم بوستان! مەن بۇلبۇل بولغان شۇنداق چىرايلىق چاغلاردا باھار بىلەن بىللە بولۇشقاندۇق...ئۇھەركۈنى بىزنىڭ باراڭغا قوغۇن-تاۋۇزغا كىلەتتى.

موشۇ قوغۇنلۇق ساڭا قارايدۇ،ئۆزۈڭ تاللاپ ئۈزۈۋال باھار،-دەيتتىم .

باھارمۇ كۆپ چاغلاردا ئىتىزغا قۇرۇق كەلمەيدۇ، ئۇ ئانىسىدىن يوشۇرۇپ يۈرۈپ، يىپەكتىن گۈل چەككەن قولياغلىق ۋە تاماكا خالتىسىنى ماڭا يالداما قىلىدۇ، پىياز شاكىلى بىلەن قىزارتىپ پىشۇرغان تۇخۇملارنى ئەكىلىپ بىرىدۇ، كۈنلەر شۇنداق كۆڭۈللۈك ئۆتۈپ تۇرىدۇ، بۇنىڭدىنمۇ تاتلىق ئارزۇلار ئالدىمىزدا...باقى كۆكرىكىنى كۆتۈرۈپ قانغۇچە دەم ئالدى-دە، يەنە جىم بولۇپ قالدى .

مەن كۆسەي بىلەن تونۇردىكى نۇرسىزلانغان ئوتنى چۇقچىلىدىم، ئىچىلغان قوقاسنىڭ يورۇقىدا باقىنىڭ يۈزىگە سەپسالغاندىم، ئۇنىڭ ئاغزىدىن ئاڭلاۋاتقان گۈل، بوستان، بۇلبۇل، باھار دىگەن تاتلىق سۆزلەر خىيالىمدىن ئۇچتى، چۈنكى ئۇنىڭ چىرايى سوغۇق شامالدا تىترەپ ئالدىمىزغا چۈشۈۋاتقان كەچ كۈزنىڭ ئۇششۇك يوپۇرماقلىرىغا ئوخشايتتى،بۇ كۆڭۈلسىز جىمجىتلىققا تۆزمىدىم، ئۇنىڭ ھازىرقى چىرايىنى ئەمەس بۇلبۇل بولۇپ سايراپ يۈرگەن چاغلىرىنى كۆرگۈم كەلدى.

-باقىكا، شۇ چاغدىكى ناخشىلاردىن بىرەرنى ئىيتىپ باقامسىز؟-دىدىم مەن .

-ناخشا-ناخشا...ھە،ناخشا ئىيتقۇچىلىكىمىز قالدىمۇ؟ سەن تىخى ئۇقمايسەن...

ئۇ يەنە ئۆزىنىڭ ھىكايىسىگە چۈشۈپ كەتتى.

-بىزنىڭ مەھەللىدە باھارلارنىڭ تىرىلغۇ يىرى بولمىغانلىقى ئۈچۈن، ئاتا-ئانىسى تىرىكچىلىك ئىزدەپ سۇلتانۇۋەيسكە كەتتى، شۇنىڭ بىلەن مىنىڭ باھارىممۇ سۇلتانۇۋەيستە بولۇپ قالدى .

www.kitaphumar.com

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

باھار كەتكەندىن كېيىن مېنىڭ قاپىقىم ئانچە ئېچىلماس بولۇپ قالدى، ئۆيدىكىلەر بىلەن ئەرزىمەيدىغان ئىشلارغىمۇ ئۇرۇشۇپ قالىمەن، دادام:
-ھە، بۇ ساراڭنىڭ يەنە بۇرنى كۆپتى،-دەپ قوياتتى.
مەن ئات بېقىشنى باھانە قىلىپ، كۆپ ۋاقىتتا كېچىلەرنى ئېتىزدا ئۆتكۈزىۋېتەتتىم. ئېتىزنىڭ ئايدىڭ كېچىلىرى قانداق چىرايلىق. بىر-بىرىگە تۇتىشىپ تۇرىدىغان ئاشلىقلار، ياپپېشىل يەلپۈنگەن بېدىلىكلەردە مەست بولۇپ سايرىغان بۆدۈنىلەرنىڭ ئاۋازى كۆڭۈللەرنى ئاللىقاياقلارغىدۇ ئېلىپ قاچىدۇ، غۇرۇلداپ ئۇچۇۋاتقان شامالدا يىراقتىن كېلىۋاتقان قۇشلارنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاش قانداق ياخشى،كۆز يەتمەس يەردە ئاۋرال تېغى چوقچىيىپ تۇرىدۇ، ئەنە، شۇ ئاۋرال تاغ باغرىدا باھار ئۇيقۇغا كەتكەندۇ، مەن شۇ تەرەپكە قاراپ تاڭ ئاتقۇچە ناخشا ئېيتىپ چىقىمەن، ئوھۇ!...بۇ قانداق ناخشىلار...يۈرەكتىن يېرىپ چىقىدۇ. مەن ئۆمرۈمدە سېغىنىشنىڭ مۇنداق لەززەتلىك خۇمارىنى سەزمىگەنىدىم .
-بىز مۇرادىمىزغا يەتكەن ئىدۇق، باھار بىلەن ئۆي تۇتتۇق، كېچە-كۈندۈز بىللە ئىشلەپ، راھەتنىمۇ، جاپانىمۇ تەڭ كۆردۇق، قولىمىزدا ئارتۇق نەرسە بولمىسىمۇ، بىلەكنىڭ كۈچىگە تايىنىپ،ۋاقتىمىزنى چاغ ئۆتكۈزەتتۇق، ئەتىياز ئايلىرى،قىزىق قوش ھەيدەۋاتقان كۈنلەرنىڭ بىرىدە دادام ئۇزاق تارتقان سېل كېسىلى بىلەن يېرىم كېچە مەھەللىدە جان ئۈزدى، دادام ئاز-تولا كىتاب ئوقۇشنى بىلىدىغان ئادەم بولغانلىقى ئۈچۈن مەھەللە جامائىتى ئىچىدە خېلى ئابرويى بار ئىدى،شۇنىڭ بىلەن مەھەللە چوڭلىرى تېزلا يېتىپ كېلىشتى. ھە،راستلا بىر گەپنى قىلىشنى ئۇنتۇپ قاپتىمەن، مەن ھازىر شۇنچە خار بولسامۇ ، ئەل نېمىشقا مېنى «سەن» دېمەي«سىز» دەيدۇ، چۈنكى مەن دادامنىڭ ئارقىسىدا يۈرۈپ، ئانچە- مۇنچە قارا خەت تونۇپ قالغان ئىدىم، يۇرت چوڭلىرىنىڭ مەسلىھەتى بويىچە ئۇن خوچە بۇغداينى ھارۋىغا بېسىپ،توخۇ ئىككى قىچقارغان چاغدىلا شەھەرگە كىرىپ كەتتىم. بازاردىن كېپەنلىكلەرنى ئېلىپ بولغاندىن كېيىن، شەھەر ئىچىگە (سېپىل ئىچىگە) كىرىپ تۇغقىنىمىزنى نامازغا ئېيتىپ قايتقان ئىدىم، دەڭ دەرۋازىسىدىن ئۆتەلمەي تۇرۇپ قالدىم، ھەي...شەيتانلارنىڭ ئىشى دېگىنە!ھەممە پېشكەلچىلىكنىڭ ئاۋۋىلى موشۇ يەردىن باشلاندى .
شۇ ۋاقىتتا ئالدىراپ، ئىچىمنىڭ تىت-تىت بولۇۋاتقانلىقىمنى قايسى تىل بىلەن ئاڭلىتاي، ئاش ۋاقتى بىلەن كەلگەن ئادەم تاكى چىققى چۈشكىچە ساقلاپ تۇردۇم. دەرۋازىنىڭ ئىچى ۋە تېشىدا ماڭا ئوخشاش يول تالىشىپ تۇرغان ئات ھارۋا،ئۆكۈز ھارۋا، ئاتلىق، ئېشەكلىك، پىيادە كىشىلەرنىڭ سانى يوق، دەڭ دەرۋازا ئىچى خۇددى بىر پاتقاق دېڭىزى، ئۇنىڭدا ئاتلار ئۈزىدۇ، چىلىشىپ كېتىپ بارغان ھارۋىلار ئادەمگە قېيىقنى

www.kitaphumar.com

ئەسلىتىدۇ .پىيادە ئادەملەر بۇنداق «قىيىق»لارغا ئىككى گۇۋازا،بەك ئالدىراپ كەتكەنلىرى بىر تەڭگە كىرا بېرىپ ئۆتۈشۈپ تۇرىدۇ،يول تالىشىپ ئاتلارنىڭ،ئادەملەرنىڭ باش-كۆزلىرىگە قامچىلار تېگىپ تۇرىدۇ،تېيىلىپ يىقىلغان ئادەملەرنىڭ تەلەتىگە قاراپ كۈلگۈلۈك كېلىدۇ. بىر تۇرۇپ ئۇنىڭ رەسۋا بولغان ھالىتىگە قاراپ ئىچىڭ ئاغرىيدۇ ياكى يىغلىغۇڭ كېلىدۇ . ئاتلار مۆدۈرۈپ كەتسە ياكى پۈتىنى سەللا ئېگىززەك كۆتۈرسە،پۈتۈن تەرەپكە پاتقاق مۆلدۈردەك ياغىدۇ، مۇنداق ۋاقىتتا ئادەملەر ئۆزىنى قاچۇرۇپ ناھايىتى كۈلكىلىك قىياپەتلەرگە كىرىۋالىدۇ، زارلىنىدۇ، لەنەت ئوقۇيدۇ، تىزىغىچە پاتقاق كېچىپ يۈرۈپ مۇشتىلىشىۋاتقان ئادەملەرنىڭ رەڭگى ـ رۇخسارىغا قاراپ، تېخىمۇ قاتتىق كۈلگۈڭ كېلىدۇ، لېكىن بۇ يەردىكى ئېچىنىشلىق ئەھۋاللار ،يۈرەكنى تىلغاپ تاشلىغۇدەك ئاچچىق تىللار كۈلكىلەرنى باسىدۇ، بولۇپمۇ شۇ كۈنى ئادەملەرنىڭ ئۆتۈشەلمەي كۆپرەك تۇرۇپ قېلىشىغا بىر دېھقان سەۋەبچى بولدى، بىراق شۇ سەۋەب بولدى دەپ ئۇنى تىللاي دېسەڭ، ئۇنىڭ ھالى ھەممىسىنىڭكىدىن يامان بولغان ئىدى.دېھقاننىڭ جىنازىغا ئوخشايدىغان ئېتى پاتقاقتىن ھارۋىسىنى تارتىپ چىقىرالماي تازا چوڭقۇر يەرگە يىقىلدى. ئۇنى سەۋەبچى بولدى دېگەن ئادەملەرمۇ ئىنساب قىلىشى كېرەكقۇ، ئەلىۋەتتە، پاتقاق دەرياسىغا چۆكۈپ كەتكەن ئېتىنى چىقىرىمەن دەپ ئۇنىڭ تارتقان كۈنى ئازمۇ؟ ئاخىرى ئېتى ئۆلۈپ قۇتۇلدىغۇ، بىچارە دېھقاننىڭ جۇمبۇ-جەۋەنىنى مۆرىسىگە سېلىپ، سۇزمە خالتىسىدەك بولۇپ چىقىۋاتقانلىقىنى، ئۇنىڭ پاتقاق ملىنىپ كەتكەن يۈزىدىن ئېقىۋاتقان تارام-تارام يېشىنى كۆرگەن ئادەملەر يەنە ئۇنى سەۋەب بولدۇڭ دەپ قانداق تىللىماقچى ئىدى.
ئەسلىدە نېمە سەۋەب بولغان؟ شۇ قارا دەرۋازىدا ئادەملەرنىڭ يولنى توراپ قويغان دەرۋازا ئىگىسى «ئۇلۇغلار»دە، ملىڭ بالالىقتا ماڭا ئەمدى ئۆتۈش نۆۋىتى كەلگەن ئىدى، قايسى كۆزۈم بىلەن كۆرەي، تەلەتى سۆرۈن بىر يايى كېلىپ، ئېتىمنىڭ تۇمشۇقىغا بىر قامچا ئۇردى-دە:
-ھارۋاڭنى ئارقىغا قايتۇر!-دېدى.
-ئاكا مېنىڭ ئىشىم ئالدىراش...تېخى سۆزۈمنىڭ ئاخىرى تۈگىمەستىن باش-كۆزۈمگە قامچا ياغدى، يەنە بىر يايى كېلىپ ئاتنىڭ چۇلۋۇرىنى تۇتتى-دە،ھارۋامنى ئارقىغا ئايلاندۇرىۋەتتى، «ياخشى سۆز تاشنى ئېرىتىدۇ» دېيىشكىنى قېنى؟ مەن شۇ كۈنى دۇنيادىكى بار ياخشى سۆزنى قىلدىم، يالۋۇردۇم، ئۇلارغا ئىنتقا ئوخشاش كۆچۈكلىنىپ يىغلىدىم، دادامنىڭ ئۆلۈكىنى ۋە پۈتۈن ئەۋلىيالارنىڭ ئەرۋاھىنى شېپە كەلتۈردۈم، مېنى ئەسلا قويۇپ بەرمىدى، ئۇلارنىڭ باغرى تاشتىنمۇ قاتتىق، پۈتۈن تېنى مۇزدىن يارىتىلغان ئادەملەر ئىدى، ئادەملەر دۇنياغا بىر-بىرىنى بوزەك قىلىش ئۈچۈن يارىتىلغانمۇ؟ دەردىڭنى

www.kitaphumar.com

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئاڭلايدىغان ئادەملەر زادى قەيەردە؟...ماڭا ئوخشاش 30 ھارۋىكەش ساڭدىن بۇغداي قاچىلاپ سار بۇلاققا ماڭدى...(بۇ ۋاقىتتا ساربۇلاقتىكى تۈگمەنلەر چېرىكلەر ئۈچۈن ئۇن تارتاتتى) يالغۇزلۇق تۈگمىگەن ئىككەن تېخى،تۆت كۈن ئاۋارە بولۇپ يۈرۈپ، بۇغداينى تۈگمەنگە ئۆتكۈزدۈق،ئات ھارۋاڭ بىلەن نەچچە كۈن بىكار ئىشلىسەڭ رەھمەت-تەزىم قېنى؟ «زىۋازا، بۇغداي كەم»دەپ يۈزلىرىمگە تۈكۈرۈپ، يەتتە كىشىنى كۆرەدە ئۈچ كۈن سولاپ قويدى...

مانا پالاشلارنىڭ كاشىلىسى، مەن سولاقتىن چىقسام «ئېتىڭ ئۆلۈپ قالدى چەنتۇ» دېدى-دە، ئالدىمغا ئاتنىڭ تۆت تۇيىقىنى تاشلاپ قويدى، راستىن شۇ مېنىڭ ئېتىمنىڭ تۇيىقىمۇ، ئۇنى ئاجرىتىش تەس، بۇ ئەھۋالدىن بىر يەرگە دادلاشمۇ تەس، كىمگە ئەرز قىلساڭ بولىدۇ؟ «دادام ئۆلۈپ قالدى جېنىم ئاكا...» دېگىنىڭگە قارىماي قامچىلاپ سېنى غۇلجىدىن كۆرەگە ھەيدەپ كەلگەن ئادەملەرگىمۇ ياكى «زىۋازا» دەپ يۈزۈڭگە تۈكۈرگەن چايان سۈرەتلىك چېرىكنىڭ چوقى جىڭشۇسىغىمۇ، ئۇلارنىڭ ئالدىغا بېرىپ باش قويۇشتىن يەنە نېمە پايدا چىقار...

ئاتىدىنمۇ -ئاتتىمۇ ئايرىلدىم، جۇمبۇ-جەۋەنى ئۆشىنەمگە ئارتىپ غۇلجىغا قايتىپ چىقتىم، خەيىر، ئۇلارمۇ كەتتى...ئۇ ئادەتتىكى سۆزىنى ئۆزگەرتىپ، تۇيۇقسىزلا قايناپ-شۇمۇ ئادەمگەرچىلىكمۇ، بۇ نە قاتارلىق ئۇياتسىزلىق ئىش-ھە...قارا!-دەپ خىرقىراپ توختاپ قالدى، مەن ئۆچۈپ تۈگەي دەپ قالغان سامان ئوتىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى قاتلاملىرىنى چۇخچىلىغاندىم، ئۇنىڭ قاشلىرى چىمىرلاپ، كۆزىدە غەزەپ ئۇچقۇنى چاقنىغاندەك كۆرۈندى، ئاي بىز بىلەن ئالىقاچان خوشلاشقان؛ جاھان بارغانسېرى قاراڭغۇلۇق ئىچىگە پاتماقتا، يېقىن بىر جايدىكى ئىتنىڭ ھۇۋلىغان زاۋاللىق ئاۋازى كۆڭۈلگە قورقۇنچ سېلىپ ئۆتەتتى.

باقى سۆزىنى داۋام قىلدى:

-بىزنىڭ ئۆيدە ئۆلۈم...دادام ئۆلدى،ئۇنى قانداق ئۇزاتقاندۇ؛مەن ھازىدار، بېلىمگە ئاق باغلاپ، كۆك تاياققا تايىنىپ، جىنازا ئالدىدا يىغلاپ چىقىشىم كېرەك ئىدىغۇ، مېنى دادام قانداق ئىغىرچىلىق بىلەن باقتى، مەندىن نېمە كۆردى؟ مەندىن نېمىلەرنى كۈتكەندى؟ قېنى ئۇ، قېنى مېنىڭ ئەسقاتقىنىم، ئىسىت-ئىسىت، بەختسىزلىك...يۇرت ئالدىدا نېمە دەپ، قايسى يۈزۈم بىلەن چىقىمەن...شۇنداق تۈگىمەس-پۈتمەس خىياللار بىلەن كېچە پىيادە يۈرۈپ چاي مەلىدە دوتەي يامۇلى ئالدىغا يېتىپ كەلگەندىم.

-ھەي جۇمبۇ كۆتۈرگەن توختا!-دېدى بېلىدە سىم ئورىغان قامچىسى بار بىر ئادەم.

-ياق ساتمايمەن،-دەپ يولۇمغا كېتىشۇرگەندىم، ھېلىقى ئادەم يۈگۈرۈپ كېلىپ:

-كىمىڭنى ئەخمەق قىلىسەن ئەدەپسىز سۆز! بۇياققا ماڭ سەيسە قىلىسەن،-دېدى-دە، ئارقامغا ئىتتىرىۋەتتى.

-يەنە نېمە سەيسە؟ مەن ھازىر سەيسىدىن كەلدىمغۇ!

-ساختىپەزلىك قىلماي، ياخشىلىقچە ماڭ،ئىت!

-ئەزىبىرايى خۇدا،مەن سەيسىدىن كەلدىم!

-ماڭامسەن-يوقمۇ؟

-ماڭمايمەن،نېمە قىلىسەن؟-دېدىم .

ئۇ قامچىسى بىلەن مېنى بىرنەچچىنى ئۇرغانىدى، قولىنى قايرىپ ئارقىسىغا چىڭ تۇتۇۋالدىم، بۇنىڭغا بوي بەرمىگەنلىكىمنى كۆرۈپ قەيەردىندۇر يەنە ئىككى چېرىك يۈگۈرۈشۈپ كەلدى، ئۈچى بىر بولۇپ مېنى دوتەي يامۇلىغا ئېلىپ كەلدى، ئاۋۋال ھارغۇچە ئۇرۇپ دۇمبالىدى، كېيىن بىر قاراڭغۇ ئۆيگە سولاپ قويدى، ھارغىنلىق، قورساقنىڭ ئاچلىقىدا ئەسنەپ -ئەسنەپ كۆزۈم ئۇيقۇغا كەتكەن ئىدى،كىمدۇ بىرى:

-چىلەي، چەنتۇ؛ چىلەي!-دەپ بېشىمغا تېپىپ ئويغىتىۋەتتى.

-نېمە دەيسىز جاڭگۇيدە؟-دېدىم .

-زو،زو،-دېدى ئۇ .

مەن قولۇمنى سەھرا تەرەپكە شىلتىپ:

-چىقىپ كېتەيمۇ،مېنى قويۇۋەتسىڭىزچۇ لويا،مەن خۇرجا،داداڭزا ئۆلدى...

-شىما،زو-زو،-دېدى ئۇ تالانى كۆرسىتىپ.

بۇ بەغەرەزگىمۇ ھېچ تىلىمنى ئۇقتۇرالمىدىم، ئۇ مايلىنىپ كەتكەن سولتەك چاپان كەيگەن، غورا قاپاق، خام سېمىز بىر ئاددەم بولۇپ، دوتەينىڭ مەپىكىشى ئىكەن، مەپىكەش ماڭا ئوخشاش پايتىمىسىنى تەتۈر ئورىغان سەيسىكەش بىر ئادەم بىلەن ئىككىمىزنى چۈشكىچە بېدە توغراتتى، ئۇنىڭدىن كېيىن قىغ توشۇتۇپ قويۇپ بەردى، ئۆز ئاتىسىنىڭ ئۆلۈكىنى تاشلاپ كېتىدىغان ئاددەملەرمىدۇق بىز، مۇنداق ئوساللىقنى مەن ئۆزئىختىيارىم بىلەن قىلدىممۇ؟ ياق، ئىش شۇنداق بولسىمۇ، يۇرت ئىچىدە مەن ئەڭ باغرى تاش، يامان ئادەم،ھەتتا ئادەم ئەمەس، خۇددى كالا ياكى ئىت-تە، توغرا، ئۇلار شۇنداق قاتتىق رەنجىشكە ھەققى بار، بىراق كاساپەتكە ئۆزۈم يولۇقاي دەپ ئاتايىن بارمىدىم-دە،ئۇرۇق-تۇغقانلار ماڭا ئوچۇق چىراي ئاچمايدۇ.

-داداڭ ئۆزى تاپقان بىر جۈپ ئۆكۈزنى سېتىپ، بىر كۈنلۈك مەرىكىسىنى ئۇزاتتۇق، سەنمۇ ئوغۇل بالىمەن دەپ بېلىڭنى باغلاپ يۈرىسەن، قېنى نەزىرىنى قانداق قىلىسەن؟ ياكى داداڭنىڭ يەتتىسىنىمۇ بەرمەمسەن؟-دېگەنىدەك گەپلەر جېنىمدىن ئۆتۈپ يۈرەككە

نەشتەردەك سانجىلىپ تۇراتتى، ئۇرۇق-تىيۇغقانلارنىڭ تەنىسىنى بېسىش ئۈچۈن، دادامنىڭ يەتتىسىنى ناھايىتى چوڭ ئۆتكۈزدۈم.

شۇ يىلدىن باشلاپ ئۆزئالدىمغا قوش ھەيدىيەلمىدىم، قوش، ئات-ھارۋا،ئۇرۇقلۇقنا بىر خو بۇغداي ئۈچۈن باشقىلارغا سارغىيىدىغان بولۇپ قالدىم، ئەمدى كېچە كۈندۈز جان كۆتىدۈرۈپ ئىشلىسەكمۇ، چاپىنىمىز تىزىمىزدىن ئاشمايدىغان بولۇپ قالدى، ئۈچ-تۆت يىلغا بارماي دەن ۋە باشقا ئاشلىقلارنى بېرەلمەي، يەرنى سېتىپ، ئۇنىڭدىنمۇ قۇتۇلدۇق... شۇنىڭدىن بېرى تالادا قېلىپ،ھەركىمنىڭ ئىشىكىدە تەمتىرەپ يۈرىمىز، مانا ھازىر كۆرۈپ تۇرىسەن، بىزدىن ئەمدى ماغدۇر كەتكەن، تىرىكچىلىك بولسا، موشۇ...قېنى ياشلىق!قېنى كۆڭۈلدە يالقۇنجاپ تۇرىدىغان زوقلار؟ ئەمدى كۆڭۈلگە ئارام بەرگۈدەك چىرايلىق ناخشا ئېيتىش مۇمكىنمۇ-يوق،ئۇنىڭغا زوق كېرەك، ماغدۇر كېرەك.

باقى كۆڭلىدىكى ھەسرىتىنى قاپلىشىپ چىققان تۈتۈندەك بىر تىنىپ چىقاردى-دە، توختاپ قالدى، يەرنى قۇچاقلىۋالغان كېچىنىڭ ئېغىر قارا بېسىمىنى بۇزۇپ، ھەر تەرەپتە خورازلار قىچقاردى، ئۇ ئاۋازلار شەرقنى قاپلاپ ياتقان قېلىن قاراڭغۇلۇقنى نېپىزلىتىشكە باشلىدى، بىز تونۇرغا ئېڭىشكەندۇق، كاۋىنىڭ كۆيۈپ پىشقان پۇرىقى دىماغقا كېلىپ تەگدى، ئۇنى تونۇردىن ئاۋايلاپ ئالدۇق-تە، باقىنىڭ ئۆيىگە كىرىپ كەتتۇق .

باھارخان ئۆلگەندىن كېيىن،باقىنىڭ كېسىلىنىڭ ئېغىرلىشىپ ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالغانلىقىنى ئاڭلىغانىدىم، بىر كۈنى ئۇنى يوقلىماقچى بولۇپ، سەھراغا چىقتىم، سىلەرگە تونۇش بولغان ھېلىقى «ئالۋاستى كەپىسى» بۇرۇنقىدىن نەچچە ھەسسە سەتلىشىپ كېتىپتۇ، ھەممىگە نۇر بېرىشكە سېخي بولغان كۈنمۇ بۇ بىرئېغىز ئۆي ئىچىگە ئۆزىنىڭ ئاق نۇرىنى چېچىپ ئۆتەلمەيدۇ. بىرنەچچە كۈندىن بېرى باھارخانىنىڭ شىۋاق سۇپۇرگىسىدىن قۇتۇلۇپ قالغان ئەخلەت چىرىندىلەر ۋە كېسەلنىڭ غەلدە-غەشلىرى ئىنتايىن يامان پۇراق چېچىپ تۇرىدۇ، مۇنداق ئۆيلەردە كىمنىڭ كۆڭلى ئېچىلىپ،ئازادە تۇرالايدۇ؟ توغرىسىنى ئېيتقاندا، ھايۋانلارمۇ شۇنداق جايلاردا ئۇزۇن چىداپ ياتالماس ئىدى، لېكىن باقى ئائىلىسىگە ئوخشاش مىليۇنلىغان ئادەملەر مۇشۇنىڭغا ئوخشاش «ئالۋاستى كەپىسى» لىرىدە كۈن كەچۈرۈپ، دۇنيا بىلەن خوشلىشاتتى، ئۆيىدە جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈرەتتى، يېڭى تىرىلىپ، باقىنىڭ ئەتراپىدا ئۇچۇپ يۈرگەن چىۋىنلارنىڭ گىژىلدىشى ۋە ئۆينىڭ بىر بۇلۇڭىدا ئۇخلاۋاتقان پۈشقاق مۆشۈكنىڭ يۇمشاق خىرىلدىشى جىمجىتلىققا سىرلىق مۇڭ بېرىپ تۇراتتى. بۇ مۇڭلۇق جىمجىتلىق ئىچىدە باقىنىڭ تۆت بالىسى دان توشۇپ تۇرغۇچى ئانىسىدىن ئايرىلغان كەپتەر بالىلىرىدەك يېرىم ئاچ ھالەتتە شۈمشىيىپ يېتىشىدۇ.

مەن باقىنىڭ يەتتە ياشلىق بالىسى توختىدىن:

-داداڭ كىشى تونۇمدۇ؟-دەپ سورىدىم.

-ئۈچ كۈن بولدى گەپ قىلمىغان،كۆزىنى ئاچمىغان،-دېدى ئۇ پەس ئاۋازدا .

-يۈزىنى يېپىپ قويۇپسەنغۇ؟-دېدىم .

-بايا دادام ئى، ئى...قىلىپ كۆلگەنىدى،ئاغزىغا چىۋىن ئولىشىپ كەتتى،يېپىپ قويدۇم، -دېدى ئۇ كۆلۈمسىرەپ،ئۇنىڭ ئۆڭگەن يۈزىدە خىرە يانغان خۇشاللىق نۇرى دادىسىنىڭ مانا ئەمدى ياخشى بولغانلىقىنى ئىپادە قىلماقچى ئىدى...باقىنىڭ يۈزىنى ئاستا ئېچىپ باققاندىم، ئۇنىڭ چىرايى تام رەڭگىدەك بولۇپ،ئېڭىكى تۆۋەن چۈشكەن ھالدا كۆردۈم، تېنىم جۇغۇلداپ كەتتى، قورقۇنچ باستى، باللىرىغا تۈيدۇرماي تالاغا چىقتىم...

ئەتىسى ئەتىگەندە مەھەللىدىكى بىرقانچە كۆيۈمچان ئادەملەر يىغىلىپ،سۆگەت شاخلىرى بىلەن جىنازا توقۇدى، ئۇنى غېرىپ يوپۇقى بىلەن ياپتى-دە، ئاش ۋاقتى بىلەن نامىزىنى چۈشۈرۈپ، مەھەللىدىن يىراقتىكى قەبرىستانلىققا ئېلىپ مېڭىشتى، ئۇنىڭ كۆزىگە چېلىقارلىق ھازىدار يوق ئىدى، جىنازا مەھەللىدىن ھەشەمەتسىز، يېنىك ھەرىكەتلەر بىلەن ئۈزىتىلدى، ناھايىتى جىنازا ئالدىدا باقىنىڭ يەتتە ياشلىق ئوغلى يىغلامسىراپ، بۇرنىنى تارتىپ ئۆزگەۋدىسىنى جۇڭقۇرالماي، مۆدۈرۈپ-مۆدۈرۈپ كېتىپ باراتتى، ئۇنىڭ ئارقىسىدىن بەش ياشلىق سىڭلىسى پىلدىرلاپ ئەگىشىپ باردۇ،بۇ كىچىككىنە قىزنىڭ يۇمشاق چاچلىرى ئايلاپ تاغاق كۆرمەي پاخماق بولۇپ قالغان،ئۇنىڭ پۇتى يالاڭئاياق بولۇپ، نايىتى ئۇچىسىدا ھەرخىل رەڭلىك لاتا بىلەن يامالغان،كىر،يىرتىق كۆڭلىكى بار ئىدى، ئۇ كىچىككىنە قارا كۆزلىرىنى كۈچ بىلەن ئېچىپ بىرئارقىسىغا، بىر ئالدىغا مۆلدۈرلەپ قارايدۇ، بىر يۈگۈرەيدۇ، بىر توختاپ ئاكىسىنىڭ قولىنى تۇتۇۋالىدۇ، ئۇنىڭ مۇنچاقتەك پارقىرىغان كۆزلىرىدىن:«ئاپام قېنى؟ئەمدى دادامنى نەگە ئېلىپ بارىسلەر، بىز قانداق قىلىمىز؟...»-دېگەندەك مەنىلەر ئىپادىلىنىپ تۇراتتى، خۇددى شۇ ۋاقىتتا باقىنىڭ تۇمانلىق ۋە قاراڭغۇ ھاياتى جىنازا ئۇستىدىن ئۆتەتتى. مەن تەسىر دەرياسىغا چۈمگەن ھالدا بېشىمنى تۆۋەن سېلىپ كېتىپ بارىمەن،مېنىڭمۇ بەش ياشلىق چاغلىق چاغىدىكى تەجرىبىسىز يۈرىكىمدە موشۇنداق كۈنلەرنىڭ ئاچچىق دېغى قالغانىدى.شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ يۈرەكنى ئەزگۈچى مۇنداق ئېچىنىشلىق كۆرۈنۈشلەر ماڭا چوڭقۇر تەسىر بەخش ئەتتى.

مانا قەبرىستانلىققا يېتىپ كەلدۇق،بۇيەردە بەختىسىز ھاياتتىن خوشلاشقان مىڭلىغان ئادەملەرنى ئۆز قوينىغا ئالغان كونا تۇپراقلار دۆمچەك-دۆمچەك بولۇپ كۆرۈنىدۇ،ھەممە قەبرىلەر بىر خىل كۆرۈنۈشتە ئەمەس ئىدى، ھىمايىچىلىرىدىن ئايرىلغانلىرى ئويۇلغان

www.kitaphumar.com

ياكى ئىزنىسى تۆگەپ كىچىككىنە دۆمچەك بولۇپ قالغان، بەزىلىرىنىڭ ئۈستىگە تاش، ياغاچ، قوشقار مۈڭگۈزى قويۇلغان،ئاندا-ساندا سالاسۇن بىلەن ئورالغان ۋە گۈمبەز قىلىپ قاتۇرۇلغان مۆتىۋەر قەبرىلەر ئۈستىگە يوپۇرماقلىق شاخلار قادالغان ياكى ئۈستىگە گۈللەر تېرىلىپ ، سۇ قۇيۇلۇپ قويۇلغانىدى،مانا شۇلارنىڭ ئارىسىدىن يېڭى توپا دۆۋىلەنگەن باقىنىڭ ئاددى قەبرىسى ئورۇن ئالدى،كۈندىن-كۈنگە كۆپىيىۋاتقان قەبرىلەرگە يەنە بىر قەبرە قوشۇلدى.

باقىنىڭ قەبرىسگە مۈڭگۈز قويۇلمىدى ياكى گۈل تېرىلمىدى،ئۇنىڭ قەبرىسى تېخى ئەتىيازنىڭ يۇمشاق كوكاتلىرى بىلەن قاپلانمىغان يالىڭاچ،مۇڭلۇق قەبرە بولۇپ قالدى .

1946-يىلى شەھىرى غۇلجا

" زۇنۇن قادىر ئەسەرلىرى " دىن ئېلىندى.

# بۇرۇت ماجىراسى

**مەمتىمىن ھوشۇر**

يەكشەنبە كۈنى بازار ئايلىنىپ كەلمەكچى بولۇپ كوچىغا چىقىۋېدىم، كىمدۇر بىرى ئارقامدىن دولامغا شاپىلاقلىدى، بۇرۇلۇپ ئېسىل كاستۇم-بۇرۇلكا كىيىپ، قارا كۆزەينەك تاقىغان بىر كىشىنىڭ ماڭا قاراپ كۈلۈپ قول ئۇزىتىپ تۇرغانلىقىنى كۆردۈم.

— ياخشىمۇ سىز؟ سىز بىلەن كۆرۈشكەنلىكىم ئۈچۈن ئۆزۈمنى ئىنتايىن بەختلىك ھېس قىلىمەن.

— رەھمەت! — دەپ قولىنى سىقتىم.

— رەھمىتىڭىزگە ئېرىشكەنلىكىم ئۈچۈن يەنە بىرقېتىم تەشەككۈرىمنى ئېيتىشقا رۇخسەت قىلغايسىز! «بۇ كىم بولغىيدى؟» دەپ ھەيرانلا قالدىم، كۆزەينىكىنى ئېلىۋېتىۋېدى، ئېسىمگە كەلدى.

— ھە، سىز ھېلىقى ھېكايىنىڭ...

— شۇنداق، شۇنداق. تونۇۋالدىڭىز، زېھنىڭىزگە ئاپىرىن. سىزگە «ساراڭ» دېگەن ھېكايىنى ئاپىرىپ بەرگەن كىشى مەن بولىمەن.

— كېيىم-كېچەكلىرىڭىز، گەپ-سۆزلىرىڭىز ئۆزگىرىپ كېتىپتىغۇ، تونۇماي قالغىلى تاسلا قاپتىمەن.

— مەن سىزگە دېگەنتىمغۇ، زامان ئۆزگىرىۋاتىدۇ. ئۆتكەندە مەن سىزنىڭكىگە كىيىپ بارغان ھېلىقى چاپىنىمنى ھازىر خوتۇنۇم نان ياققاندا كىيىپ يۈرىدۇ، يازغان ئەسىرىمنىڭ ژۇرنالغا بېسىلغىنىنى كۆرۈپلا مانا بۇ كاستيۇم-بۇرۇلكىنى سېتىۋالدىم، چەتئەللىكلەر شىلەپىسىدىن بىرنى دەمسىز؟ ئادەمنىڭ بېشىدا گارشۇكنى دۈم كۆمتۈرۈپ قويغاندەك تۇرىدىغان ئۇ نېمە بىلەن پەقەتلا خۇشۇم يوق دەڭا. ئادەملەر ئۇنى ياراشقانلىقىدىن كىيىپ يۈرىدۇ دەمسىز؟ مەن سىزگە ئېيتاي، چەتئەللىكلەر ھېلىغۇ شىلەپە ئىكەن، بېشىغا شاپاقنى كىيىپ كەلگەن بولسىمۇ، «قاراڭلار، بىرئوبدان يارىشىدىكەن-ھە، نەچچە ۋاقىتتىن بېرى نېمىشقا كىيمىگەندىمىز» دەپ شۇنىمۇ كېيىۋالىدىغانلار چىقىدۇ، سەپسالغانسىز، بەزىلەر ھازىر توي-تۆكۈنلەردىمۇ تاۋاقتا پولۇنى ئازراق ئاشۇرۇپ قويۇشنىمۇ «مەدەنىيەت» دەپ بىلىدىغان بولۇپ كەتتى ئاڭلىدىڭىزمۇ، ياپونلار سىناق قىلىپ ئاتقان

www.uyghurkitap.com



بىر بومبا ئاسمانغا چىقىپ كېتىپ تېخى چۇشمەيۋاتقۇدەك، شۇڭا ھاۋا ئىسسىپ كېتىپ بارامدىكىن دەيمەن. قاراڭ ئىككىنچى ئاي كىرە-كىرمەيلا ئىللىق شامال چىقىۋاتقانلىقىنى، بازار چۆرگىلەپ يۇرگۇچە مەلىكىزدە لەگلەك چىقارسىكىز بولمامدۇ؟ «ساراڭ» نىڭ ئاپتورى ئەنە شۇنداق تاغدىن-باغدىن سۆزلىگىلى تۇردى، ئۆتكەن-كەچكەنلەر نېمە دەپ قىلىۋاتىدىكىن، دەپ ئەتراپىمغا قاراپ قويدۇم، خۇدايا شۇكرى! ھېچكىم بىزنىڭ گەپ-سۆزلىرىمىزگە دىققەت قىلماپتۇ.

ـــ پۇلنى تاپشۇرىۋالدىڭىزمۇ؟ ـــ دېدىم ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلۈپ.

ـــ ھە، ھە تاپشۇرۇۋالدىم، بىكارلا ئەۋەتىپسىز، ئەسەرنى ئۆزىڭىزنىڭ نامىدا ئېلان قىلغاندىن كېيىن قەلەم ھەققىنىمۇ بەھۇزۇر خەجلەۋەرگەن بولسىڭىز بولاتتى، ھېكايەمنى ئوقۇپ قانچىلىك خۇش بولغانلىقىمنى دېمەمسىز، شۇخۇشاللىقىمدا يەنە بىر ھېكايە يېزىۋەتتىم، شۇنداق قىلىپ مەنمۇ يازغۇچى بولۇپ قالىمەنمۇ، قانداق؟ يازغۇچى دېگەنلەرنىڭ بەزىلىرى خىيالىغا كەلگەننى توقۇپ، ئوقۇغۇچىنى يالاڭ قات يېپتا ئۇچۇرۇپ ئوينايدىغان نېمىلەرمىكىن، دەيمەن بۇمۇ ھېلىقى ئىزا تارتماي سۆزلەۋەرسە چاقچاقچى بولۇپ قالغاندەكلا بىر گەپ دەڭا!؟ ئۇ شۇنداق «مەنىسى چوڭقۇر» چۈشىنىكسىز گەپلەرنى قىلغىنىچە قويىندىن بىرتۇتام ئورىگىنالنى ئېلىپ، قولۇمغا تۇتقۇزۇپ قويدى.

ـــ ھېلىقى تۆكۈرۈك توغرىسىدىكى ئەسىرىڭىزمۇ نېمە؟

ـــ ئۇ گەپلەرمۇ ئېسىڭىزدىن چىقماپتۇ، ھە! ئۇنىمۇ يېزىپ قالارمەن، بۇنىڭدىكىسى باشقا گەپ ـــ ئۇ بۇرۇلۇپ ماڭدى-دە، بىر-ئىككى قەدەم باسمايلا يەنە ئارقىغا قاراپ،

ـــ ھېلىقى كېلىشكىنىمىز بويىچە بۇنىمۇ ئۆز نامىڭىزدا ھەيدەۋېرىڭ! ـــ دەپلا كىشىلەر ئارىسىغا كىرىپ غايىب بولدى. كوچا ئارىلاشتىن رايىم يالتىيىپ، ئۆيگە قايتىپ كەلدىم، يالغۇز كىشىلىك ساپايىمدا ئولتۇرۇپ، ئۇنىڭ بۇ يېڭى ھېكايىسىنى ئوقۇشقا باشلىدىم.

«بۇرۇت قويغانلارنى تىزىملاۋاتقۇدەك» دەپ ئاڭلاپ ھەيران بولۇپ قالدىم، نوپۇس خەتلىگەننى، مەھەللىدە ساۋاتسىزلارنى، ئەخلەت پۇلى تۆلىمىگەنلەرنى تىزىملىغاننى كۆرگەن؛ مۇشۇ ياشقا كىرىپ بۇرۇت قويغانلارنى تىزىملىغاننى ئاڭلاپ باقماپتىكەنمەن. توغرا، ھېلىقى بىر يىللاردا ساقال-بۇرۇتلارنى قايچىلىغاندەك ئىشلار بولۇۋېدى، يەنە شۇنداق بىر پالاكەت يۈز بەردىمۇ-يا!؟ تورۇپلا ئۆز-ئۆزۈمدىن ئەندىشىگە چۈشۈپ قالدىم، كوچىغا چىقسام، مەھەللىمىزنىڭ قوغداش ھەيئىتى ئۆمەرجان كېلىۋاتقانىكەن، «نېمىلا بولسۇن بىر سوراپ باقاي» دەپ ئالدىغا بېرىپ سالاملاشتىم.

ــــ ئۆمەرجان، بۇرۇتى بارلارنى تىزىملاۋاتقۇدەك، دەپ ئاڭلىدىم، راستمۇ؟ ئۆمەرجان توختاپ ماڭا تازا بىر قارىۋەتتى-دە: ــــ بەلكى، سىلى قاچاننىڭياقى بۇرۇت قويىۋالغانتىڭلار؟ ــــ دەپ ھەيران بولدى.

ــــ بىرەر يىلچە بولۇپ قالدى، قارىماسىلەر، بىزنىڭ ھېلىقى چوڭ ئوغۇل ئەخمەتجان قىلغان ئىشىنىڭ تايىنى يوق، ھالىغا باقماي بۇرۇت قويۇۋېلىپ مېنى خىجىل قىلىپ قويدى، بالا بۇرۇت قويغاندىن كېيىن ئاتا بولغان ئادەم تاپتاقىر يۈرسەك بىر قىسىما تۇرىدىكەن.

ــــ مۇنداق دەڭلا، ــــ دەپ ئەتراپىغا قاراپ پىچىرلىدى ئۇ،

ــــ سىلىنىڭ ماۋۇ بۇرۇتۇڭلىغۇ ئانچە گۇمانلىنىپ كەتكۈدەك بۇرۇت ئەمەسكەن. ئۈچ-تۆت كۈننىڭ ئالدىدا مۇنۇ بازاردا سىلىگە ئوخشايدىغان ئىگىز بوي، شاپ بۇرۇتتىن بىرسى كۈپ-كۈندۈزدىلا پىچاق كۆتىرىپ ئادەم بوغۇزلىماقچى بولغان ئوخشايدۇ، ھازىر بازار باشلىقىنىڭ ئۆزى بۇ ئىشنى تەكشۈرۈۋاتىدۇ.ئۆمەرجان شۇنداق ئۇچۇر بېرىپلا ئۆتۈپ كەتتى، بۇ گەپنى ئاڭلاپ چۆچۈپ كەتتىم، «بويۇمنىڭ ئىگىزلىكى بېشىمغا بالا بولامدۇ، قانداق؟ ئۆمەرجاننىڭ ‹سىلىنىڭ بۇرۇتۇڭلىغۇ ئانچە گۇمانلىنىپ كەتكۈدەك بۇرۇت ئەمەسكەن› دېگىنىگە قارىغاندا، خۇداغا شۈكرى، ھېلىقى قاتىلغا بويۇم ئوخشىغان بىلەن بۇرۇتۇم ئوخشىمىغان بولسا كېرەك، ‹شاپ بۇرۇت› دېگىنى قانداق بۇرۇت بولغىيدى؟ بۇرۇنلاردا ھەۋەسكە بۇرۇت قويۇپ، بۇرۇتنىڭ ئىككى ئۇچىنى قۇلىقىغا يۆگىۋالىدىغانلار بولىدىغان دەپ ئاڭلىۋىدىم. شاپ بۇرۇت دېگىنى شۇنىڭدىن بولسا كېرەك» بۇرۇتۇمنى سىلاپ قويدۇم. ھەر ھالدا مېنىڭ بۇرۇتۇم يوقىنىڭ ئورنىدىكى كۆتمەك بۇرۇتلاردىن ئىدى. ئازراق خاتىرجەم بولۇپ ھويلىغا قايتىپ كىردىم، پىشايۋاندا ئىڭىشىپ تۇرۇپ ئايىغىنى مايلاۋاتقان ئوغلۇمنى كۆرۈپ يەنە ئەرۋايىم ئۇركىدى. ئۇنىڭ بۇرۇتىنىڭ مۇنچىۋالا يوغانلىقىنى بىر ئۆيدە تۇرۇپ نېمىشقا بايقىمىغاندىمەن!

ــ ئەخمەتجان، ماڭا بىر قارىغىنا!

ــ نېمە؟ ــــ دەپ مەن تەرەپكە قارىدى ئۇ. خۇداغا ئامانەت! ئوغلۇمنىڭ يۇقىرىقى كالپۇكىنىڭ ئۈستىدە خۇددى كىچىكرەك بىر ياقىلىقنى بېكىتىپ قويغاندەك قويۇق، قاپقارا بىر پارچە بۇرۇت ئىسىلىپ تۇراتتى. مۇنداق بۇرۇتنى قويۇپ بېرىدىغان بولسا، تۆت كۈندىلا قۇلاققا يېتىدۇ-دە!

ــــ ئاۋۇ نېمەڭنى بۇگۈنلا يوقات!

ــــ نېمىنى دەيسەن؟

ــــ بۇرۇتۇڭنى دەيمەن؟

www.kitaphumar.com

www.uyghurkitap.com

— مېنىڭ بۇرۇتۇم نېمىگە تاقاشتى، دادا؟ سېنىڭمۇ بۇرۇتۇڭ بارغۇ، ھازىر ھەممە كىشى...

— قۇرۇق گەپنى قوي، ھازىرلا ئىككىمىز ساتىراچخانىغا بېرىپ بۇ بالا-قازانى يوق قىلىمىز، ئاڭلىدىڭمۇ؟ مەنغۇ مەيلى، ئوغلۇمغا بۇرۇتنى ئالغۇزۇش خۇددى ئۇنىڭغا كاللىسىنى ئالغۇزماقچى بولغاندەكلا ئېغىر كەلدى، بۇ يەرگە كەلگەندە ئاتىلىق ھوقۇقۇمنى ئايىماي ئىشلەتتىم، «ھېچ بولمىغاندا بىر رەسىمگە چۈشۈۋالاي» دېگىنىگە قويماي ھەيدەپ ئاپىرىپ، كالپۇكىنىڭ ئۈستىدىكى ھېلىقى ياقىلىقنى ئالغۇزىۋەتتىم. ئاتا-بالا ئىككىمىز تۇمشۇقىمىزنى چوپسا سالغان بۇقىدەك پارقىرىتىپ ساتىراچنىڭ ئورۇندۇقىدىن قوپتۇق. ئەينەككە قاراپ قىلغان ئىشىمدىن مەمنۇن بولدۇم. ئىسمائىل ساتىراش بەرگەن غەللە پۇلۇمنى ئېلىپ تۇرۇپ:

— توۋا دەيمەن، ئاتا ـ بالا ئىككىڭلارنى قوشقاندا بۆگۈن ساتىراچخانىغا كېلىپ بۇرۇتنى ئالدۇرۇۋەتكەنلەر يىگىرمىدىن ئېشىپ كەتتى، — دەپ ماڭا قاراپ سىرلىق ھىجىيىپ قويدى. «بۇ ساتىراش ماڭا ئوخشاش تىزىملىنىپ قىلىشتىن قورقۇپ بۇرۇتنى ئالغۇزۇۋەتكەنلەرنى پايلاپ يۈرەمدۇ، قانداق» دېگەن بىر گۇمان كۆڭلۈمدىن كەچتى. ئۆيلىگىنىمدەك بولدى، كەچتە ئۆيگە كېلىپ ئەمدىلا بىر يۇتۇم چاينى ئوتلاپ تۇرۇۋىدىم، ھويلىدىن بىرسىنىڭ چاقىرغان ئاۋازى ئاڭلاندى، دېرىزىدىن قارىسام، دەرۋازا ئالدىدا قوغداش ھەيئىتى ئۆمەرجان تۇرۇپتۇ. ئالدىراپ ئالدىغا چىقتىم.

— بۇرۇت قېنى؟ — دېدى ئۇ ئەپتىمگە قاراپ.

— سىلىدىن ھېلىقى گەپنى ئاڭلاپ بېرىپلا چۈشۈرگۈزىۋەتتىم.

— سىلى نېمانداق خۇدۇكى بار ئادەمدەك ئىش قىلىپ يۈرىدىغانسىلەر! — دېدى ئۇ تېرىككەندەك بولۇپ،

— بۇرۇتۇڭلىنى ئالدۇرىۋەتكىنىڭلار بازار باشلىقىنىڭ قۇلىقىغا يېتىپتۇ، سىلىنى ئەتە ئەتىگەندە بازارلىق ھۆكۈمەت ئىدارىسىگە بىر كەلسۇن، دەيدۇ. يىغى كەلگەن بازار باشلىقنى ناھايىتى ئاچچىقى يامان ئادەم دەپ ئاڭلىۋىدىم، قوغداش ھەيئىتىنىڭ خەۋىرى ئارامىمنى بۇزدى... كەچلىك تامىقىمنى يەپلا ئۆزۈمنى ئورۇنغا تاشلاپ خىيالغا پاتتىم. ئايالىم قاچا-قومۇچنى يىغىشتۇرىۋېتىپ، دۈگلەكلىۋالغان توشۇك يىپلىرى بىلەن ئۇزۇن بىگىزلىرىنى ئېلىپ ئۇدۇلۇمغا كېلىپ ئولتۇردى. ئۇ پوپايكا توقۇشقا ناھايىتى ئۇستا ئىدى. بىكار بولۇپ قالسىلا بۇزۇلغان، كونىرىغان يۇڭ كىيىملەرنى چۇۋۇپ، باشقىدىن توقۇش بىلەن مەلىكە بولاتتى، قولىغا بىگىز چىقىشى بىلەن ئاغزىمۇ تەڭ گەپكە تېگەتتى؛ گېپى توختاپ قالسا قولىمۇ توختاپ قالاتتى.

www.kitaphumar.com

— ئاتا-بالا ئىككىلار نىمە بولدۇڭلار؟ — دېدى ئۇ توقۇۇشنى باشلاپ.

— نېمە بوپتىمىز؟

— بۇرۇت قويۇپ تاراقشىپ كېتىۋېدىڭلار، بۇگۈن بىرىپ تەڭلا يوق قىلىپ كەپسىلەرغۇ؟ يۈرىكى ئاجىز بۇ خوتۇنغا راست گەپنى ئېيتقۇم كەلمەي:

— بۇرۇت دېگەننى بىر قېتىم ئالغۇزۇۋەتكەنگە يوق بولۇپ كېتىدىغان نەرسە دېۋېدىڭمۇ؟ قويغۇمىز كەلسە يەنە ئون كۈنگە قالمايلا ئۆسۈپ تەييار بولىدۇ، — دەپ قويدۇم. شۇنىڭ بىلەن ئايالىم:

— پالانچىنىڭ بالىسى بۇ يىلمۇ ئىمتىھاندىن ئۆتەلمەپتۇدەك قاراڭ، پالانچى ئىزا تارتماي ئۆزىنى مېنىڭدىن ئىككى ياش كىچىك دەپ يۈرگىدەك، پۇستانچى يەنە ئېرىدىن ئاجرىشىپ كېتىپتۇ، دېگەندەك ئۆزىنىڭ ئۇششاق گەپلىرىگە چۈشۈپ كەتتى. قۇلىقىمغا ئۇنىڭ بىرمۇ ئېغىز گېپى كىرمەيتتى. كۆزۈمگە ئۇنىڭ توختىماي مىدىرلاۋاتقان كالپۇكلىرى قانداقتۇر بىر مۈزىكىنى ئورۇنداۋاتقاندەك، قولىدىكى بىگىزلىرى بولسا شۇ مۇزىكىغا كەلتۈرۈپ ئۇسۇلغا چۈشۈپ كەتكەندەك كۆرۈنگىلى تۇردى. ئۆمەرجان ئېيتقان شاپ بۇرۇت نېمىدەپ ئادەم بوغۇزلىماقچى بولۇۋېدىكىنە؟ بىر بۇرۇتلۇق ئىش ئىرىسا ھەممە بۇرۇتلۇقلارنى ئىزىملايدىغان بۇ قانداق تەكشۈرۈشتۇ؟ مەنمۇ نېمىدەپ بۇرۇتۇمنى ئالمان-تالمان چۈشۈرگۈزۈۋېتىپ يۈرگەندىمەن. قىرىشقاندەك ھېلىقى شاپ بۇرۇتنىڭ بويىنىڭمۇ ماڭا ئوخشاش ئېگىز بولۇپ قالغىنىنى قارىمامدىغان... شۇنداق گادىرماچ خىياللار بىلەن تۈن يېرىمىغىچە ئۇخلىيالمىدىم. سەھەرگە يېقىن دەھشەتلىك بىر چۈش كۆرۈپ قورققىنىمدىن ۋارقىرىۋەتكەن بولسام كېرەك، ئايالىم مېنى تۈرتۈپ ئويغىتىۋەتتى.

— ھوي، ھوي! كۆزىڭىزنى ئېچىڭ، كۆزىڭىزنى! — كۆزۈمنى ئاچسام تاڭ يورۇپ كېتىپتۇ.

— نېمە بولدۇڭ؟ — دېدىم بېشىمدا ھەيران بولۇپ قاراپ تۇرغان ئايالىمغا.

— ئۆزىڭىز نېمە بولدىڭىز؟

— مەن نېمە بوپتىمەن؟

— نېمانچە ۋارقىرايسىز؟

— ھە، چۈشەكەپ ۋارقىرىغان ئوخشىمامدىمەن! — يوتقاننى قايرىۋېتىپ، كارىۋاتقا پۇتۇمنى ساڭگىلىتىپ ئولتۇرۇپ، كۆرگەن چۈشۈمنى ئېسىمگە ئالدىم،

— توۋا، ئادەم دېگەن غەلىتە نېمىلەرنى چۈشەيدۇ ـ ھە !

— نېمە چۈشەپسىز ؟ چۈشۈمدە ئىككىمىز مۇشۇ كارىۋاتتا ئولتۇرغۇدەكمىز. سەن ھە دەپ بىرنېمە توقۇۋاتقۇدەكسەن، «نېمە قىلىۋاتىسەن؟» دەپ سورىسام :

www.kitaphumar.com

ــــ سىزنىڭ كونا پوپايكىڭىزنى چۇۋۇغانتىم، شۇنى باللارغا ئەپلەپ بېرىپمە قىلىپ بېرەيمىكىن دەيمەن، دەپسەن. مەن ئويلىنىپ تۇرۇپ كېتىپ، خۇشال بولۇپ كېتىپتىمەن-دە:

ــــ مېنىمۇ چۇۋۇپ باشقىدىن توقۇپ باقساڭ بولمامدۇ ؟ ــــ دەپتۇدەكمەن، كۈلمە، راست ئاشۇنداق دەپتىمەن، سەن:

ــــ شۇنداق قىلسامغۇ بولاتتى، بىراق چۇۋۇپلا قويغاندىن كېيىن بەزى ئۈزۈلگەن، بۇزۇلغان يەرلىرىڭىز چىقىدۇ، قايتا توقۇغاندا بۇرۇنقىدىن كىچىكلەپ كېتىسىز، ــــ دەپسەن. مەن :

ــــ كىچىكلەپ كەتسەم تېخى ياخشى، سادىغاڭ كېتەي خوتۇن، مېنى ھازىرلا چۇۋۇپ تاڭ ئاتقۇچە بوّلەكتىن توقۇۋەتسەڭ ! ــــ دەپ يالۋۇرۇپتىمەن . سەن ماقۇل دەپ، كارىۋاتقا مېنى قىپيالىڭاچ قىلىپ سوزۇلدۇرۇپ ياتقۇزۇپ، پۇتۇمنىڭ بارماقلىرىدىن باشلاپ چۇۋۇغىلى تۇرۇپسەن. بەدىنىمنىڭ چۇۋۇلۇۋاتقان يەرلىرىدە بىرى مېنى يېنىڭ غىدىقلاۋاتقاندەك سېزىم ھاسىل بولۇپتۇدەك؛ قىلچە ئازاب ھېس قىلماي، ناھايىتى ھوزۇرلىنىپ يېتىپتۇدەكمەن. چۇۋۇلۇپ كانىيىمغا كەلگەندە يىپنىڭ بىر يېرى چىگىلىپ قىلىپ بوغۇلۇپ قاپتۇدەكمەن، سەن ھەرقانچە ۋارقىرىساممۇ ئاڭلىماي يىپنى تاتىۋەرگۈدەكسەن. دەم ئالالماي، ئۆزۈمنى ھەرتەرەپكە ئۇرۇپ، كۆزۈمنى ئاچسام چۈشۈم. سەن يېنىمدا ئۆرە تۇرۇپسەن. ئايالىم بۇ گەپلەر ئاڭلاپ كۈلۈپ تېلىقىپ قالدى.

ــــ كۈلىدىغان نېمىسى بار، بۇ دېگەن چۈش!

ــــ ساراڭ بولدىڭىزمۇ، ئادەمنى قانداق چۇۋۇپ توقۇغىلى بولىدۇ؟... قوپۇڭا، ئورۇن-كۆرپىلەرنى يىغىۋېتەي، ــــ دېدى ئۇ. شۇ چاغدا ئېسىمگە بازارلىق ھۆكۈمەت ئىدارىسىگە بارىدىغان ئىشىم كەلدى-دە، ئالدىراپ كىيىندىم.

بازارلىق ھۆكۈمەت ئىشخانىسىدىكى يوغان ئۈستەلدە قوغداش ھەيئىتى ئۆمەرجان بىلەن يەنە بىر كېلەڭسىز سەمرىگەن كىشى كىتىرلىتىپ بىر نېمىلەرنى يېزىۋېتىپتۇ. ئىشىكنىڭ يېنىغا قويۇلغان ئۇزۇن بەندىڭدە تازىمۇ پاكار بىرئادەم ئولتۇرۇپتۇ. «مۇنداق پاكارلارنى چۇۋۇپ باشقىدىن توقۇيدىغان بولسا، ھېچنىمىلا چىقمايدىغۇ دەيمەن!» دەپ ئويلىدىم-دە: «سەل نېرىراق سۈرۈلۈڭلار، ئاغىنە» دەپ ئۇنىڭ يېنىغا قىستالدىم. بۇ بىزنىڭ بازارلىق ھۆكۈمەتكە يېڭىدىن تەيىنلىنىپ كەلگەن بازار باشلىقى بولىدۇ، ــــ دەپ تونۇشتۇردى ئۆمەرجان ھېلىقى سېمىز زاتنى،

ــــ سىلەردىن بەزى ئىشلارنى ئېنىقلىماقچى بولۇپ چاقىرتقان. بازار باشلىقى ماڭا كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا قاراپ قويۇپ:

ـــ قېنى، سۆزلەۋېرىڭ! ـــ دەپ بۇيرۇق قىلدى يېنىمدا ئولتۇرغان پاكار ئاغىنىگە. پاكار ئاغىنە باياتىن بېرى ئەھۋال تونۇشتۇرۇۋاتقان بولسا كېرەك، سۆزىنى داۋام قىلدى:

ـــ تۆت-بەش كۈننىڭ ئالدىدىكى ئىشقۇ دەيمەن، ـــ دېدى ئۇ،

ـــ ھە، ھە! توغرا، شۇ كۈنى يەكشەنبە ئىدى. مەن گۆش-پۇش ئالاي دەپ بازارغا چىقىۋىدىم، بىر چاغدا ۋاراڭ-چۇرۇڭ بولۇپ كەتتى، قارىسام ئاپتوبۇس بېكىتىگە يېقىن يەردە ئۈچ ياش نىمە بىر كىشىنى ئارىغا ئېلىپ دۇمبالىغىلى تۇرۇپتۇ. تاياق يېگۈچى ئۈچىگە تەڭ كېلەلمەيدىغانلىقىغا كۆزى يەتتىمۇ، شارتتىدە قىلىپ يېنىدىن پىچاق چىقاردى. پارقىراپ تۇرغان پىچاقنى ھەممەيلەن كۆردۇق. ئەتراپتا قىقاس-چۇقان چىقىپ كەتتى. سەي سېتىۋاتقان خوتۇنلار قورققىنىدىن چىرقىرىۋېتىشتى، شۇ ئارىدا قانداق بولدى، ئارقىدىن كەلگەن بىرى چاققانلىق بىلەن ئۇنىڭ قولىدىكى پىچاقنى تارتىۋالدى، ئۇ يەنە بىر پىچاقنى چىقاردى، يەنە بىرەيلەن ئۇ پىچاقنىمۇ يۇلۇۋېلىپ چۆرۈۋېتىۋېدى، ئۇنىڭ قولىدا تېخىمۇ يوغان يەنە بىرپىچاق پەيدا بولدى، شۇنىڭ بىلەن بازار ئىچىدە قاچ-قاچ بولۇپ كەتتى، مەنمۇ قاچتىم، كۆرگەنلىرىم ئەنە شۇ.

«يائاللا نىمانداق جىق پىچاق بۇ. شۇنچىۋالا پىچاقنى ئۇ ئوغرى نەرىگىمۇ ئېسىپ يۈرگەن بولغىيتتى ؟!» دەپ ياقامنى تۇتتۇم . بازار باشلىقى بېشىنى كۆتۈرۈپ:

ـــ پىچاق كۆتۈرگەننىڭ تەقى-تۇرۇقى قانداقراق؟ ـــ دەپ سورىدى.

ـــ ئېسىمدە قالماپتۇ، ئىشقىلىپ بۇرۇتلۇق، ئېگىز ئادەمدەك قىلغان.

ـــ بويىنىڭ ئېگىزلىكى ماۋۇ يېنىڭىزدا ئولتۇرغان ئادەمگە ئوخشامدۇ؟

يۈرىكىم قارتتىدە قىلىپ قالدى. پاكار ئاغىنە بېشىمدىن ئايىغىمغىچە بىر قاراپ:

ـــ ياق، ياق. بۇ كىشىدىنمۇ ئېگىزرەكمىكىن دەيمەن، ـــ دېدى. «ئۇھ!» دەپ يېنىك بىر تىندىم. پاكار ئاغىنە كۆزۈمگە خېلى ئىسسىق كۆرۈنۈپ قالدى. «ئۇنى چۈۋۈمىسىمۇ بولغۇدەك» دەپ ئويلىدىم، بازار باشلىقى ئۇنىڭ سۆزىدىن تازا قانائەت ھاسىل قىلمىغان بولسا كېرەك:

ـــ بولىدۇ، ھازىرچە قايتىپ بېرىپ ئوبدان ئويلىنىپ، شۇ كۈنى بازاردا كۆرگەنلىرىڭىزنى، ھېلىقى پىچاقچىنىڭ چىراي-شەكلىنى تەپسىلىي يېزىپ، ئەتىگىچە بىزگە ئەكېلىپ بېرەرسىز، ـــ دېدى. پاكار ئاغىيە چىقىپ كەتتى، ئەمدى بازار باشلىقىنىڭ كۆزى ماڭا تىكىلدى.

ـــ خوش، ـــ دېدى ئۇ بىر تال تاماكا تۇتاشتۇرۇپ تۇرۇپ، ـــ بۇرۇتنى نىمانداق ئالدىراپلا چۈشۈرۈۋەتتىڭلار؟ ئۆمەرجاندىن بۇرۇتلۇقلارنى تىزىملاۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ

www.kitaphumar.com

www.uyghurkitap.com

قورقۇپ كەتكەنلىكىمنى ئېيتماقچىدىم، تىلىمنىڭ ئۇچىغا كېلىپ قالغان بۇ گەپنى كۆچەپ بوغۇزۇمغا يۇتۇپ، يالغاندىن بىرنى توقۇدۇم،

— بىزنىڭ قۇلۇم-قوشنىلارنىڭ مىجەزىنى سىز بىلمەيسىز، مانا ماۋۇ ئۆمەرجان تازا ئوبدان بىلىدۇ، — دېدىم، — بىرەرسى ياخشىراق بىر نەرسە سېتىۋالسا، ئوبدانراق بىر كىيىم كىيسە، ئىشقىلىپ، ئازغىنە بىر يېڭىلىق بولغىنىنى كۆرسىلا «يۇيىمىز» دەپ ئۇن-يىگىرمە تەڭگە خەجلەتمەي قويمايدۇ، يېقىندىن بىرى ئۇلار: «پاھ، مۇنۇ بۇرۇت سىلەرگە ئەجەبمۇ يارىشىپتۇ، بۇرۇتنىڭ چىيىنى قاچان ئىچىمىز؟ سىلەرنى بىر ئوبدان يۇمساق زادى بولمايدۇ» دەپ ماڭا يېپىشىۋېلىشتى. ئىش-ئوقەتنىڭ يوقىدا قاراپ تۇرۇپ بىرمۇنچە پۇلنىڭ كۆزىگە ياغاچ تىقماي، دەپ تۆنۈگۈن ئىسمائىل ساتىراچنىڭكىگە بېرىپ پاك-پاكىز قىردۇرۇۋەتتىم. بازار باشلىقى تاماكىسىنىڭ كۈلىنى قېقىپ، كۆزۈمگە قاراپ تۇرۇپ كەتتى.

— بازاردىكى ۋەقەنى ئاڭلىدىڭىز.

— مېنىڭ زادى ئەقلىم يەتمەيۋاتىدۇ، بازاردىكى ۋەقە بىلەن مېنىڭ بۇرۇتۇمنىڭ زادى نېمە مۇناسىۋىتى بار؟

— بىلەمسىز! — دەپ ئۈستەلنى پاققىدە بىرنى ئۇرۇپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى بازار باشلىقى، — بۇرۇتى بارلارنىڭ يېنىدا چوقۇم پىچىقى بولماي قالمايدۇ، ئەجەب بۇرۇنمۇ ئەمەس، كېيىنمۇ ئەمەس، دەل بىز بۇرۇتلۇقلارنى تىزىملايمىز دەۋاتقان چاغدا سىزنىڭ بۇرۇتىڭىزنى قىردۇرۇۋېتىش خىيالىڭىزغا كېلىپ قاپتۇ-ھە؟ ئىش ئۇنداق ئاددىي ئەمەس. ئۆتكەن يەكشەنبە بازاردا بولغان ۋەقەنى سىز ئاددىي بىر ماجىرا دەپ قارامسىز؟ ياق، ياق، مەسىلىگە ئۇنداق يۈزە قارىغىلى بولمايدۇ. شۇ كۈنى ھېلىقى يوغان بۇرۇت بازاردىكىلەرنى پىچاق كۆتۈرۈپ قوغلاپ قېچىپ چىقىپ كەتكەندە، شۇ يەرگە بىر سومكىسى چۈشۈپ قالغانىكەن. ئەكېلىپ تەكشۈرسەك، ئىچىدىن يەنە ئوتتۇز-قىرىقچە پىچاق چىقتى.

— ئەمسە ئۇ پىچاق ياساپ ساتىدىغان پىچاقچى ئوخشامدۇ؟

- گېپىمنى بۆلمەڭ! تۆمۈرچىنىڭ يېڭى سوققان پىچاقلىرىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى بىز سىزدىن ئوبدانراق بىلىمىز. ھېلىقى بۇرۇتلۇقنىڭ سومكىسىدىن چىققان پىچاقلارنىڭ ھەممىسى بىر-بىرىدىن يوغان، تۇتۇلغان پىچاقلار. خوش، سىز بۇ ئىشنى قانداق چۈشەندۈرىسىز؟ سىزچە ئۇ بۇرۇتلۇق شۇنچە پىچاقنى سېھىرگەرلىك قىلغىلى ياكى قىزىقچىلىق كۆرسەتكىلى كۆتۈرۈپ يۈرگەنمىدۇ؟ مۇشۇ تۇرغان ئورنىمىزنىڭ تارىخىدىن بەلكىم خەۋىرىڭلار يوقتۇ؟ بىر تارىخچى ئاغىنەمنىڭ سۆزلەپ بېرىشىچە: نەچچە مىڭ يىلنىڭ ئالدىدا، ئىسكەندەر دېگەن بىرسى ئۆزىنىڭ لەشكەرلىرىنى باشلاپ دۇنيانىڭ ھەممە يەرلىرىنى بويسۇندۇرۇپ، موشۇجايغا كەلگەندە بىر توپ پىچاقچىلارغا يولۇقۇپ، ئالغا

باسالماي چېكىنىپ كەتكەنىكەن. ئۇ پىچاقچىلارنىڭ ھەربىرى يېنىغا نەچچە ئوندىن پىچاقنى ئېسىۋالاتتىكەن، قارىماي ئاتقان پىچاقلىرىمۇ كېلىۋاتقان ھەرقانداق ئادەمنىڭ نەق ئىككى قېشىنىڭ ئوتتۇرىسىغا سانجىلىپ ئارقىسىغا ئۇچۇرۇۋېتەتتىكەن. نەچچە يۈز يىلنىڭ ئالدىدا، چىڭگىزخان قاراقچىلىرى بۇ يەردىن ئۆتكەندە يەنە شۇنداق سانسىز پىچاقلار ئۇلارنىڭ سىپىگە قوشۇلۇپ غەربكە ماڭغان ئىكەن. بۈگۈنگە كەلگەندە ئارىمىزدا يەنە شۇنداق پىچاقچىلار باش كۆتۈرۈپ چىقىۋاتقاندەك قىلىدۇ. ئۇلارنى بىر پالاكەت تېرىمايدۇ، دەپ كىم ئېيتالايدۇ؟ قايتىپ بېرىپ، بۇرۇتىڭىزنى قاچان قويغانلىقىڭىزنى، نېمە سەۋەبتىن چۈشۈرۈۋەتكەنلىكىڭىزنى، بۇرۇتلىرىڭىزنىڭ شەكلىنى، شەكلى دېگىنىم: توم بۇرۇتمۇ، بوم بۇرۇتمۇ، شاپ بۇرۇتمۇ، سىم بۇرۇتمۇ؟ ھەممىنى ئېنىق يېزىپ، ئەتىدىن قالدۇرماي بىزگە تاپشۇرۇڭ!

بازارلىق ھۆكۈمەت ئىدارىسىدىن خۇددى بىرسى مېنى چۆرگىلىتىپ قويۇپ بەرگەندەك بېشىم گاڭگىراپ يېنىپ چىقتىم، ئۆيگە كېلىپ قولۇممۇ ئىشقا بارمىدى، راست دېگەندەك ھېلىقى بۇرۇتلۇق سومكىسىغا ئوتتۇز-قىرىق پىچاقنى سېلىۋېلىپ نېمىشقا ئادەم قوغلاپ يۈرگەن بولغىيدى؟ ئىسكەندەر، چىڭگىزخان دېگەنلەر توغرىسىدا ئانچە-مۇنچە ئاڭلىغان، نەچچە يۈز يىللارنىڭ ئالدىدا ئۆتكەن بۇ پادىشاھلار بىلەن بۈگۈنكى پىچاقچىنىڭ ئۇرۇق-تۇغقان چىقىپ قالغىنى قىزىق. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ ئىشقا مېنىڭمۇ چېتىلىپ قالغىنىمچۇ! كەچتە قاغا پۈتى خەتلىرىم بىلەن بۇرۇتۇمنىڭ تۇغۇلغاندىن تارتىپ ئۆلگۈچە بولغان قىسقىچە تارىخىنى يېزىشقا ئولتۇردۇم. ئايالىم بېشىمغا كېلىپ قاراپ:

— بۇ بىر-ئىككى كۈندىن بۇيان سىزگە زادى نېمە بولدى؟ — دېدى.

— نېمە بوپتۇ؟ — بىردەم بېرىپ بۇرۇتىڭىزنى چۈشۈرۈۋېتىپ كېلىسىز، بىردەم ھۆكۈمەت ئىدارىسىگە يۈگۈرەيسىز، بۈگۈن كەچكىچە قويغان-تۇتقىنىڭىزنى بىلمەي پىرقىراپ يۈردىڭىز، مانا ئەمدى تەكشۈرۈش يېزىشقا ئولتۇرۇپسىز...

— تەكشۈرۈش ئەمەس، ھاڭۋاقتى!بۇرۇتۇمنىڭ تارىخىنى يېزىۋاتىمەن.

— بۇرۇتۇمنىڭ تارىخىنى؟! ئايالىم ماڭا چەكچىيىپ قاراپلا قالدى. ئۇ چوقۇم مېنى ئالجىپ قاپتۇ، دەپ ئويلىدىغۇ دەيمەن. — بۇ دېگەن سىياسەت، خوتۇن خەق ئارىلىشىدىغان ئىش ئەمەس! — دەپ ۋارقىرىدىم ئۇنىڭغا، — ماڭ يۈگۈر، ئۆزۈڭنىڭ قازان-قومۇچۇڭنى بىل.

شۇ كېچە يەنە قورقۇنچلۇق بىر چۈش كۆرۈپ ئويغىنىپ كەتتىم، چىراغنى ياندۇرۇپ، كۆرگەن چۈشۈمنى ئەسلەشكە تىرىشىپ، يەنە بىرھازا ئولتۇرۇپ كەتتىم. ئايالىم ئويغىنىپ:

— يەنە نېمە بولدىڭىز؟ — دېدى.

www.kitaphumar.com

— قارا بېسىپتۇ، قارىماسەن چىلىق-چىلىق تەرگە چۆمۈپ كەتكىنىمنى.

— يەنە غەلىتە بىرنېمىلەرنى چۈشىگەن ئوخشىماسىز؟

— غەلىتە بولغاندا قانداق دېمەمسەن: چۈشۈمدە ئۇخلاۋاتقۇدەكمەن. قۇلىقىمغا بىر نېمىلەرنىڭ گۈلدۈرلىگەن، تاراقلىغان ئاۋازى ئاڭلانغۇدەك. «مېڭىپ كېتىۋاتقان هارۋىنىڭ ئۈستىدە ئۇخلاپ قاپتۇدەكمەن» دەپتىمەن. يەنە قارىسام هارۋا توختىماي پىقىراۋاتقۇدەك. «بۇ هارۋا ئەمەس تۆگمەننىڭ تېشىغا چىقىپ قاپتىمەن» دەپ تۇرسام، گۈلدۈرلىگەن ئاۋاز بارغانچە كۈچىيىپ، تۆگمەننىڭ ئىچىگە شارقىراپ سۇ كىرگىلى تۇرۇپتۇ. بىرچاغدا قارىسام تۆگمەننىڭ ئىچىدە ئەمەس كىرئالغۇنىڭ ئىچىدە پىرقىراۋاتقۇدەكمەن. شۇنچە ۋارقىرىساممۇ ئاۋازىمنى هېچكىم ئاڭلىمىغۇدەك، تېپچەكلىگەنسېرى مازغاپنىڭ ئىچىگە چۆكۈپ كېتىپ بارغۇدەكمەن. مىڭ تەسلىكتە كۆزۈمنى ئاچسام ئۆينىڭ ئىچى قاپقاراڭغۇ تۇرۇپتۇ. قورققىنىمدىن چىراغنى ياندۇرۇۋالدىم، هېلىقى كىرئالغۇنىڭ تاراق-تاراق ئاۋازى هازىرمۇ قۇلىقىمغا ئاڭلىنىپ تۇرىدۇ.

ئەتىسى ناهايىتى هارغىن هالدا ئورنۇمدىن تۇردۇم. بېشىم هېلىمۇ پىرقىرىغاندەكلا بولۇپ قېيىپلا تۇراتتى. چۈشكە يېقىن بۇرۇتۇمنىڭ «تارىخى» يېزىلغان قەغەزنى كۆتۈرۈپ بازارلىق هۆكۈمەتكە باردىم، ئىدارىنىڭ ئىچىدە بۇرۇت ماجىراسى بىلەن چاقىرتىلغان يەنە بىرقانچەيلەن سوراق قىلىنىۋاتقانىكەن، ئىچكىرىگە كىرىشكە پېتىنالماي، قولۇمدىكى قەغەزنى بوسۇغىدا تۇرۇپلا سۇنۇپ بەردىم. ئىدارىدىن چىقىپ ئۇدۇل بازار تەرەپكە كېتىپ قاپتىمەن. بازارنى ئارىلاپ ماڭدىم. كۆزۈمگە ھەممىلا يەردە پىچاق بىلەن بۇرۇت كۆرۈنگەندەك قىلاتتى. مۇنۇ بۇرۇتلۇق قاسساپنىڭ قولىدىكى پىچاقنىڭ هەيۋەتلىكلىگە قارىمامدىغان. هېلىقى بۇرۇتلۇقنىڭ سومكىسىدىن چىققان پىچاقلارمۇ مۇشۇنداق تىرىك جاننىڭ قېنىنى ئېقىتىدىغان نېمىلەر بولسا كېرەك. ئاۋۇ تاۋۇزچىنىڭ قىلىچتەك ئۇزۇن، ئەگرى پىچىقىچۇ؟ هەرقانداق بولسىمۇ ئۇنداق ئۇزۇن پىچاقلاردىن ئوتتۇز- قىرىقنى بىر سومكىغا سىغدۇرغىلى بولماس... ماۋۇ يايمىچىلارنىڭ ئالدىدا تۇرغان پىچاقلارچۇ؟ بۇ يەردىن داڭلىق يېڭىسار پىچاقلىرىدىن تارتىپ سېپىغا هەرخىل كۆزلەرنى قويۇپ نەقىشلىۋەتكەن قەشقەر پىچاقلىرى، ئىككى بىسلىق خەنجەرلەر، تۆمۈر غىلاپلىق موڭغۇل پىچاقلىرى، ئىچكى ئۆلكىلەرنىڭ تۈرلۈك قىڭراقلىرى، يەرلىك ئۇستىلار سوققان خىلمۇ-خىل قەلەمتىراچلارغىچە بولغان تىغلىق ئەسۋابلارنىڭ ھەممە تۈرىنى تاپقىلى بولاتتى، ئېلىم-بېرىم قىلىنىشىۋاتقانلارنىڭ كۆپىنچىسى بۇرۇتسىز ئىدى (هەرقاچان ئۇلارنىڭ ئىچىدە چاندۇرماي بۇرۇتنى قىردۇرۇۋەتكەنلەردىن خېلى بار). ئەگەر بۇ بۇرۇتسىز پىچاقچىلارغا بازار باشلىقى ئېيتقان هېلىقى بۇرۇتلۇق پىچاقچىلارنى قوشساق، هەقىقەتەنمۇ بىر چوڭ

خەۋپكە ئايلىناتتى. كۆزۈمگە ئالارمەن-ساتارمەنلەرنىڭ ۋاراڭ-چۇرۇڭى بىلەن گۈلدۈرلەپ تۇرغان بۇ بازارمۇ يوغان كىرئالغۇنىڭ ئىچىدە توختىماي پىرقىراۋاتقاندەك كۆرۈندى. «ھەرقاچان، بازار باشلىقى ئۇزاق ئۆتمەي بۇ بازارنى چۇۋۇپ باشقىدىن توقۇيدىغۇ، دېمەن!» دەپ ئويلاپ قالدىم.

شۇنىڭدىن باشلاپ دەككە-دۈككە ئىچىدە تالا-تۈزگىمۇ چىقمىدىم، بىرەرسىنىڭ بازارنى چۇۋۇپ توقۇۋاتقانلىقى توغرىسىدىكى خەۋەرمۇ ئاڭلىمىدىم. ئارىدىن ئىككى ئايچە ۋاقىت ئۆتتىمىكىن، بىركۈنى غەيرەت قىلىپ كوچىغا چىقىپ، سودىلىقمنى پۈتتۈرۈپ ئۆيگە قايتىپ كېلىۋاتسام، ئالدىمغا بازار باشلىقى چىقىپ قالدى. ئۆز كۆزۈمگە ئىشەنمەي قالدىم، ئۆردەكتەك ئىغاڭلاپ كېلىۋاتقان بۇ كېلەڭسىز ئادەم قاملاشتۇرۇپ بۇرۇت قويۇۋالغاندى، يېقىنلاپ كېلىپ قارىسام، خاتاسىز بىزنىڭ بازار باشلىقى!

ـــ ئەسسالامۇئەلەيكۇم! ـــ دېدىممەن ئۇنىڭ ئالدىنى توراپ. بازار باشلىقى توختاپ ماڭا قارىدى-دە:

ـــ سىز كىم بولىسىز؟ ـــ دېدى.

ـــ ئىككى ئاينىڭ ئالدىدا سىزگە بۇرۇتۇمنىڭ تارىخىنى يېزىپ ئاپىرىپ بەرگەن كىشى بولىمەن .

ـــ ھە، ھە. شۇ چاغدا مېڭىمىز قىزىپ كېتىپ بىرمۇنچە ئادەملەرنى ئاۋارىچىلىككە ساپتىمىز. شۇلارنىڭ ئىچىدە سىزمۇ باركەنسىز-دە؟ قارىمامسىز، ھېلىقى كېكەچ ھەممىمىزنى تەڭ پاراكەندە قىلىپتۇ.

ـــ قايسى كېكەچنى دەيسىز؟ ـــ ئاڭلىمىدىڭىزمۇ؟ ھېلىقى بازاردا پىچاق كۆتۈرۈپ ئادەم قوغلىغان بۇرۇتچۇ؟ ئەسلىدە ئۇ قۇشخانىنىڭ خىزمەتچىسى ئىكەن، قۇشخانىنىڭ توك چاقى بۇزۇلۇپ قېلىپ، شۇ كۈنى ئۇ قاسساپلارنىڭ مال سويىدىغان پىچاقلىرىنى يىغىپ بازارغا چاقلاتقىلى ئەكىرگەنىكەن. ئاپتوبۇستا ئۇچ يانچۇقچى ئۇنى ئارىغا ئېلىۋېلىپ، قىستىغان بولۇپ يانچۇقىدىكى پۇللىرىنى سوقۇۋاپتۇ، كېكەچ پۇلنىڭ يوتكەنلىكىنى سېزىپ قېلىپ، ئاپتوبۇستىن چۈشۈپلا ھېلىقىلارغا ئېسىلىۋاپتۇ. يا ئولاشقان خەققە گېپىنى ئۇقتۇرالماي، يا ھېلىقىلارنى قويۇۋەتمەي چىڭ تۇرۇۋالغاندىن كېيىن، يانچۇقچىلار ئۇنى ئۇرۇپ قۇتۇلۇپ قاچماقچى بولۇپتۇ. تاياق ئۆتكەندىن كېيىن كېكەچمۇ پىچاق چىقىرىپتۇ. بولغان ئىش شۇ.

ـــ شۇنچىلىك ئىشكەن دەڭ!

ـــ شۇنداق، شۇنچىلىكلا ئىش ئىكەن. مەن ئۇنى ئاغىنەمدىن چالا-پۇچۇق ئاڭلىۋالغان تارىخقا باغلاپ چوڭقۇر ئويلىنىپ كېتىپتىمەن. دوختۇرلار بۇنى «سېزىمى

www.uyghurkitap.com



ئېشىپ كېتىش كېسەلى» دەيدىكەن، يۇقىرى رەھبەرلىكمۇ مېنى چاقىرتىپ: «بىر بۇرۇتنىڭ ئىشىنى دەپ جىمى بۇرۇتنى پاراكەندە قىلىدىغان قانداق باشلىقسەن!» دەپ قاتتىق تەنقىدلىدى، خاپا بولمايسىز. بۇرۇتۇمغا قاراپ ھەيران بولۇۋاتامسىز؟ ئاڭلىسام بەزى رەھبەرلەر مېنى «بازار باشلىقى ئەزەلدىن بۇرۇتقا ئۆچ ئادەمتى» دەپ يۈرگۈدەك. رەھبەرلەرنىڭ پىكرىگە دىققەت قىلمىسا بولمايدۇ، مانا ئەمسە دەپ مەنمۇ بۇرۇت قويۇۋالدىم، يارىشىپتىمۇ؟ بازار باشلىقى قىلىنلىق بىلەن ھىجايدى، مەنمۇ دەردىمنى ئىچىمگە يۇتۇپ جىلمايدىم-دە :

—— يارىشىپتۇ، بەستىڭىزگە قارىغاندا بۇرۇتىڭىز سەل كىچىك بولۇپ قاپتۇ، بولسا ئوبدانراق ئۆستۈرۈپ قۇلىقىڭىزغا يۆگىۋالسىڭىز بولغۇدەك، —— دېدىم.

—— پاھ، پاھ بۇ چاقچىقىڭىز قالتىس كەلدى-دە!

—— دەپ دىقماق قوللىرى بىلەن مۈرەمگە ئۇرۇپ قويۇپ ئۆتۈپ كەتتى ئۇ. تۇرغان ئورنۇمدا تۇرۇپ قالدىم، «بۇ بازار باشلىقىمۇ كىرئالغۇغا چۈشۈپ كېتىپ چۆرگىلەۋاتقىنىغا خېلى بولغان بىر نېمە ئىكەن-دە! مۇنداق كېلەڭسىز ئادەملەرنى سۈزۈۋېلىپ، ئاپتاپقا سېلىپ قۇرۇتۇپ، ئاندىن چۈۋۈپ باشقىدىن توقۇسا خېلى ئىخچاملىشىپ قالاتتىمىكىن؟» دېگەنلەر خىيالىمدىن كەچتى. ئۆيگە يېقىنلاپ قالغىنىمدا قوغداش ھەيئىتى ئۆمەرجان ئۇچراپ قالدى.

—— ھەي ئۆمەرجان! —— دەپ ۋارقىراپ توختىتىۋالدىم، —— بولغان يېڭىلىقلاردىن خەۋەرلەندۈرۈپمۇ قويمايسىلە. —— نېمە يېڭىلىقلاردىن؟ —— بۇرۇت تىزىملايدىغان ئىش ئەمەلدىن قاپتۇ، بازار باشلىقىنىڭمۇ ئۆزى بۇرۇت قويۇۋاپتۇ.

—— كىمدىن ئاڭلىدىڭلار؟

—— مانا ھازىر، كوچىنىڭ دوقمۇشىدا بازار باشلىقىنىڭ ئۆزىنى كۆردۈم.

—— نېمە دېدى؟

—— «بۇرۇتۇم يارىشىپتىمۇ ؟» دېدى. «يارىشىپتۇ، بەستىڭىزگە قارىغاندا سەل كىچىك بولۇپ قاپتۇ، ئوبدانراق ئۆستۈرۈپ قۇلىقىڭىزغا يۆگىۋالسىڭىز بولغۇدەك» دېدىم. ئۆمەرجان قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى-دە:

—— بازار باشلىقىنىڭ بۇرۇتى ئۆسمەيدىغان بۇرۇتلاردىن - دە! —— دېدى

—— نېمە دەيدىغانسىلە، ئۆسمەيدىغان قانداق بۇرۇت ئۇ؟

—— سىلە بىلمەمسىلە؟ بىزنىڭ بازار باشلىقىمىز تۇغما كوسا. بۇ قېتىم ھەممىسى ئۇنىڭ كۆزىگە قولىنى جۇنۇپ: «زادى بۇرۇتى بارلار ساڭا نېمە قىلغان؟» دەپ ئارامىنى قويمىغاچقا، سەنئەت ئۆمىكىدىن ئاشۇ بۇرۇتنى تېپىپ ئەكېلىپ تاقىۋالدى. ئۆمەرجان

www.kitaphumar.com

كەتتى. بولغان ئىشلارنى باشتىن-ئاياغ كۆزئالدىمدىن ئۆتكۈزۈپ يەنە بىرھازا تۇرۇپ كەتتىم، شۇنچە ياشقا كىرىپمۇ دۇنيانىڭ قىزىقلىقىنى چۈشەنمەپتىكەنمەن.

مانا شۇ ۋەقەلەر بولۇپ ئۆتكەنگە يېرىم يىلچە بولۇپ قالدى، ئوغلۇم كالپۇكىنىڭ ئۈستىگە ئۆتكەنكىسىدىنمۇ يوغانراق بىر ياقىلىقنى بېكىتتۈۋالدى، لېكىن مەن بۇرۇت قويۇشقا ھازىرغىچە پېتىنالماي يۈرىمەن. يەنە بىرەر كېلىشمەسلىك يۈز بېرىپ، بازار باشلىقنىڭ «سىزنى ئېشىپ كېتىش كېسىلى» ئەدەپ قالسا، ئۇنى جا بۇرۇتنى شاققىدە ئېلىپ يانچۇقىغا سېلىۋېلىپ، خىيالىغا كەلگەننى قىلمايدۇ، دەپ كىم ھۆددە قىلالايدۇ؟!

مەنبە : مەرىپەت تورى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىرىكى تورى www.uyghurkitap.com



# 536 ـ بېكەتتىكى قار ناخشىسى

ئەكبەر ئىمام كۆكبۆرە

(ھېكايە)

نويابىرنىڭ بېشىدىلا لەپىلدەپ قار ياغىدىغان شىمالدىكى بۇ يۇرتنىڭ قىش پەسلى تاكى مارت ئايلىرىنىڭ ئاخىرىغىچە سوزۇلىدۇ. ھەر قېتىم قار لەپىلدەپ ياغقاندا پۈتۈن زېمىن ئاق شايىدىن تون كىيىپ، يول بويىدىكى دەرەخلەر خۇددى مۇنچىدىكى ئاياللاردەك يالىڭاچلىنىپ قالىدۇ. قىشتا قار يېغىشمۇ يازدا يامغۇر ياغقاندەكلا تەبىئىي ھادىسە. شۇنداق بولسىمۇ مەن قارنى قىشنىڭ بىردىنبىر بېشارىتىدەك ھېس قىلىمەن. كەچ كۈزنىڭ ئاخىرقى ئىللىقلىقى تۈگەپ قىشنىڭ مۇزدەك ھاۋاسى يۈزلەرگە ئۇرۇلغاندىمۇ يەر يۈزىدە قار بولمىسا قىشنىڭ كەلگەنلىكىگە تازا ئىشەنچ قىلالمايمەن. مەن ھەر قېتىم قارنى كۆرسەم ياكى قار ھەققىدە خىيال سۈرسەملا قارنىڭ شەكلى مېنى ئۆزىگە جەلپ قىلىدۇ. قارنى تۈتقىلى بولسىمۇ، لېكىن يەردە، دەرەخ شاخلىرىدا شەكلىنى يوقاتماي تۇرغان قارنىڭ بىرنىڭ ئىسسىق ئالقىنىمىزدا مەۋجۇت شەكلىنى ساقلاپ تۇرۇش ئىمكانىيىتى پەقەت بىرنەچچە سېكۇنتلا، خالاس. ھەر قېتىم قوغۇشۇن رەڭلىك ئاسماندىن دەسلەپ لەيلەپ، ئارقىدىن لەپىلدەپ قار يېغىشقا باشلىغاندا قارنىڭ شەكلىنى تاماشا قىلىشىمۇ باشلىنىپ كېتىدۇ. بۇنىڭ ھۇزۇرى خۇددى يېزىدىكى ئويۇنچى باللارنىڭ توشقان قوغلاپ ئويناشلىرىدىنمۇ لەززەتلىك. بۇ خۇددى بەزى ئەرلەرنىڭ ئاياللارنىڭ كۆزىدىكى تەبەسسۇمىدىن، يەنە بەزى ئەرلەرنىڭ ئاياللارنىڭ كۆكسى ياكى ساغرىسىغا قاراشتىن ھۇزۇر ئالغىنىدەكلا نورمال بولغان تۇيغۇ جەريانى، بۇ خىل تۇيغۇ جەريانى تەن ئېقىنىمىزدا ئۆزلۈكىدىن قانداق پەيدا بولغان بولسا، قىسقا مۇددەتلىك قىزىشتىن كېيىن يەنە شۇنداق ئۆزلۈكىدىن غايىب بولۇپ كېتىدۇ. گەرچە قارنىڭ سۇبيېكتىپ مەزمۇنىدا ئەزەلدىن ئۆزگىرىش بولۇپ باقمىغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ ئوبيېكتىپ شەكلىدە ناھايىتى روشەن پەرق مەۋجۇت. قارنىڭ مەن كۆرگەن شەكلى جەمئىي 17 خىل، دېمەك، ئەتراپىمىدىكى ئادەملەرنىڭ كۆرۈش سەزگۈسىدە بىر خىل شەكىلدىلا نامايان بولىدىغان ئاق قار مېنىڭ كۆرۈش سەزگۈمدە ئاق رەڭلىك، كۆپ خىل شەكىللىك ماددا.

ئەمەلىيەتتە، مېنىڭ قار ھەققىدىكى تۇيغۇلىرىمنىڭ ھەممىسى سەن بىلەن شەكىللەنگەن ھەم مەزمۇنداش ئىدى، مەھبۇبە. سەن خۇددى قاردەك ئاق ۋە يۇمشاق، شۇنداقلا يەنە قاردەك يەڭگىل ۋە سوغۇق ئىدىڭ. سەن مېنىڭ قەلبىمگە يىغىپلا ئېرىپ كەتكەن بىر قېتىملىق قار. شۇ تاپتا مەن لەپىلدەپ قار يېغىۋاتقان 536 ـ بېكەتتە قاردەك يۇمشاق، قاردەك سوغۇق خىيال دېڭىزىغا غەرق بولۇپ كېتىۋاتاتتىم. سەن تېخى باياتىنلا تاتلىق بىر كۈلۈمسىرىشىڭ بىلەن ماڭا ئۆزۈڭنىڭ ئۆلۈكۈڭنى قالدۇرۇپ كەتكەنىدىڭ. بۇ ئۆلۈك خۇددى قىشتەك سوغۇق بولۇپ، مەن ئەمدى بۇ سوغۇق ئۆلۈكنى قەلبىمنىڭ چوڭقۇر تۇپراقلىرىغا كۆمۈشۈم كېرەك ئىدى. مەن خىيالىمدىكى سېنىڭ سوغۇق ئۆلۈكۈڭ ئالدىدا سەن ھەققىدىكى خاتىرىلىرىمنى قايتىدىن ۋاراقلاشقا باشلىدىم...

ئۇ كۈنىمۇ لەپىلدەپ قار يېغىۋاتاتتى. كوچىدىكى ئادەملەر قېلىن قار ئىچىدە ئۆيلىرىگە ئالدىراش قايتىشماقتا ئىدى. مەن ئىشخانىدىن چىقىپلا 536 ـ بېكەتكە كەلدىم. بېكەت چۆلدەرەپ قالغان بولۇپ پەقەت سەنلا بۇ بېكەتنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ئىسپاتلاپ تۇرغاندەك يالغۇزلا تۇراتتىڭ. قاپقارا بۇدۇر چاچلىرىڭ قار گۈللىرى بىلەن تەكشى بېزەلگەن بولۇپ، قىزىل رەڭلىك ماموق چاپان ئىچىدىكى سەن خۇددى بىر ۋاراق قەغەزدىكى بىر تامچە قاندەك پارلايتتىڭ.

مېنىڭ سەن بىلەن تۇنجى قېتىملىق ئۇچرىشىشىم مانا مۇشۇنداق ئاددىيلا باشلاندى. ئەمما، مەن بۇ ئاددىي باشلىنىشنىڭ مېنىڭ روھىي دۇنيارىمنى بۇ قەدەر قالايمىقانلاشتۇرۇۋېتىشىنى زادىلا ئويلاپ باقمىغان ئىكەنمەن. ئەمەلىيەتتىمۇ بىر قىزنىڭ قار ئىچىدە ماشىنا ساقلاپ تۇرۇشى بىلەن مۇھەببەتنىڭ شەكىللىنىشىدە ھېچقانداق باغلىنىش يوق ئىدى. چۈنكى، بۇ يەردە سەندىن باشقىمۇ نۇرغۇن قىزلار تۇرغان ـ دە!

قار لەپىلدەپ يېغىۋاتاتتى. قىزىل رەڭنىڭ بېشارىتى بولغان بىر تامچە قان ئاق قار ئىچىدە سېنىڭ شەكلىڭدە تىك تۇراتتى. بۇ ھال خۇددى قار قان ئىچىدە ئېرىپ كەتمەي، قان قار ئىچىدە توڭلاپ قالماي بىرى يەنە بىرىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ئىسپاتلاپ تۇرغاندەكلا ئىدى. سەن بولساڭ پات ـ پات لەيلەپ چۈشۈۋاتقان قارلارنى ئالقىنىڭغا قوندۇرۇۋېلىش بىلەن ماشىنا كۈتۈشتەك زېرىكىشلىك ھالەتنى ئۇنۇتماقچى بولغاندەك قىلاتتىڭ...

— ياخشىمۇسىز؟

بۇ مېنىڭ ئاۋازىم، شۇنداقلا يەنە بىر ئەرنىڭ ئاياللار ئالدىدىكى مۇلايىم ئاۋازى ئىدى. نېمىشقىدۇر، ئەرلەرنىڭ قوپال ئاۋازى ئايالار ئالدىدا مانا مۇشۇنداق مۇلايىملىشىپ كېتەتتى.

— ياخشى.

www.kitaphumar.com

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېگى ئادرېسى

بۇ سىنىلك ئاۋازىلىك ئىدى. سىنىلك ئاۋازىلىك شەكلى ماگا قاردەك ئاق ۋە قاردەك يۇمشاق تۈيۈلۈپ كەتتى.

— سىز قارنى ياخشى كۆرەمسىز؟

— ياخشى كۆرىمەن، — دېدىلىك سەن جاۋابەن بىر تال قارنى ئالقىنىڭغا قوندۇرغاچ.

— قار سوغۇق تۇرسا، — دېدىم مەن گېپىمنى داۋاملاشتۇرۇپ.

— قار سوغۇق بولغىنى بىلەن مېھرى ئىسسىق بولىدۇ ـ دە!

— يەنىچۇ؟

— قارنىڭ ئىچىدە ئۆزۈممۇ بار ئەمەسمۇ...

قار خۇددى بوگۇنلا يېغىۋالمىسا بولمايدىغاندەك لەپىلدەپ چۈشۈۋاتاتتى. 536 ـ بېكەتتە يەنىلا ئىككىمىز يالغۇز تۇراتتۇق. سىنىلك تېخى ھېلىلا ئاۋازى مۇلايىم چىقىدىغان بىر ئەر بىلەن بولغان سۆھبىتىلك ئەمەلىيەتتە مېنىلك خىيالىم ئىدى. بۇ مۇلايىم ئاۋاز بىلەن سىنىلك ئاۋازىلىك مېنىلك ئىچىمدىكى ئاۋاز ئىدى. بۇ ئاۋازنى مەندىن بۆلەك ئىككىنچى بىر ئادەم ھەتتا سەنمۇ ئاڭلىيالمايتتىلك. ئەرلەرنىلك ئاياللار ھەققىدە شېرىن خىياللارغا ئەسىر بولۇپ، ئۆز ـ ئۆزى بىلەن ئۈنسىز پىچىرلىششى ئېھتىمال ئەرلەرنىلك تەسەۋۋۇر ئېكىنزارلىقىدىكى ئۇلۇغ مۆجىزىلىرىنىلك بىرى بولسا كېرەك. بەلكىم ئەرلەر ئاياللار بىلەن تولۇپ تۇرغان مەۋجۇت رېئاللىقىدا ئۆزىنىلك تەنھالىقىنى ھېس قىلغاندا مۇشۇنداق ئۇلۇغ مۆجىزىلەرنى نامايان قىلىدىغاندۇ. شۇ ئەسنادا ئىچىمدىكى ئاۋاز يەنە پەيدا بولۇپ قالدى:

— بالىڭىز باردۇر ـ ھە؟

— قىزىڭىزمۇ بالىسى بولامدۇ؟

— رەھمەت.

— نېمىگە؟

— قاردەك ئاقلىقىڭىزغا.

— يەنىچۇ؟

— قاندەك ئىسسىقلىقىڭىزغا.

— قىزىق گەپ قىلىدىكەنسىز ـ ھە!

كۆزۈم لەپىلدەپ يېغىۋاتقان قېلىن قار ئىچىدە سۆرىلىپ كېلىپ ئالدىنقى بېكەتتە توختىغان ماشىنىغا چۈشتى. بۇ شەھەرنىلك ماشىنا بېكەتلىرىمۇ خۇددى شەھەرنىلك ئۆزىگە ئوخشاش ئەپچىل بولۇپ، قارا يۇمۇرچىلارنىلك گېپى بويىچە ئېيتقاندا بىر غېرىچ مۇساپىدە بىر بېكەت بار ئىدى. ماشىنا ئالدىنقى بېكەتتىكى ئىلىم ـ بىرىمنى تۆگەتكەندىن كېيىن

ئورنىدىن قوزغىلىپ بىز تەرەپكە يېقىنلاپ كەلمەكتە ئىدى. سەن كېلىۋاتقان ماشىنىغا بويۇنداپ قارايتتىڭ. مەن ماشىنىغا قارىغان بولۇپ ساڭا قارايتتىم. گەرچە ھەر ئىككىمىز 536 ـ بېكەتنىڭ يولۇچىسى بولساقمۇ، مەن خۇددى سېنى ھېلىلا كۆرۈش دائىرەمدىن چىقىرىپ قويىدىغاندەك، سەن ماشىنىغا چىقساڭلا ئىرىپ بىر تامچە سۇغا ئايلىنىپ، ئارقىدىن غايىب بولۇپ كېتىدىغاندەك تۇيۇلماقتا ئىدىڭ. ھايال ئۆتمەيلا ماشىنا ئالدىمىزدا توختاپ ئىشىكى ئېچىلدى. بىز بىرىمىز يەنە بىرىمىزنىڭ كۆرگەن چۈشىنىڭ داۋامىدەك ماشىنىغا چىقتۇق. سەن مېنىڭ ئارقامدىكى ئورۇندا ئولتۇرغان ئىدىڭ. ئەمدى ئارقامغا بۇرۇلۇپ ساڭا قاراش خۇددى خەقنىڭ يانچۇقىغا بويۇنداپ قاراشتىنمۇ قورقۇنچلۇق ئىدى. قاراپ ئولتۇرۇش نۆۋىتى ساڭا كەلگەن بولۇپ، سەن ماڭا ئەمەس، بەلكى شەلۋەرەپ كەتكەن بىر جاراھەتكە قاراپ ئولتۇراتتىڭ.

لەپىلدەپ يېغىۋاتقان ئاق قار ئۈچۈپ كېلىپ ماشىنىنىڭ ئەينىكىگە سوقۇلۇپ پەسكە چۈشۈپ كېتەتتى. قويۇق بۇدۇر چاچلىرىڭدىكى قار گۈللىرى ئىرىپ سۇ تامچىلىرىغا ئايلانماقتا ئىدى. كۆزۈم قويۇق بۇدۇر چاچلىرىڭدىكى سۇ تامچىلىرىدا ئىدى. ئىچىمدىكى ئىككىمىزنىڭ ئاۋازى يەنە ياڭراشقا باشلىدى:

— چېچىڭىزدىكى قار گۈللىرى ئىرىپ كېتىۋاتىدىغۇ؟

— شۇنداق، دۇنيادا مەڭگۈلۈك نەرسە يوق.

— سىز ئالدىمىزدىكى قايسىدۇر بىر بېكەتتە چۈشۈپ قېلىشىڭىز مۇمكىن ـ ھە!

— شۇنداق، ئالدىنقى بېكەتتىن ئايرىلغاندىلا يەنە بىر بېكەتتە چۈشۈپ قېلىش تەقدىرى پېشانەمگە پۈتۈلۈپ كەتكەن.

— سىز مەسىلىلەرگە ناھايىتى ئەستايىدىل باھا بېرىدىكەنسىز.

— شۇنداق، مەن تولىمۇ تۈجۈپىلەپ ئىشلەنگەن ماتېرىيال.

— ئۇنداقتا سىز قايسى قولى گۈلى زات ئىشلىگەن ماتېرىيال؟

— سىزنى ئىشلەپ زاۋۇتتىن چىقارغان زات.

— دېمەك ئىككىمىز بىر زاۋۇتنىڭ ماتېرىيالى ئىكەنمىز ـ دە؟

— شۇنداق، بىراق ئىشلىتىلىش ئورنىمىزدا پەرق بار ماتېرىيال بىز.

— مەسىلەن، قانداق پەرق بار؟

— مەن گۈزەللەشتۈرگۈچى، سىز مۇستەھكەملىگۈچى...

ماشىنىنىڭ تۇيۇقسىز تورمۇز قىلىپ مۇز ئۈستىدە سىيرىلىپ توختىشى ئىچىمدىكى ئىككىمىزنىڭ ئاۋازىنى ئۈزۈپ قويدى. بۇ چاغدا سەن پېشانەڭگە پۈتۈلگەن بېكەتتە چۈشۈپ قېلىش ئۈچۈن ئورنۇڭدىن تۇرۇپ بولغانىدىڭ. كۆز ئالدىمدا يەڭگىل ھەرىكەت

www.uyghurkitap.com



قىلىۋاتقان ئىككى پۈتۈك ئۈزۈن، ئىنچىكە، سىلىق ئىدى. بەلكىم ھەر قېتىم پايپاق كىيگەن ۋاقتىڭدا بۇ ئۈزۈن، ئىنچىكە، سىلىق پۇتلىرىڭنى ئاگاھسىز رەۋىشتە نەچچىنى سىلايدىغانسەن. بۇ چاغدا سەن ئۇڭ قول-ۋۇڭ بىلەن سول قولۇڭنى تۇت-قاندەكلا تۇيغۇدا بولارسەن. لېكىن مەن شۇ ئۈزۈن، ئىنچىكە، سىلىق پۇتلىرىڭغا قاراپ شېرىن خىياللارغا غەرق بولۇپ كەتتىم. مەن بۇ خىل شېرىنلىك ئىچىدە سېنىڭ پۇت تومۇرلىرىڭدىكى قاننىڭ شىلدىرلاپ ئېقىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدىم. تومۇردىكى قان راستىلا شىلدىرلاپ ئاقامدىغاندۇ؟ ئېھتىمال ئۇنداق بولماس. لېكىن سېنىڭ پۇت تومۇرلىرىڭدىكى قان مېنىڭ تۇيغۇمدا راستىلا شىلدىرلاپ ئاقماقتا ئىدى. ۋاقىت چەمبىرىكى ئىچىدىكى ئۇزۇن، ئىنچىكە، سىلىق ئىككى پۇتتا شىلدىرلاپ ئېقىۋاتقان قان ئىشىك تەرەپكە ئاقماقتا ئىدى. تۇيۇقسىز يۈزۈمگە مۇزدەك سوغۇق ھاۋا ئۇرۇلدى. بۇ چاغدا ئىشىك ئېچىلغان بولۇپ، سەن ماشىنىدىن چۈشۈپ لەپىلدەپ يېغىۋاتقان قار بىلەن قوشۇلۇپ كېتىۋاتماقتا ئىدىڭ...

ئەتىسىدىن باشلاپ سېنىڭ لەپىلدەپ يېغىۋاتقان قار ئىچىدىكى شەكلىڭ كۆز ئالدىمدىن بىردەممۇ نېرى كەتمىدى. ھەيرانمەن، ھەر يىلى بۇنداق لەپىلدەپ يېغىۋاتقان قار ئىچىدە بۇ بېكەتتە تالاي قېتىملاپ تۇرىمەن. بۇ بېكەتتە نۇرغۇن قىز- ئاياللار ماشىنا ھەمراھ بولۇپ ماشىنا ساقلايدۇ. لېكىن، ئۇلارنىڭ ھېچقايسىسى مەندە بۇنداق مۇھەببەت تۇيغۇسى شەكىللەندۈرەلمىگەنىدى. يەنە كېلىپ قاردا قالغان قىزنى ياخشى كۆرۈپ قېلىشنىڭ ئۆزىمۇ مەنتىقىسىزلىك ئىدى.

مەن ئىدارە ئالدىدىكى قارلارنى تازىلىغاچ سەن ھەققىدە شۇنداق خىياللارنى سۈرۈپ قالدىم. ئاپئاق قارلار قۇياش نۇرىدا ۋاللىداپ كۆزنى قاماشتۇراتتى. توساتتىن خىيالىمغا يەنە تۈنۈگۈنكى ماشىنا كېلىپ قالدى. تۈنۈگۈن سەن بىر تامچە قاندەك شىلدىرلاپ ئېقىپ ماشىنىدىن چۈشۈپ قالغاندىن كېيىن، مېنىڭ كۆرۈش سەزگۈممۇ كاردىن چىقىپ كەتكەنىدى. ئەمدى ئويلاپ باقسام تۈنۈگۈنكى ماشىنا سەن چۈشۈپ قالغاندىن كېيىن، يوغان بىر ئۆلۈك ساندۇققا ئوخشاپ قالغانىدى. سەن بولساڭ ئۆلۈك ساندۇقتىن چۈشۈپ قالغان تىرىك ئادەم ئىدىڭ. بۇ ئۆلۈك ساندۇقتا مېنىڭ قانچىلىك بىئارام بولغىنىمنى پەقەت ئۆزۈملا بىلىمەن.

— مەن گۈزەللەشتۈرگۈچى.

سەن مېنىڭ ئىچىمدىكى ئاۋازدا مۇشۇنداق دېگەنىدىڭ. ئەمەلىيەتتە سەن ھەقىقەتەنمۇ گۈزەللەشتۈرگۈچى ئىكەنسەن. سەن ماشا لەپىلدەپ يېغىۋاتقان قارنى، قار ئىچىدىكى سوغۇق بېكەتنى، تۇيۇقسىزلا ئۆلۈك ساندۇققا ئايلىنىپ قالغان ماشىنىنى

www.kitaphumar.com

گۈزەل بىر شەكىلدە كۆرسەتكەن ئىدىك. مەن مانا شۇ گۈزەل شەكىللەر ئىچىدە سېنى ياخشى كۆرۈپ قالغانىدىم.

— ئاھ، جېنىم... قار...

لەۋلىرىمنىڭ ئىختىيارسىز مىدىرلاپ كېتىشى بىلەن تەڭ ئاۋازىم سىرتقا چىقىپ كەتتى. شۇنداق بولسىمۇ ئۆزۈمنىڭ ئاۋازىنى ئۆزۈملا ئاڭلىيالىدىم. ئەمما، ئۆزۈمنىڭ ئاۋازىدىكى خاتالىق قەلبىمنى ساراسىمگە سېلىپ قويىدى. مەن مۇشۇ چاغدىلا سېنىڭمۇ ئۆزۈڭگىلا مەنسۇپ ئىسمىڭنىڭ بولۇشى كېرەكلىكىنى ھېس قىلدىم. لېكىن، مەن ساڭا ئۆزۈم خالىغانچە ئىسىم قويۇپ قويسام بولمايتتى. بەلكى، سەن ئىسمىڭنى نېمە دەپ بەرسەڭ سەن شۇ ئىسىملىك قىز بولۇپ قېلىشىڭ مۇمكىن. مەن سېنىڭ قار ئىچىدىكى شەكلىڭنى تەسەۋۋۇر قىلالىغىنىم بىلەن سېنىڭ ئىسمىڭنى تەسەۋۋۇر قىلالمايتتىم، شۇڭا مەن ساڭا نەچچە ئىسىمنى قويۇپ باققان بولسامۇ، بۇ ئىسىملار ساڭا پەقەتلا سىڭمەيتتى. ئەمدى مەندە سېنىڭ ئىسمىڭنى بىلىش ئىستىكى پەيدا بولدى. لېكىن سەن ئۇدا نەچچە كۈن بېكەتتە كۆرۈنمىدىڭ. شۇ چاغدىلا مەن سېنىڭ 536 ـ بېكەتتىكى پەقەت بىر قېتىملىق يولۇچى ئىكەنلىكىڭنى ھېس قىلدىم. بەلكىم، مەن مۇشۇ بېكەتتە سېنى كۈتۈپ تۇرغان ۋاقتىمدا سەن يەنە باشقا بىر بېكەتتە تۇرغان بولۇشۇڭ، مېنىڭ 536 ـ بېكەتتە سېنى كۈتۈپ تۇرۇۋاتقانلىقىمنى ئەسلا بىلمەسلىكىڭ مۇمكىن. چۈنكى، سەن ھەققىدىكى شېرىن خىياللارنىڭ ھەممىسىنى مەن سۈرگەن. مېنىڭ خىيالىمدا سەن بولغان بىلەن سېنىڭ خىيالىڭدا مېنىڭ بولۇشۇم ناتايىن.

— قارىغە، يەنە قار ياغقىلى تۇردى.

مەن بىلەن خىزمەتداش قىزنىڭ ئاۋازىدىن يۈرىكىم جىغغىدە قىلىپ قالدى. چۈنكى، قار دېگەن بۇ گەپ ماڭا يەنە سېنى ئەسلەتكەن ئىدى. دېرىزىدىن قارىسام لەپىلدەپ قار يېغىۋېتىپتۇ. تۇيۇقسىز كۆزۈم مول سەدىقىگە ئېرىشكەن بىچارىنىڭ كۆزىدەك چاقناپ 536 ـ بېكەتتە تۇرغان ساڭا چۈشتى. سەن يەنىلا لەپىلدەپ يېغىۋاتقان ئاق قار ئىچىدە ئاۋۋالقىدەكلا تۇراتتىڭ. سېنىڭ قېلىن ئاق قار ئىچىدىكى شەكلىڭ يەنىلا شۇنداق گۈزەل ئىدى. مەن ئالدىراپلا ئىشخانىدىن چىقىپ بېكەت تەرەپكە يول ئالدىم. چۈنكى، مەن بېكەتكە ئاشۇ كۈندىكى ئۆلۈك ساندۇقىدىن بۇرۇن يېتىپ بېرىشىم كېرەك ئىدى، بولمىسا سەن كۆز ئالدىمدىن يەنە غايىب بولاتتىڭ.

شۇنداق قىلىپ مەن سەن بىلەن ئىككىنچى قېتىم يەنە لەپىلدەپ يېغىۋاتقان قار ئىچىدە ئۇچراشتىم.

— ئەجەب قاتتىق ياغدى ـ يا، بۇ قار!

www.kitaphumar.com

بۇ مېنىڭ ساكا رېئاللىقىمدا تۇنجى قېتىم گەپ قىلىپ ئەھۋال سورىشىم ئىدى. ئۆزى ياخشى كۆرگەن قىزدىن مۇشۇنداق ئۇسۇلدىمۇ ئەھۋال سوراشنىڭ بولىدىغانلىقىدىن ئۆزۈممۇ ھەيران قالدىم.

— سىزمۇ قارنى ياخشى كۆرەمسىز؟

سېنىڭ ئاۋازىڭ ماڭا قاراپ بىر تامچە قانىدەك ئېقىپ كەلدى.

— ئەلۋەتتە، چۈنكى قار ياغسىلا ئىككىمىز مۇشۇ بېكەتتە قاردا قالىدىكەنمىز.

— باشقىلارچۇ؟

— باشقىلار قاردا قالسىمۇ قاردا قالغاندەك كۆرۈنمەيدىكەن.

سەن سوغۇقتا قىزارغان بارماقلىرىڭنى غۇنچىدەك لەۋلىرىڭدە پۈۋلىگەچ:

— سىز ئاجايىپ تېگى بار گەپ قىلىدىكەنسىز-ھە، — دېدىڭ.

بۇ گېپىڭدىن ھەيران قالدىم. سەن مېنىڭ كۆڭلۈمدىكىنى قانداق بىلىۋالغانسەن. ياكى مەنمۇ سېنىڭ خىيالىڭدا بىر تامچە قانغا ئايلىنىپ قالغاندىمەنمۇ؟

سەن شۇنداق دېگەچ ماڭا قاراپ ۋىللىدە كۈلۈمسىرىدىڭ. مەن سېنىڭ بۇ تاتلىق كۈلۈمسىرىشىڭدىن يەنىمۇ غەيرەتكە كېلىپ سورىدىم:

— ئىسمىڭىزنى سورىسام بولامدۇ؟

— مەھبۇبە.

سېنىڭ ئىسمىڭ ماڭا تولىمۇ چىرايلىق ۋە يېقىملىق ئاڭلىنىپ كەتتى.

ئەمەلىيەتتە ئىسمىغا قاراپ بىر قىزنى ياخشى كۆرۈپ قېلىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. مەن پەقەت سېنى ياخشى كۆرۈپ قالغاچقىلا ئىسمىڭمۇ ماڭا يېقىملىق تۇيغۇ بېرىۋاتاتتى. بولمىسا مەن بىلەن بىر بۆلۈمدە ئىشلەيدىغان قىزنىڭمۇ ئىسمى مەھبۇبە، ئۆزى ئوچۇق - يورۇق، خۇش چاقچاق قىز ئىدى. ئۇنىڭ قاراشلىرى ئادەمگە تولىمۇ سىرلىق تۇيۇلاتتى. مەندىن بۆلەك ئادەمگىمۇ شۇنداق تۇيۇلامدۇ قانداق، بىلمەيمەن. ئىشقىلىپ مەن ئۇنىڭ قاراشلىرىدىن بىر قىزنىڭ ياخشى كۆرگەن يىگىتىگە قارىغاندىكى ھالىتىنى ھېس قىلىمەن. لېكىن ئۇ مەن ياخشى كۆرگەن قىز ئەمەس ھەم مەنمۇ ئۇنىڭ ياخشى كۆرگەن يىگىتى ئەمەس. بەلكىم بۇ مەندىكى خاتا تۇيغۇ بولۇشىمۇ مۇمكىن.

لەپىلدەپ يېغىۋاتقان ئاق قار ئېچىدىكى 536 - بېكەت تولىمۇ گۈزەل ئىدى. تۇيۇقسىز بىر تال قار لەيلەپ چۈشۈپ كىرپىكىمگە قوندى. مۇشۇ بىر تال قار ئالىي مەكتەپ ھاياتىمدىكى بىر قىز ساۋاقدىشىمنى خىيال بوستانلىقىمغا سۆرەپ كىردى. مەن ئۇ قىز ساۋاقدىشىمنى قاچانلا كۆرسەم ماڭا قاراپ كۈلۈمسىرەپ تۇرغان ھالەتتىلا كۆرەتتىم. ئۇنىڭ بۇنداق زېرىكمەي كۈلۈمسىرەپ تۇرۇشى ماڭا تولىمۇ غەلىتە تۇيۇلاتتى. كېيىن ئۇقسام، ئۇ

قىز ساۋاقدىشىم مىنى ياخشى كۆرۈپ قالغان بولۇپ، ئۇ ئاشۇ كۆلۈشلىرى بىلەن ماڭا ئىزچىل مۇھەببەت ئىزهار قىلىپ كەلگەنىكەن. مەن شۇ چاغدا كۆلكە بىلەن مۇھەببەت ئىزهار قىلىشتەك بۇنداق رومانتىك تۇيغۇنى ئەسلا ھېس قىلالمىغان ئىكەنمەن. مىنىڭ بۇنى ھېس قىلغان ۋاقتىم بولسا ئالىي مەكتەپتىكى بەش يىللىق ئوقۇش ھاياتىم ئاخىرلاشقان ۋاقىت ئىدى. ئۇ كۈنى مەن ئۇ قىز ساۋاقدىشىم بىلەن مەكتەپ ئىچىدىكى گۈللۈكتە پاراڭلىشىپ قالدىم.

— قاچان ماڭىسىز؟

ئۇ قىز ساۋاقدىشىم مەندىن ئەڭ بۇرۇن مۇشۇ سوئالنى سورىدى. خۇددى ئۆزى كەتمەي مەكتەپتە ئۆمۈرۋايەت قالىدىغاندەك.

— ئەتە كەچتە ماڭىمەن.

جاۋاب بېرىۋېتىپ ئۇنىڭ ياش لىغىرلاپ تۇرغان كۆزىگە كۆزۈم چۈشۈپ قالدى. شۇڭا:

— مىجەزىڭىز يوقمۇ نېمە؟ — دەپ سورىدىم.

— قانداق دەيسىز؟ — مەندىن قايتۇرۇپ سورىدى ئۇ.

— كۆزىڭىزدە ياش تۇرىدۇ، ئەسلىي بۇ بىر كۈلۈپلا تۇرىدىغان چىرايلىق كۆز ئىدى، — دېدىم.

— ياقەي، — دېدى ئۇ لېۋىنى بوشقىنە چىشلەپ قويغاندىن كېيىن، — بۇ ياش ئەمەس كۈلكە. بۇرۇن كۈلۈپ تۇرۇپ يىغلىغان بۇ كۆز ئەمدى يىغلاپ تۇرۇپ كۈلۈۋاتىدۇ.

مەن ئۇنىڭ گىرامماتىكىغا چۈشمەيدىغان بۇ گەپلىرىنى ئاڭلاپ تۇرۇپ قالدىم. ئۇ چوڭقۇر بىرنى تىنىۋالغاندىن كېيىن:

— مەن سىزنى سۆيەتتىم، — دېدى بوش ئاۋازدا.

— نېمە؟ قاچاندىن باشلاپ؟

مەن ئۆمرۈمدە ئاڭلاپ باقمىغان غەلىتە بىر گەپنى ئۇنىڭ ئاغزىدىن تۇنجى قېتىم ئاڭلاۋاتقاندەك ئالدىراپ سورىدىم.

— مەن كۈلۈپ تۇرۇپ يىغلاشقا باشلىغاندىن بۇيان.

— دېمەك... بەش يىل بۇرۇنلىما؟

ئۇ ماڭا قارىماي تۇرۇپلا بېشىنى يېنىك لىڭشىتتى. ھاياتىمدا تۇنجى قېتىم ئىچىم ئاچچىققا تولدى. بەش يىل بىر ئادەمگە قاراپ كۈلۈپ ئۆتۈش نەقەدەر قىيىن ـ ھە! مەن شۇ چاغدىمۇ ئۇ قىزنىڭ يۈرىكىدىكى ئازاب يىلتىزىنىڭ قانچىلىك چوڭقۇرلۇقىنى ھېس قىلالمىغان ئىدىم. بۇنى مەن پەقەت سىنى ياخشى كۆرۈپ قالغاندىن كېيىنلا تولۇق ھېس قىلىپ يەتتىم. بىچارە قىز بەش يىللىق ھاياتىدا ئۆزى ياخشى كۆرگەن بىرئادەم بىلەن بىر

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى



قېتىممۇ پىيادە ماڭالماي چۈشكە ئايلىنىپ كەتكەنىدى. مەنچۇ؟ مەن سەن بىلەن بۇ شەھەرنىڭ ئاۋات رەستىلىرىدە، چىرايلىق باغچىلىرىدا بىللە ماڭالامدىم؟

مەن ساڭا بۈگۈن ئۇچۇقلا تەكلىپ قويۇش قارارىغا كەلدىم. كىم بىلىدۇ، كېلەر قېتىملىق قار يەنە قاچان ياغىدۇ.

— پىيادە ماڭساق بولامدۇ؟

— ئەنە، ماشىنا كېلەيلا دەپ قالدى.

بۇ سېنىڭ ماڭا بەرگەن جاۋابىڭ بولدى. قارىسام راستىلا كۆز يېتىم يەردە ماشىنا لۆمۈلدەپ كېلىۋاتقان ئىكەن.

كاساپەت!

مەن سېنى تىللىدىممۇ ياكى يېقىنلاپ كېلىۋاتقان ماشىنىنى تىللىدىممۇ، بىلمەيمەن. ئىچىمدە يېقىنلاپ كېلىۋاتقان ماشىنىنىڭ مۆجىزە يارىتىپ باشقا بىر تەرەپكە ياكى بۇرۇلۇپلا ئارقىسىغا كېتىپ قېلىشىنى تولىمۇ ئۈمىد قىلاتتىم. لېكىن ئاپتوبۇس بارا ـ بارا بىزگە يېقىنلاپ كەلمەكتە ئىدى.

قار لەيلەپ چۈشۈۋاتاتتى. ماشىنا قار ئىچىدە يوغان بىر دىۋىدەك گۈركىرەپ تۇراتتى. ھايال ئۆتمەيلا بۇ ماشىنا سېنى پېشانەڭگە پۆتۈلگەن يەنە بىر بېكەتكە ئېلىپ كېتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن مېنىڭ قەلبىمدىكى مەخپىي گۈللۈككە كىرەلمەي چۈشتەكلا غايىپ بولغان ئالىي مەكتەپتىكى ھېلىقى قىز ساۋاقدىشىمدەك مەنمۇ سېنىڭ قەلبىڭدىكى مەخپىي گۈللۈككە كىرەلمەي چۈش بولۇپ كېتىمەن.

كۆز ئالدىمدا يېقىمسىز ئاۋازدا گۈركىرەپ تۇرغان ماشىنا ئورنىدىن قوزغىلىپ ئاستا ـ ئاستا يىراقلاپ كېتىشكە باشلىدى. شۇ تاپتا ئىچىم ئاچچىققا تولۇپ، بۇرۇن تۆشۈكچىلىرىم ئېچىشىپ، بوغۇزۇمغا بىرنېمە قاپلىشىپ قالغاندەك قىينىلىپ كەتتىم...

— نېمە بولدىڭىز، مىجەزىڭىز يوقما؟

قۇلاق تۈۋۈمدە تۇيۇقسىزلا ئاڭلانغان سېنىڭ ئاۋازىڭنىڭ رېئاللىق ياكى خىيال ئىكەنلىكىنى دەماللىققا ھېس قىلالمىدىم. چۈنكى، سەن ئالىلقاچان ماشىنىغا چىقىپ پېشانەڭگە پۈتۈلگەن بېكەتتە چۈشۈپ قېلىش ئۈچۈن كەتكەن ئەمەسمىدىڭ. ئېھتىمال مەن يېنىمدا بولۇشۇڭنى ئويلىغاچقا تۇيغۇمدا سېنىڭ ئاۋازىڭ پەيدا بولۇپ قالغان بولۇشىمۇ مۇمكىن. مەن سېنىڭ ئاۋازىڭنىڭ راستىلا تۇيغۇمدىكى سېنىڭ ئاۋازىڭ ئىكەنلىكىگە تولۇق ئىشەنچ ھاسىل قىلدىم.

— سىز بەك قۇۋ ئىكەنسىز ـ ھە!

www.kitaphumar.com

چۆچۈپ كەتتىم. ماڭا تونۇش ئاۋازنىڭ يەنە يېنىمدىلا ئاڭلاندى. كەينىمگە ئۆرۈلۈپ قارىدىم، قاراپلا يەنە چۆچۈپ كەتتىم. سەن ماڭا قاراپ تۇراتتىڭ.

— سىز... ماشىنىغا چىقمىغانمۇ؟

— ئۆزىڭىز پىيادە ماڭايلى دېمىگەنمۇ، ئۇنتۇغاق.

— توغرا، مەن شۇنداق دېگەن. ئۇنى سىز ئاڭلىغانمىدىڭىز؟

— ئەمىسە ئۇنى سىز باشقا بىرىگە دېگەنمىدىڭىز؟

— دېگىلى بولمايدۇ... گەپ دېگەننى... ھەممە باشقىغا...

ئۆزۈمنىڭ نېمە دەۋەتكەنلىكىنى ئۆزۈممۇ بىلەلمەي قالدىم. مۇھەببەت دېگەن ئادەمنى ھەقىقەتەن دۆت ھەم گاچا قىلىۋېتىدىكەن.

— سىز بەكلا رومانتىككەنسىز ـ ھە!

سېنىڭ ئاۋازىڭ مېنى تېخىمۇ بىئەپ ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويدى.

— قانداق دەيسىز؟

— خىيال بىلەن رېئاللىقنى سۇغا سۇنى قوشقاندەك قوشۇۋېتىدىكەنسىز ئەمەسمۇ.

نېمدەپ جاۋاب بېرىشنى بىلمەي تۇرۇپ قالدىم. بۇ چاغدا سەن يەنە ئېغىز ئاچتىڭ:

— باياتىن نېمىنى خىيال قىلىپ تۇرغانتىڭىز؟

— سىز ماشىنىغا چىقىپ كەتكەندىما؟

— سىز شۇنداق تۇيغۇغا كېلىپ قالغان ۋاقتىڭىزدا.

— سىزنى چىرايلىق بىر كۆۋرۈك دەپ، ئاندىن بۇ چىرايلىق كۆۋرۈك پارتلاپ كېتىپ خىيال قىلغاندىم.

— يەنىچۇ؟

— يەنە... ئىست، ھەقىقەتەن ئېسىل كۆۋرۈكتى، دەپ.

جاۋابىم ساڭا غەلىتە تۇيۇلدىمۇ ياكى قىزىقارلىق تۇيۇلدىمۇ ئەيتاۋۇر سەن ۋىلىقلاپ كۈلۈپ كەتتىڭ. ئاندىن:

— سىزنىڭ خىيال قىلمايدىغان نېمىڭىز يوقكەن ـ ھە، — دېدىڭ.

ئەمەلىيەتتە مېنىڭ تېخى خىيال قىلىشقا جۈرئەت قىلالمايدىغان نۇرغۇن نەرسىلىرىم بار ئىدى. مەسىلەن، مەن سېنى قۇچاقلاپ تۇرۇپ ئىسسىق لەۋلىرىڭگە سۆيۈشنى خىيال قىلىشقا قۇربىم يەتمەيتتى. بۇنىڭ ئۈچۈن مەن چوقۇم ساڭا ئۆزۈمنىڭ ھەقىقىي سۆيگۈچى، سېنىڭ ھەقىقىي سۆيۈلگۈچى ئىكەنلىكىڭنى ھېس قىلدۇرۇشۇم كېرەك ئىدى. بۇنى ھېس قىلدۇرالماسلىق مېنىڭ مەغلۇبىيىتىم بولسا، ھېس قىلالماسلىق سېنىڭ مەغلۇبىيىتىڭ

www.kitaphumar.com
www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى

بولاتتى. ئالىي مەكتەپتىكى ھېلىقى كۈلۈپ تۇرۇپ يىغلاپ، يىغلاپ تۇرۇپ كۈلىدىغان قىز ساۋاقدىشىم بۇنىڭ دەلىلى ئىدى. بۇ چاغدا سەن يەنە سوراپ قالدىڭ:

— سىز نېمىشقا ماشىنىغا چىقماسلىقنى ئويلاپ قالدىڭىز؟

— ئىشقىلىپ مەن پۇل تېجەپ قېلىشنى مەقسەت قىلمىدىم، — دېدىم مەن جاۋابەن.

— بۇنىڭغا مەنمۇ ئىشىنىمەن، — دېدىڭ سەن سۆزۈڭنى داۋاملاشتۇرۇپ، — شۇنداقتىمۇ قارلىق يولدا پىيادە مېڭىشنىلا مەقسەت قىلمىغانسىز؟

سېنىڭ ھەر بىر سوئالىڭدىن مېنىڭ نېمە ئويلاۋاتقانلىقىمنى ھېس قىلىپ تۇرۇۋاتقانلىقىڭنى سېزىۋاتاتتىم.

— گەپ قىلمامسىز؟

سېنىڭ زەردىلىك ئاۋازىڭ ماڭا خۇددى »تەسلىم بولمامسىز« دېگەندەكلا ئاڭلىنىپ كەتتى. ئەمەلىيەتتە مەن سېنى ھېلىقى كۈنى تۈنجى قېتىم كۆرۈپلا تەسلىم بولغانىدىم. لېكىن ساڭا تەسلىم بولۇشتا ئىككى قولۇمنى ئېگىز كۆتۈرۈپ تەسلىم بولمەنمۇ ياكى سەن بىلەن لىق تولغان قەلبىمنى كۆتۈرۈپ تەسلىم بولىمەنمۇ؟ ناۋادا مەن ساڭا سەن بىلەن لىق تولغان قەلبىمنى ئېگىز كۆتۈرۈپ تۇرۇپ تەسلىم بولسام، سەن مېنىڭ قەلب تەسلىمنامەمدىكى شىددەت بىلەن كۆيۈپ تۇرغان بىچارە خەتلەرنى راۋان ئوقۇيالارسەنمۇ؟

— نېمە دېسەم بولار؟ — دېدىم مەن قەلبىمدىكى بىر دۆۋە گەپلەرنى قايەردىن باشلاشنى بىلەلمەي.

— نېمە دېسىڭىز مەيلى، راست گەپ تاپالمىسىڭىز يالغان گەپ قىلسىڭىزمۇ مەيلى.

— ئەمىسە مەن راست گەپ قىلاي، مەن سىزنى ياخشى كۆرىمەن، مەھبۇبە، — مەن ھەممە ئادەمگە دېگىلى بولمايدىغان بۇ پارتلاتقۇچ گەپنى ئاخىر غەلىبىلىك ھالدا ئاغزىمدىن چىقاردىم. خىيالىمدا بولسا سېنى باشتا ھەيران قالدۇ، ئاندىن ياخشى كۆرۈش نان يېگەندەك مۇشۇنداق ئاسانلا ئىشمۇ دەيدۇ، دەپ سەل جىددىيلىشىپ كەتتىم. شۇڭا پۈتۈن دىققىتىم بىلەن سېنىڭ كەيپىياتىڭنى كۆزىتىشكە باشلىدىم. ناۋادا بۇ گەپ بىلەن تەڭ سېنىڭ قەدىمى ئېلىشلىرىڭ توختىسا، مەنمۇ سەن بىلەن تەڭلا توختاپ سېنىڭ كۆزۈڭگە بىرىنچى كېيىكتەك تىكىلىشىنمۇ خىيالىمدىن ئۆتكۈزۈپ بولدۇم. لېكىن سەندە ئۇنداق ھالەت يۈز بەرمىدى. قەدەم ئېلىشلىرىڭمۇ يۇمشاق قار ئۈستىدە بىر خىللا داۋاملىشىۋەردى. شۇ ھامان بۇ گەپلەرنى ئىچىمدە دېگەن بولسام سېنى ئاڭلىيالماي قالغان بولۇشى مۇمكىن، دەپمۇ ئويلاپ قالدىم. بىر ئازدىن كېيىن سەن ئېغىر- بېسىقلىق بىلەن ئېغىز ئاچتىڭ:

— سىز مېنى شۇنچە تېزلا ياخشى كۆرۈپ قالدىڭىزما؟

مەن سېنىڭ ئاۋازىڭنى ئاڭلىغاندىن كېيىنلا بۇ گەپنى ئىچىمدە ئەمەس، ساڭا ئاڭلىتىپ تۇرۇپ تېشىمدا دېگەنلىكىمگە ئىشەنچ ھاسىل قىلدىم، لېكىن ئەمدى سېنىڭ ماڭا قايتۇرغان سوئاللىڭ مېنى ھەيران قالدۇردى. چۈنكى، بىر كۆرۈپ ياخشى كۆرۈپ قېلىشنىڭ نەرى خاتا؟ بىر كۆرۈپ كۆيۈپ قېلىشتەك مۆھەببەت ھېكايىلىرى سامانەكقۇ! دۇنيا دېگەن–دە ھەت–تا بىر قېتىممۇ كۆرمەي تۇرۇپ ئۆي تۇتۇپ قالىدىغانلار بارغۇ!

مەن سېنى قايىل قىلىش ئۈچۈن سۆزۈمنى داۋاملاشتۇردۇم:

— سىزنىڭچە، مەن سىزنى بىر نەچچە يىل كۆرگەندىن كېيىن ئاندىن ياخشى كۆرۈپ قالسام توغرا بولامتى؟

— مەن ئۇنداق دېمىگەندىمەن؟

— سىزغۇ ئۇنداق دېمىدىڭىز، لېكىن مەن، مەن بىلەن 20 يىل بىر كوچىدا ئويناپ چوڭ بولغان قوشنامنىڭ قىزىنى ياخشى كۆرۈپ قالغانلىقىمنى بىر قېتىممۇ ھېس قىلمىغان تۇرسام.

— لېكىن مەن قوشنىڭىزنىڭ قىزى ئەمەستە!

— شۇنداق، مەن يەنە يول بويىدىكى باققال ئايالىرنىمۇ كۆنگە نەچچە قېتىملاپ كۆرۈشۈم مۇمكىن. لېكىن كۆرۈش قېتىم سانىمنىڭ ئېشىپ بېرىشى بىلەن مېنىڭ ئۇلارنى ياخشى كۆرۈپ قېلىشىم مۇمكىن ئەمەس. دېمەك، كۆرۈش قېتىم سانىنىڭ ئېشىپ بېرىشى بىلەن قەلبتە مۇھەببەت ئويغىنىشى ناتايىن.

— نېمىدېگەن رومانتىك تەلەپ قويۇش ئۇسۇلى بۇ! قارىماققا سىز ھېساب ـ كىتابقا بانكىنىڭ بوغالتىرىدىنمۇ پۇختىدەك كۆرۈنىدىكەنسىز.

— سىز مېنى ياقتۇرمىدىڭىزمۇ ـ قانداق؟

— ياقەي، بەك تەسىرلەندىم.

— ئىككىمىزنىڭ تەسىرلىنىش شەكلىدە كۆپ پەرق باركەن ئەمسە.

— قانداق دەيسىز؟

— مەن تەسىرلەنسەم كۆزۈمدىن ياش چىقىپ كېتىدۇ.

— مەن تەسىرلەنسەم سۇكۇتكە چۆممەن.

— مەن شۇ سۇكۇتكە چۆمگەن قىزنى سۆيىمەن، مەھبۇبە.

سەن بىلەن پاراڭلاشقانسېرى يۈرىكىم يوغىناپ كەتمەكتە ئىدى.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە تورى



سەن خىيال ئۇچقۇنلىرى چاقناپ تۇرغان كۆزۈڭ بىلەن كۆزۈمگە تىكىلدىڭ. كۆزۈڭنىڭ نۇرى شۇ قەدەر سۈزۈك، تېگى شۇ قەدەر چوڭقۇر ئىدى. بۇ چىرايلىق كۆزلەردە يەنە مەن تەشنا بولۇپ كۈتۈۋاتقان مۇھەببەتمۇ پارلاپ تۇراتتى.

— مېنى راست سۆيەمسىز؟ — بىر ھازادىن كېيىن سەن مەندىن سورىدىڭ. سوئال سورىغاندىكى ئاۋازىڭ ماڭا تىترەپ چىقىۋاتقاندەك تۇيۇلدى.

— مەن سىزگە ھېسسىياتىمنى ئىسپاتلاپ بېرىشكە تولىمۇ ئاجىزلىق قىلىۋاتىمەن. بۇ بىر خىل فورمۇلىغا چۈشمەيدىغان تۇيغۇ ئىكەن.

— ئەمىسە بۇ فورمۇلىغا مەنلا چۈشىمەن بولغۇدەك.

— رەھمەت.

— نېمىگە؟

— مېنى يەككە - يېگانە ماتېماتىك سۈپىتىدە قوبۇل قىلغىنىڭىزغا.

— ئەمىسە سىزگە تولۇق ئىشەنسەم بولامدۇ؟

— ئەلۋەتتە بولىدۇ.

قىلىن قار ئاق مامۇق پەيدەك لەپىلدەپ تۆكۈلۈۋاتاتتى. سېنىڭ خۇمارلاشقان كۆزۈڭدە بولسا بىر دەريا ئىشق شىلدىرلاپ ئاقماقتا ئىدى. مەن تىل بىلەن تەسۋىرلەپ بەرگۈسىز ھاياجان ئىچىدە:

— ئەمىسە مەن 536 - بېكەتكە رەھمەت ئېيتسام بولغۇدەك، — دېدىم تېخىمۇ مۇلايىم ئاۋازدا.

— 536 - بېكەت سىزنىڭ رەھمىتىڭىزنى قوبۇل قىلدىم، دەيدۇ.

شۇنداق قىلىپ مەن بىر قىزنى ئىككى قېتىم كۆرۈپ، ئىككى قېتىملىق كۆرۈشتە شۇ بىر قىزنى ياخشى كۆرۈپ قېلىشتەك تەقدىرنىڭ كۈچى بىلەن، باغرى مۇھەببەتكە تەشنا ئەردىن باغرى ئىسسىق ئەرگە ئايلاندىم. ئۇ بولسا سوغۇقتا توڭلاپ قىزىرىپ كەتكەن قوللىرىنى يات - يات ئۇۋۇلاپ قوياتتى. تۇرۇپلا مەندە بۇ تېشى سوغۇق، ئىچى ئىسسىق قوللارنى تۇتۇپ بېقىش ئىستىكى تۇغۇلدى. شۇ خىيالنى قىلىشىم بىلەن تەڭ بەدەنلىرىم ئوت ئالغاندەك قىزىپ، يۈرىكىم گۈپۈلدەپ سوقۇپ كەتتى. مەن تىترەپ تۇرغان قولۇمنى تەستە ھەرىكەتلەندۈرۈپ خۇددى كوچا ئاپتوبۇسىدا باشقىلارنىڭ يانچۇقىغا قول ئۇزاتقاندەك جىددىيچىلىك ئىچىدە ئۇنىڭ قولىغا قول ئۇزاتتىم. شۇ ھامان ۋۇجۇدۇمغا قشتىنمۇ سوغۇق بىر خىل يات سېزىم تارقىلىپ، ئارقىدىنلا بۇ يات سېزىم تومۇر - تومۇرلىرىمغا خۇددى بىر ئىستاكان قايناق سۇدەك شىلدىرلاپ ئېقىپ كىرىپ كەتتى. شۇ

هامان لەپىلدەپ يېغىۋاتقان قار ئىچىدىكى سىنىڭ شەكلىڭ، مېنىڭ كۆرۈش سەزگۈمنىڭ ئىچىدە تۇرۇپمۇ تۇماندەك غۇۋالىشىپ كەتتى...

ماشىنىنىڭ يېقىمسىز سىگنالى دەقىق ئىچىدىلا مېنى خىيال دەرياسىدىن تارتىپ چىقىپ 536 ـ بېكەتكە تاشلاپ قويدى. كۆز ئالدىمدا ئاق قار ئىچىدىكى سەن ئەمەس، بەلكى بېكەتكە ئەمدىلا كىرىپ تۇرغان ماشىنا تۇراتتى. بارماقلىرىمنىڭ ئارىسىدا تېخىچە مۇزدەك بىر نەرسە باردەك قىلاتتى. قارىسام يېنىمدا بىر ئايال ماڭا قاراپ كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپتۇ. بارماقلىرىم ئارىسىدا ئۇنىڭ مۇزدەك قوللىرى تۇراتتى. لېكىن، يېنىمدىكى بۇ ئايال سەن ئەمەس، بارماقلىرىم ئارىسىدىكى بۇ قوللارمۇ سېنىڭ قولۇڭ ئەمەس ئىدى. سەن ئاللىقاچان ماشىنىغا چىقىپ پېشانەڭگە پۈتۈلگەن بېكەتتە چۈشۈپ قېلىش ئۈچۈن كېتىپ بولغان ئىدىڭ. بۇ ئارىدا مەن پەقەت خىيال سۈرگەن، ياق، ئويغاق تۇرۇپ چۈش كۆرگەن ئىدىم.

— قولىڭىز توڭلاپ كەتتىمۇ، جانىم؟

بارماقلىرىم ئارىسىغا قىستۇرۇلۇپ قالغان بىر پارچە مۇزدەك سۆڭەكلىك گۆشنى قويۇپ بېرىشىم بىلەن تەڭ يېنىمدىكى ئايال سوزۇلۇشچان ئاۋازدا مەندىن سورىدى. بىراق ماڭا ئۇنىڭ گېپى خۇددى ئېچىرقاپ كەتتىڭمۇ، بەتبەخت، دېگەندەك غەلىتىلا ئاڭلىنىپ كەتتى. شۇڭا مەن ئۇنىڭغا ھومىيىپ قاراپ قويدۇم. بىراق ئۇ ھېچ ئىش بولمىغاندەك:

— بۇ ئەر خەق دېگەننىڭزە، ئېھتىياجى ئوخشاش بولمايدۇ دېسە، ھەممىسى خىمىيىلىك نەرسە يېگەنىنىڭ كاساپىتى شۇ، — دېدى بىر خىل ئۇمىدسىز كەيپىياتتا. ئۇنىڭ ئاۋازى خۇددى سويۇپ تاشلىغان پىيازدەكلا قېپىيالىڭاچ ئىدى.

شۇ كۈنىدىن باشلاپ ئۆزۈم ئۆزۈم ئەمەستەكلا بولۇپ قالدىم. كۆز ئالدىمدىن سېنىڭ قار ئىچىدىكى شەكلىڭ بىردەممۇ كەتمەيتتى. سەندىن مەھرۇم بولۇپ قالغان قەلبىم يەنىلا ساڭا تەلپۈنەتتى. تۇرۇپلا، شۇ كۈنى سەن شۇ ماشىنىغا چىقماي مەن بىلەن پىيادە ماڭغان بولساڭ قىش تۈگەپ كېتىپ قالارمىتى ياكى قىش بولىسىمۇ قار ياغماي قالارمىتى، دەپمۇ ئويلاپ قالىمەن. بۇ كۈنلەردە ماڭا ھېچنېمە خۇشياقماس بولۇپ قالغان بولسىمۇ، خىزمەتكە ئۆزۈمنى مەجبۇرلاپ بارىمەن. ئىسمى سېنىڭ ئىسمىڭگە ئوخشىسىمۇ، ئۆزى ساڭا ئوخشىمايدىغان مەھبۇبە ئاتلىق قىز خىزمەتدىشىم ماڭا پات ـ پات قاراپ قوياتتى. بۇ قاراشلاردىن مەن بىر خىل سەممىيلىكنىمۇ ھېس قىلغاندەك بولاتتىم. لېكىن، ئۇنىڭ بۇ خىل سىرلىق قاراشلىرىنىڭ چوڭقۇرلۇقىغا زادى نېمىنىڭ يوشۇرۇنغانلىقىنى ھېس قىلالمايتتىم. تۇرۇپلا يەنە ئۇنىڭ بۇ قاراشلىرىدىن ئالىي مەكتەپتىكى ھېلىقى كۈلۈپ تۇرۇپ يىغلاپ، يىغلاپ تۇرۇپ كۈلىدىغان قىز ساۋاقدىشىمنى ئەسلەپ قالاتتىم.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



— قارىغە، شۇنداق چىرايلىق قار ياغقىلى تۇردى يەنە.

قىز خىزمەتدىشىمنىڭ ئاۋازى مېنىڭ سەن بىلەن لىق تولغان قالايمىقان خىياللىرىمنى بۇزۇۋەتتى. مەن ئۇنىڭ ئاۋازىنى ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ ئاۋازىدىكى »قار« دېگەن سۆزنى ئاڭلاپ چۆچۈپ كەتتىم. قارىسام لەپىلدەپ يېغىۋاتقان قار دېرىزە كۆزنەكلىرىگە يۇمشاققىنە ئۇرۇلۇۋېتىپتۇ. شۇ تاپتا يەنە دېرىزە ئالدىغا بارغۇم، دېرىزىدىن 536 ـ بېكەتكە قارىغۇم كېلىۋاتاتتى. ھەيرانمەن، نېمىشقا قار ياغسىلا سېنى ئەسلەيمەن؟ سېنى ئەسلىسەملا 536 ـ بېكەت يادىمغا كېلىدىغاندۇ؟

دېرىزە سىرتىدىكى 536 ـ بېكەتتىن ئىبارەت يوغان بىر ماگنىت مېنى ئۆزىگە شىددەت بىلەن تارتماقتا ئىدى. مەن بۇ ماگنىتنىڭ كۈچلۈك تارتىش كۈچىنىڭ تەسىرىدە كىچىككىنە بىر تال تۆمۈر پارچىسىدەك دېرىزە ئالدىغا سۈرۈلۈپ كەلدىم.

قار لەپىلدەپ يېغىۋاتاتتى. 536 ـ بېكەت قار ئىچىدە تولىمۇ گۈزەللىشىپ كەتكەن بولۇپ، سەن ئۇ يەردە يەنىلا مېنىڭ ھاياتىمنىڭ ئاخىرقى نۇقتىسىدىكى بۇيۇكلۈكتەك تۇراتتىڭ. كۆزۈم تۇيۇقسىز يېنىڭدىكى ئۇزۇن خورۇم پەلتو كىيىۋالغان بىرىگە چۈشتى. ئۇ خۇددى سېنىڭ يېنىڭدىكى مەندەكلا ساقا يېقىن تۇراتتى. بۇ كۆرۈنۈشنى كۆرۈپلا بەدىنىمدىن سوغۇق تەر چىقىپ كەتتى. ئەسلىي ئۇ يەردە سەن بىلەن مەن تۇرۇشۇم كېرەك ئىدى. لېكىن، ھازىر سېنىڭ يېنىڭدا تۇرغان ئەر مەن ئەمەس ئىدىم.

536 ـ بېكەتكە قانداق چىققىنىمنى بىلمەيمەن. سەن مېنى كۆرۈپ يېنىككىنە باش لىڭشىتقاچ كۈلۈمسىرەپ قويدۇڭ. مەن سېنىڭ بۇ سالىمىڭغا ئىپادىسىزلا قاراپ تۇردۇم. چۈنكى، يېنىڭدىكى ئەر ساڭا قىزغىنلىق بىلەن گەپ قىلىۋاتاتتى. ئۇنىڭ ساڭا گەپ قىلىۋاتقان چاغدىكى ھالىتى خۇددى مېنىڭ ساڭا خىيالىمدا گەپ قىلغان ھېلىقى قارلىق كەچتىكى ھالىتىمگە تولىمۇ ئوخشايتتى.

ھايال ئۆتمەيلا ئاپتوبۇس يەنە يېتىپ كەلدى. بۇ سېنىڭ بۇ يەردىن كېتىشىڭنىڭ بېشارىتى ئىدى. مېنىڭ كۆز ئالدىمدىكى بۇ ئەر سېنىڭ قولۇڭنى تۇتقىنىچە ماشىنىغا سەن بىلەن چىقىپ كەتتى.

ئۇھ...

ئاچچىق، زەردىلىك بىر تىنىق ئۇزۇن ھور بولۇپ ئاغزىمدىن پۇرقىراپ چىقىپ كەتتى.

— ماشىنىغا چىقامسىز؟

بۇ ئۆزى ساڭا ئوخشىمىسىمۇ، ئىسمى سېنىڭ ئىسمىڭغا ئوخشايدىغان قىز خىزمەتدىشىمنىڭ ئاۋازى ئىدى.

— شۇنداق، ئايروپىلان بولسىغۇ تېخىمۇ ياخشى بولارىدى بەلكىم.

مەن ئۇنىڭغا ئۆزۈمنىڭ روھىي ھالىتىمدىكى مەغلۇبىيەتنى چاندۇرۇپ قويماسلىق ئۈچۈن مۇشۇنداق بىر قاملاشمىغان جاۋابنى بەردىم.

— ئايروپىلان بولمىغاندىن كېيىن پىيادە ماڭساق بولامدۇ؟

ئۇنىڭ بۇ ئاۋازى ۋۇجۇدۇمدا بورانىدەك گۈركىرەپ ئۆتتى. ئەمدى مېنىڭ ئۇنىڭ بىلەن بىللە پىيادە مېڭىشنى رەت قىلىشىم ئۇنىڭ باشقا بىر ئەرنىڭ مۇزدەك بارماقلىرىنى تۇتۇۋېلىشى بىلەن خۇلاسىلىنىشى مۇمكىن ئىدى. بۇنداق خۇلاسىنىڭ تۇز تەمى ماڭا تاماكىنىڭ تەمىدەكلا ئېنىق ئىدى. لېكىن، مەن ئۇنىڭ بىلەن قار ياغقان كۈندە بىللە پىيادە مېڭىشنى ئەسلا ئويلاپ باقمىغانىدىم. ئېھتىمال سەنمۇ قار ياغقان كۈندە مەن بىلەن پىيادە مېڭىشنى ئەسلا ئويلاپ باقمىغان بولۇشۇڭمۇ مۇمكىن.

— گەپ قىلمايسىزغۇ؟

— نېمە دەيمەن؟

ئۇنىڭ سوئالىغا سوئال بىلەن جاۋاب قايتۇردۇم.

— تاكسى توسۇپ بېرەيمۇ ـ يا؟ تاكسى گەرچە ئايروپىلانغا يەتمىسىمۇ ھەرھالدا كوچا ئاپتوبۇسىدىن ياخشى ـ دە!

ئۇنىڭ بۇ گېپى ماڭا ئايروپىلاندا ئۇلتۇرغاندىنمۇ سىرلىق تۇيۇلۇپ كەتتى.

— ياق، مېنىڭ پىيادە ماڭغۇم بار، كۈندە ياغامتى بۇ قار دېگەن.

قار بارا ـ بارا كۈچىيىپ لەپىلدەپ چۈشمەكتە ئىدى. يولنىڭ ئىككى قاسنىقىدىكى چىراغلار قىزغۇچ رەڭدە يورۇپ تۇرغان بولسىمۇ، قېلىن قار بىلەن قوشۇلۇپ كەتكەن گۈگۈم قوينىدا سەل نېرىدىكى ئادەمنى پەرق ئەتمەكمۇ تەس ئىدى. تۇيۇقسىز ئۇ مېنى بىلىكىمدىن تۇتۇۋالدى. شۇ ھامان ۋۇجۇدۇم يات جىنستىن كېلىدىغان غەيرىي سېزىمدىن تەۋرىنىپ كەتتى.

— ھەر بىر ئادەمنىڭ قەلبىدە بىردىن مەخپىي گۈللۈكى بولىدۇ ـ ھە؟

— شۇنداق.

— مېنىڭ بۇ مەخپىي گۈللۈكۈمدە نېمە بارلىقىنى بىلەمسىز؟

— بىلمەيدىكەنمەن.

— مېنىڭ گۈللۈكۈمدە بىر ناخشا بار.

— قايسى ناخشا؟

— «536 ـ بېكەتتىكى قار» دېگەن ناخشا.

— مەن ھېس قىلمىغان ئىكەنمەن.

www.kitaphumar.com
ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

— مەن بۇ ناخشىنى ئۇزاقتىن بۇيان قەلبىمدىكى مەخپىي گۈللۈكۈمدە ياڭغۇزلا ئېيتىپ كەلگەن.

— بەلكىم بۇ بىر يېقىملىق ناخشا بولۇشى مۇمكىن.

— ئېيتىپ بەرسەم ئاڭلاشنى خالامسىز؟

— خالايمەن.

قار مەڭگۈ توختىمايدىغاندەك لەپىلدەپ ياغماقتا ئىدى. 536 ـ بېكەت قار ئىچىدە تېخىمۇ گۈزەل، تېخىمۇ سۆيۈملۈك بىر ھالەتتە قەد كۆتۈرۈپ تۇراتتى. «536 ـ بېكەتتىكى قار» دېگەن ناخشا بولسا 536 ـ بېكەتنىڭ ئۆزىدىنمۇ گۈزەل ۋە سۆيۈملۈك بىر ھالەتتە قار بىلەن قوشۇلۇپ، مەن مەنسۇپ بولغان بۇ شەھەرنىڭ يۈرىكىگە ھەقىقىي بىر تامچە قان بولۇپ ئاقماقتا ئىدى.

ئاھ، 536 ـ بېكەتتىكى سۆيۈملۈك قار ناخشىسى!

www.kitaphumar.com

# چار خوراز

**مەمتىمىن ھوشۇر**

يېقىندا كاماندىروپكىدىن قايتىپ كەلسەم، ئۈستىلىمنىڭ ئۈستىدە قېلىن بىر پارچە كونۋېرت يېتىپتۇ. ئېچىپ ئوقۇدۇم، بىر ئاپتورنىڭ «چار خوراز» ناملىق ئەسىرى ئىكەن. ئەسەرگە قوشۇپ مېنىڭ نامىمغا بىر پارچە خەتمۇ ئەۋەتىپتۇ.

«ھۆرمەتلىك مۇھەررىر، ــ دەپ يېزىپتۇ ئاپتور، ــ كىملىكىمنى ئېيتمىساممۇ پوچېركامدىن تونۇغانسىز، مەن ھېلىقى ‹ساراڭ›نىڭ ئاپتورى بولىمەن. نېمە ئىش بىلەن نەلەردە يۈرگىنىمنى سورىمايلا قويۇڭ. ئۆزىمىزنىڭ گېپىگە كەلسەك، مۇشۇ خەت بىلەن سىزگە يەنە بىر پارچە ھېكايە ئەۋەتتىم. بۇ قېتىمقىسىنى توخۇ توغرىسىدا يازدىم. ئىت توغرىسىدىكىنى باسقاندىن كېيىن، توخۇ توغرىسىدىكىنىمۇ بېسىۋەرسە كېرەك، دەپ ئويلاپ قالدىم. ئىككىلىسى ھايۋانغۇ؟ ناھايىتى بىرى تۆت پۇتلاپ ماڭىدۇ، بىرى ئىككى پۇتلاپ؛ بىرى چوقۇپ يەيدۇ، بىرى غاجاپ. توخۇلارنى كۆرسەملا، نېمىشقا قانىتى تۇرۇپمۇ ئۇچالمايدىغاندۇ، دەپ ھەيران بولىمەن. سىز بىلەن بىزمۇ قانىتى تۇرۇپ ئۇچالماي يۈرگەن بىچارە مەخلۇقلارغا ئوخشامدۇق ــ قانداق؟

كۆزۈم بىلەنغۇ كۆرمىدىم، ئاڭلىسام، يېقىندىن بېرى چەت ئەللەردە مەخسۇس خوتۇنى يوقلارغا خوتۇن، ئېرى يوقلارغا ئەر بولۇپ بېرىدىغان بىر كەسىپ روناق تاپقىلى تۇرۇپتۇدەك، ئۇلارنىڭ ئاياللىرى غۇنچە بوي، ئەرلىرى شۇنچە قاۋۇل كېلەرمىش. مەنغۇ چەت ئەلدە گالستۇك باغلىۋېلىپ تىلەمچىلىك قىلىپ يۈرگەنلەرنى كۆرۈپ تازا كۈلگەنىدىم. بۇگۈن ئەتىگەن قوشنامنىڭ ئايالىنىڭ كالپۇكىنى قىپقىزىل بويىۋېلىپ نان يېقىپ يۈرگىنىگە قاراپ، چەت ئەلدىكى ئىشلارنىڭمۇ ئۇنچىۋالا ھەيران قالغۇچىلىكى يوقكەن، دەپ قالدىم. ئۆزگىرىشنىڭ مۇنچە تېز بولۇپ كېتىدىغىنىنى سىزمۇ ئويلاپ باقمىغانسىز ــ ھە!؟ ئاڭلىدىڭىزمۇ؟ ھازىر چاچنى چۈشۈرۈۋېتىپ، بۇرۇتنى بۇدۇر قىلىۋالىدىغان مودا چىقىپتۇ... بازاردىكى ئەكرەم بايۋەچچىنىڭ يانچۇقىغا ئوت كەتكەنىكەن، پاژارنى ئەترەتنىڭ ئادەملىرى ئۈچ كۈندىن بېرى ئۆچۈرەلمەيۋاتقاندەك... ھازىر ھېسامنىڭ چاقچاقلىرىنى توپ ئېلىپ، پارچە ساتىدىغان تىجارەتچىلەرمۇ پەيدا بوپتۇدەكقۇ؟ ... يۇقىرىقى مەھەللىدە بىر داڭلىق دوختۇر چىقىپتۇدەك، ئۇنىڭ بەرگەن

دورىسنى ئىچمەي تۇتۇپ ياتسىڭىزمۇ ساقىيىپ قالغۇدەكسىز... يېقىندىن بېرى مىللەتنى سۆكۈپ ماقالە يېزىپ پۇل تېپىۋاتقانلارنى كۆرۈپ ھەيرانلا قالدىم. بۇمۇ ئۆيگە ئوغرى چۈشسە ئوغرىغا كۈچى يەتمەي، بىر ــ بىرىگە تاپا ــ تەنە قىلىشقاندەكلا ئىش دەڭا!

شۇنچىلىك بېرىش ــ كېلىش قىلىپ ئاغىنىمۇ بولۇپ قالدۇق. مېنىڭ ئائىلە تۇرمۇشۇم توغرىسىدا بىرەر ئېغىزمۇ گەپ سوراپ قويمىغىنىڭىزغا ھەيرانمەن. جەمئىيەتتە بايۇۋەتچىلەر كۆپەيگەنسېرى تۇل خوتۇنلارنىڭمۇ ئاۋۇپ كېتىپ بارغىنىنى بايقىغانسىز؟ مەنمۇ پۇل تاپقاندىن بېرى ئۈچ ئۆيلىنىپ، ئۈچ قېتىم ئاجراشتىم. تويى كۈنى ناغرا ــ دۇمباقنى بولۇشىغا چالدۇرۇپ، ماشىنىدا شەھەرنى ئايلىنىۋېرىپ بېشىم تۈرەپ، ئۆينى تاپالماي باشقا ياققا كېتىپ قاپتىمەن. شۇنىڭدىن بېرى تازا ساقلىقىم يوق. بىر ماقالىنى ئوقۇسام، ‹ئاغرىقنىڭ ياخشىسى يۈرەك ئاغرىقى› دەپ يېزىپتۇ. ئاغرىماي ــ سىلىماي ئۇ دۇنياغا غىپپىدە كېتىۋالغۇدەكسىز، دوست ــ دۈشمەنلىرىڭىز ھاڭۋېقىپ قاراپلا قالغۇدەك... ھەيكەللەرنى كۆرسەملا ھەۋەسىم كېلىدىغان بولۇپ قالدى. قاراڭ، ئۇلار ئۆلمەيدۇ، قېرىمايدۇ، مەڭگۈ ياش تۇرىدۇ، شۇنىڭغا قارىغاندا، تىرىك ياشىماق نېمىدېگەن تەس ــ ھە؟ !

نېمىلەرنى دەپ كەتتىم؟ خەير، سالامەت بولۇڭ، ‹چار خوراز›نىڭ ئىشىنى سىزگە ئامانەت قىلدىم. ئەسلىدە ‹چار توخۇ› دەپ يازسام توغرا بولاتتى. بۇ توخۇنىڭ زادى مېكىيان ياكى خورازلىقنى ئۆزۈممۇ ئاڭقىرالماي قالدىم. قېنى، يازغانلىرىمنى ئوقۇپ بولۇپ، چار توخۇنىڭ جىنسىي ئايرىمىسى ھەققىدە ئۆزىڭىز ھالال بىر نېمە دەرسىز.»

بۇ چار مېكىياننىڭ ھويلامغا قاچان، قايسى ئاينىڭ قانچىنچى كۈنىدىن باشلاپ پەيدا بولۇپ قالغىنىنى ئۆزۈممۇ ئەسلىيەلمەيمەن. ئىشقىلىپ بىزنىڭ بۇ چوڭ قورۇدا ھەر يىلى توخۇ ــ تۇمان دېگەن كەم بولمايدۇ. بەزىدە قوشنىلارنىڭ توخۇلىرى بىزنىڭ سامانلىققا كىرىپ تۇغۇپ قويىدۇ. بەزىدە بىزنىڭ توخۇلار قوشنىلارنىڭ مەڭگەنخانىلارىغا كىرىپ قورسىقىنى بوشىتىپ، قاقاقلاپ چىقىدىغان چاغلىرىمۇ بولۇپ قالىدۇ... ئايالىمنىڭ غەلىتە قىلىقلىرى بار. پالانى مېكىيان كۈرۈك بولۇپ قاپتۇ، دەپ قولىغا چىققانلا تۇخۇملارنى ئەكىرىپ باستۇرۇپ بېرىدۇ. بىر كۈنلەردە تۇخۇمدىن يېڭىلا چىقىپ چىكىلداپ يۈرگەن چۈجىلەر قايسى بىر چاغلاردا قارىسىڭىز يوغان بىر توخۇ بولۇپ قالىدۇ. ئۇلارنىڭ ئىچىدىن ئاق، قارا، قىزىل، چىپار، تورپاننىڭ، توقسۇننىڭ، خوتەننىڭ، خېنەننىڭ... ئىشقىلىپ ئادەمنىڭ خىيالىغا كەلمەيدىغان ھەممىنى تاپقىلى بولىدۇ. خورازلىرى بويۇنلىرىنى سوزۇپ چىللاپ مېكىيانلىرى بەس ــ بەستە تۇغۇپ ھويلىنى ئاۋات قىلىشقا باشلايدۇ. بىزگە ئارا تام ئولتۇرىدىغان ئىمىنجان دەيدىغان بىر قوشنام بار، خۇددى بۇرۇنقى ھارۋىكەشلەر بىر

يەرگە يىغىلىپ قالسا كەچكىچە ئۆزلىرىنىڭ ئاتلىرىنى ماختىشاتتى، ئىمىنجان ئىككىمىز ئۇچرىشىپ قالساقلا بىقىۋاتقان توخۇلىرىمىزنىڭ گېپىگە چۈشۈپ كېتىمىز. ئىمىنجاننىڭ ئېيتىشىچە، ئۇنىڭ ھازىر بىقىۋاتقان توخۇلىرى ئىچىدە بىر ئاق خوراز ئامېرىكىنىڭمىش. ئۇنداق ـ مۇنداق يەردىمۇ ئەمەس، نەق ھېلىقى ئامېرىكىنىڭ زۇڭتۇڭلىرى ئولتۇرۇپ ـ قوپىدىغان ئاق سارايىنىڭ يېنىدىكى بىر قورۇدا تۇخۇمدىن چىققانمىش. تېخى بۇرۇنقى ئىگىسى ھەر يىلى بۇ خورازنىڭ تۇغۇلغان كۈنىنى ئۆتكۈزۈپ بېرەتتىكەن. بەزىدە ۋاقتى بولۇپ قالسا، زۇڭتۇڭنىڭ ئۆزىمۇ مۇنداق خاتىرىلەش مۇراسىمىغا قەدەم تەشرىپ قىلاتتىكەن. بىر قېتىم قايسى بىر زۇڭتۇڭنىڭ ئايالىنىڭ بۇ خورازغا ئامراقلىقى تۇتۇپ كېتىپ ئۇنىڭغا ئۆز قولى بىلەن بىر سىقىم تېرىق چېچىپ بەرمەكچى بولغاندا، ئېھتىياتسىزلىقتىن كۆڭلىكىنىڭ ئېتىكىگە دەسسىۋېلىپ، ئاق خورازنىڭ ئالدىغا موللاق ئېتىپ چۈشۈپتۇ. شۇ چاغدا، ئامېرىكىنىڭ چوڭ ـ كىچىك گېزىت ـ ژۇرناللىرىغا «خانىشنى موللاق ئاتقۇزغان خوراز» دېگەن چوڭ خەتلەر بىلەن بۇ خورازنىڭ سۈرەتلىرىمۇ بېسىلغان ئىكەنمىش. شۇنىڭ بىلەن، ھەر كۈنى يۈزلەپ زىيارەتچىلەر ئاق خورازنى كۆرگىلى كېلىپ ئاق سارايىنىڭ ئەتراپى قالايمىقانلىشىپ كېتىپتۇدەك. ئاخىر زۇڭتۇڭ بۇ خورازنى يۇقىرى باھادا سېتىۋېلىپ، «كۆزۈمدىن يوقۇتۇڭلار!» دەپ يىراق بىر يەرگە پالىۋەتمەكچى بوپتۇ. ئىمىنجاننىڭ ئاق سارايىنىڭ ئالدىدا ئوقەت قىلىدىغان بىر تۇغقىنى بار ئىكەنمىش. «بۇ چىرايلىق خورازكەن، پالايدىغان گەپ بولسا بىزنىڭ جۇڭگودىكى تۇغقانىنىڭ ھويلىسىغا پالاڭلار» دەپ ئىمىنجاننىڭ ئادرىسىنى زۇڭتۇڭغا بېرىپتۇدەك. مانا مۇشۇنداق سەۋەبلەر بىلەن ئاق خوراز ئىمىنجاننىڭ قولىغا چۈشۈپ قاپتۇمىش...

- ئىمىنجان، ـ دېدىم مەن كۈلۈپ، ـ سېنىڭ ئۇ ئامېرىكىدىكى تۇغقىنىڭ ئاق سارايىنىڭ ئالدىدا دوغاپچىلىق قىلمايدىغاندۇ؟

- دوغاپچىلىق قىلمايدۇ، ـ دېدى ئۇ، ـ ناھال قاقىدۇ.

- ناھال قاقىدۇ؟!

ئىمىنجان ماڭا قارىغاندا مەكتەپتە ئىككى ـ ئۈچ يىل ئوشۇقراق ئوقۇغاچقىمىكىن، پو ئېتىشقا كەلگەندە ئۇنىڭ ئاغزىغا قاراپلا قالىمەن.

ئۆزىمىزنىڭ گېپىگە كەلسەك، ھېلىقى چار مېكىيان كۆزۈمگە باشقا توخۇلارغا قارىغاندا باشقىچىرەك كۆرۈنەتتى. خوتۇن دانىنى ئوبدان بېرىپ، قىشچە ئىسسىق يەردە باغقاچقىمىكىن، ناھايىتى تۇخۇمچان ئىدى، كۈن ئاتلىماي، كۈرۈكمۇ بولماي ھەر كۈنى تۇغاتتى. تۇخۇممۇ يوغان ئىدى. بەزى كۈنلىرى ھويلىدا بىر ئىشلارنى قىلىۋاتسام، دانلاپ

www.kitaphumar.com

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورىنى

كېلىپ، يېنىمدا توختاپ، بويىنىنى سەل قىيسايتىپ ماڭا تازا زەن سېلىپ قاراپ كېتەتتى. ئۇنىڭ سارغۇچ نۇر جۇلالىنىپ تۇرغان كۆزلىرىگە قاراپ مەسلىگىم كېلەتتى.

بىر كۈنلەرگە كەلگەندە، كۆز تەگكەندەكلا چار مېكىياننىڭ تۇخۇمى توختاپ قالدى. بوپتۇلا، تۇغمىسىمۇ ئۇبدانراق سەمرىسە سويۇپ يەرمىز، دېدىم. خۇدانىڭ قۇدرىتى بىلەن، تۇخۇمى توختاپلا بۇ چار مېكىياننىڭ بويى بۆلەكچىلا ئۆسۈپ، پەيلىرى پارقىراپ، تاجىسى تىكلىشىپ، خورازنىڭ سىياقىغا كىرىپ قالغىلى تۇردى.

بىر كۈنى قوشنام ئىمىنجان هويلىمىزغا كىرىپ، دانلاپ يۈرگەن چار مېكىيانغا قاراپ:

- قاسىمجان، ئاۋۇ چار توخۇ قالتىس خورازكەن ــ هە! ئەجەب مەن بۇرۇن كۆرمەپتىكەنمىنا؟ ــ دېۋىدى، كۈلكەم قىستاپ كەتتى.

- ئىمىنجان، ئوبدانراق قارا، هېلىقى مەن ساڭا ماختاپ بەرگەن تۇخۇمچان چار مېكىيان شۇ ئەمەسمۇ؟ ــ دېدىم.

دېمىسىمۇ چار مېكىيان پۈتلىرى دەرەخنىڭ شېخىدەك مەزمۇت، ئېگىز توخۇ بولغىلى تۇردى. خۇي ــ پەيلىمۇ كۈندىن ــ كۈنگە ئۆزگىرىۋېلىپ، هويلىغا چۈشكەن قاغا ــ قۇزغۇن، ئىت ــ مۈشۈكلەرگە ئېتىلىدىغان بولىۋالدى. بىر كۈنى ئۇنىڭ باشقا مېكىيانلارغا قانات سۆرەپ يۈرگەنلىكىنى كۆرۈپ قالدىم. بۇ ئىش ماڭا ناهايىتى كۈلكىلىك تۇيۇلدى. يەنە بىر كۈنى چار مېكىياننىڭ رەسمىي خورازلاردەك قىچقارغىنىنى ئاڭلاپ چۆچۈپ كەتتىم.

بۇ كەچكە يېقىن بىر ۋاقىت ئىدى. هويلىدىكى مېۋىلىك دەرەخلەرگە سۇ ئېچىۋاتاتتىم. هېلىقى چار مېكىيان نېرىراقتا دانلاپ يۈرەتتى. بىر چاغدا ئۇ قېشىمغا كېلىپ، بويىنىنى ئالدىغا سوزۇپ، خۇددى ماڭا بىر نېمە دېمەكچى بولغاندەك ياكى گېلىغا تۇرۇپ قالغان بىر نەرسىنى چىقىرىۋەتمەكچى بولغاندەك قىلىقلارنى قىلغىلى تۇردى. بۇ توخۇغا نېمە بولغاندۇ؟ دەپ تۇراتتىم، قى... قى... قىق! دەپ قىچقىرىپ سالماسىمۇ، قورققىنىمدىن تاتىرىپ كەتتىم. بىزنىڭ بۇ يەرلەردە «خوراز كەچتە چىللىسا يامان بولىدۇ» دەيدىغان گەپ بار ئىدى. بۇ دېگەن مېكىيان تۇرسا، خوراز كەچتە چىللىسا يامان بولغان يەردە، مېكىيان كەچتە چىللىسا نېمە بولۇپ كېتەر! ؟ دېدىمدە، رەۋىخان مومايىنىڭ ئۆيىگە قاراپ يۈگۈردۈم.

رەۋىخان موماي مەھەللىمىزدىكى ياشتا ئەڭ چوڭ ئايال ئىدى. ئۇ مەھەللىنىڭ چېتىدىكى كىچىك بىر قورۇدا تىكەندەك يالغۇز ياشايتتى. بەزى ئاغرىقلارنى كونىچە ئۇسۇلدا ئىدە سېلىپ ئەملەيتتى؛ ئانچە ــ مۇنچە رەممۇ ئاچاتتى. رەۋىخان ئانىنىڭ سېغىز لايدا پاكىز سۇۋىغان ئوچاق باشلىرى، بوسۇغىدا تۇرغان قەدىمكى مىس ئاپتۇۋا بىلەن چىلاپچا، بورىنىڭ ئۈستىگە تاشلانغان گۈللۈك پالاس، ئويۇقلاردىكى كونا زاماننىڭ قاچا ــ قۇمۇشلىرى، نان تاختا ئۈستىگە رەتلىك تىزىپ قويۇلغان سۇپرا، نوغۇچ، يەڭلىكلەر،

www.kitaphumar.com

كۆرپىنىڭ ئۈستىدە تۈگۈلۈپ ياتقان تاغىل مۈشۈك... بۇلارنىڭ ھەممىسى موماينىڭ ئۆيىگە قەدىم زاماننىڭ پۇرىقىنى بېرىپ تۇراتتى. رەۋىخان موماي كۆپىنى كۆرگەن، پاراكەچى ئايال ئىدى. ئۇ مېنىڭ چار مېكىيان توغرىسىدىكى گەپلىرىمنى قولىدىكى خورما ئۇرىقىدا ياسالغان تەسۋىيسىنى سىرىپ ئولتۇرۇپ جىمجىت ئاڭلىدى.

- مۇنداق دە؟ ... ئولتۇر، نېمىشقا ئۆرە تۇرىسەن، - دەپ گەپ باشلىدى موماي ئاخىرىدا.- بىر زامانلاردا ھېكىمباي دېگەن بىر كىشى ئۆتكەن، ھازىرقى مۇشۇ ئۈچ يېزىنىڭ يەرلىرى تامام شۇ ئادەمگە قارايتتى. ھېكىمباينىڭ زوردۇن دەپ بىر ئوغلى بولىدىغان، مانا شۇ ئوغۇل يىگىرمە ياشقا كىرگۈچە ساقال - بۇرۇتمۇ چىقماي، كېيىن كۆكسى يوغىناپ، قىزغا ئايلىنىپ قالغان ئىدى.

- ئوغۇل قىزغا ئايلىنىپ قالغان دەملا، رەۋىخان موما؟! راست، بۇ گەپنى مەنمۇ بىر چوڭلاردىن ئاڭلىغاندەك قىلىۋېدىم.

- قىز بولغاندىمۇ قانداق قىز دېمەمسەن، تازىمۇ قاۋۇل، قاش - كۆزى جايىدا، بىر قاراپلا ھەر قانداق يىگىتنىڭ يۈرىكىنى ئوينىتىۋېتىدىغان قىز بولغان ئىدى. ئۇ چاغلاردا بىزنىڭمۇ قىز ۋاقىتلىرىمىز. ياز كۈنلىرى قىزلار توپلىشىپ دەرياغا چۆمۈلگىلى چۈشەتتۇق. ئوغۇل باللاردىن ئۆزىمىزنى قاچۇرۇپ، دەريانىڭ خالىي يەرلىرىنى تېپىپ چۆمۈلەتتۇق. ھېلىقى زوردۇننىڭ قىز بولغاندىن كېيىن ئىسمى زورە بولغان ئىدى. ئۇمۇ بىز بىلەن بىللە سۇغا چۆمۈلگىلى بارىدىغان بولدى. ئۇنىڭ يالىڭاچ بەدىنىگە بىر قاراپ بېقىشقا ھەممىمىز قىزىقاتتۇق. لېكىن، زورە كىيىملىرىنى زادىلا سالغىلى ئۇنىمايتتى. بىر كۈنى مەسلىھەتلىشىپ زورەنى دەريا بويىدىلا ئولاش - چولاش باستۇق. ئىككى - ئۈچىمىز پۇت - قولىنى مەھكەم تۇتۇپ تۇردۇق، بىرىمىز ئىشتىنىنى تارتتۇق. ھازىر ئويلىسام قىپقىزىل ساراڭكەنمىز دېيمەن. بىچارە بىزنىڭ شۇنداق قىلىدىغىنىمىزنى پەملەپ قالغانمۇ، كۈننىڭ شۇنچە ئىسسىقلىقىغا قارىماي ئۈچ ئىشتاننى قوشلاپ كىيىۋالغان ئىكەن. ئىككى ئىشتىنىنى سالدۇرۇپ بولغاندا بىر يۇلقۇنۇپلا ئاستىمىزدىن تۇرۇپ كەتتى. شۇنىڭدىن كېيىن بىز بىلەن ئارىلاشمايدىغان بولدى. كېيىن ھېكىمباي زورەنى ئۆزىنىڭ بىر ئىشلەمچىسىگە نىكاھ قىلىپ بەردى. بىر ئوبدان خوتۇن بولدى، شۇغىنىسى بىچارە تۇغمىدى. ئېرىنى شۇنچە ياخشى كۆرەتتى. ئېرىنى ئاياپ ئۆيىنىڭ، تالانىڭ ھەممە ئېغىر - يېنىك ئىشلىرىنى ئۆزى قىلىپ تۈگىتەتتى. رەھمەتلىك بىر كۈنى ئېتىزدىن بۇغداي ئەكىلىۋاتقاندا ھارۋا بېسىۋېلىپ ئۆلۈپ كەتتى.

رەۋىخان موماي ئويلاپ شۇ يەرگە كەلگەندە ئويلىنىپ تۇرۇپ قالدى.

www.kitaphumar.com
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى

- ئەمدى مېنىڭ چار مېكىيىنىمنىڭ خورازغا ئايلىنىپ قالغىنى قانداق گەپ بولىدى، موما؟ ــ دېدىم.

- بۇمۇ بىر قىززىقلا ئىش بوپتۇ، ــ دېدى موماي، ــ خۇدايىمنىڭ خىلمۇخىل كارامەتلىرى بار دېگىنە. پارتىيە يىغى كەلگەندە ئوكۇل دېگەن بىر نېمە چىقىپتۇدەك. ئۇنى تولا سالدۇرسا ئادەمنى يا ئەر ئەمەس يا ئايال ئەمەس قىلىپ قويىدىكەن، دەپ ئاڭلايتتۇق. ھازىرقى ئادەملەرغۇ باللىرى قاتتىراق ئىنجىقلاپ قويسىمۇ دوختۇرخانىغا كۆتۈرۈپ بېرىپ ئوكۇل سالدۇرىدىغان بولىۋالدى. شۇڭا ھازىرقى ياشلارنىڭ قايسىسى ئەر، قايسىسى ئايال ئىكەنلىكىنى بىلگىلى بولمايدۇ. سەنمۇ توخۇلىرىڭغا ئوكۇل سالدۇرمىغان بولغىيدىڭ؟ شۇ مېكىيىنىڭنى سويۇپ يەپلا بېشىڭنى ساقايتقىنا. كەچتە چىللىغان توخۇ شۇملۇقنى چىللايدۇ شۇ.

ئەتىگىنى قوپۇپ يەنە خىيالغا پېتىپ قالدىم. ئىمنىجان قوشنا ئاشۇ چار مېكىيان خوراز بولۇپ قالغان بولسىزە، مىڭ تەڭگىگە يارىمىغان بىلەنمۇ، تۆت ــ بەش يۈز تەڭگىگە يارىغۇدەك خوراز بولىدىكەن، دېگەندەك قىلىۋىدى. ئۇنى سويىۋەتسەم ناھايىتى بىر ۋاقلىق تاماق بولار، ئۇنىڭدىن توخۇ بازىرىغا ئاپىرىپ سېتىپىلىۋېتەي، تۆت ــ بەش يۈزگە ئەمەس ئەللىك ــ ئاتمىش تەڭگىگە ئالسىمۇ پۇل ئەمەسمۇ؟ دېگەن يەرگە كەلدىم. چار توخۇنى تۇتۇپ، قولتۇقۇمغا قىسىپ بازارغا قاراپ ماڭدىم. پاھ... بۈگۈن يەكشەنبىمۇ قانداق كۈن ئۇقالمىدىم. توخۇ بازىرى دېگەن قايناپ كېتىپتۇ. توخۇمچىلارنى ئارىلاپ ئۆتۈپ بازارنىڭ ئوتتۇرىسىغا كىرىپ، چار توخۇنى ئەمدىلا بىر دەسسىتىپ تۇراتتىم، بىر نەچچە توخۇۋاز ئەتراپىمغا ئولاشتى. ئۇلار بۇ توخۇ مېكىيانمۇ خورازمۇ دەپ، سوراپمۇ قويماي قالتىس خورازكەنىدە، دەپ تاماقلىرىنى چېكىشىپ بويۇنلىرىنى سىڭايان قىلىپ چار توخۇنىڭ ئەتراپىنى ئايلانغىلى تۇردى. ئارىدىن بىرى:

- ئاكا، خورىزىڭنى ساتقىلى ئەكىردىڭمۇ؟ ــ دەپ سورىدى.

- نەرخىگە كەلسە ساتايمىكىن دەيمەن، ــ دېدىم.

- بەستىغۇ خېلى بار ئىكەن، ئانچە ــ مۇنچە سوقۇشۇپمۇ باققانمۇ، ــ دېدى يەنە بىرەيلەن.

- ئۆمرۈمدە ئىككى توخۇ سوقۇشقان يەردە تۇرۇپمۇ باققان بەندە ئەمەس دەڭلار، ئۇكىلىرىم، ــ دېدىم.

- ئەمدى دەيمىزا، ــ دېيىشتى ھېلىقىلار، ــ ھېچ بولمىغاندا مۇنداق قوشنىلارنىڭ توخۇلىرى بىلەنمۇ بىر ــ ئىككى قەپەس ئاتلىشىپ باققان يەرلىرى باردۇ؟

- ئۆيىمىز چەت جاڭزىدا، ئەتراپتا ئۇنىڭ بىلەن ئاتلاشقۇدەك توخۇمۇ يوق، ــ دېدىم. ئىچىمدە بۇ تېخى تۈنۈگۈنلا تۇغۇپ يۈرگەن مېكىيان تۇرسا، ھېلىلا بىر خوراز بىلەن ئاتلىشىدىغان بولسا بىر چوقۇشقىمۇ چىدىماي ۋاك دەپ قېچىپ مېنى رەسۋا قىلار، دەپ ئەندىشە قىلىپ ئولتۇردۇم.

- خوش، بوپتۇ باھاسى، ــ دەپ سورىدى بىرى.

- ھېلىقى تۆت چوڭامنىڭ رەسمى بار قەغەزدىن بىرنىلا بېرىڭلار، ــ دېدىم.

- يۈز كوي؟ ! نېمە دەيدىغاندۇ بۇ؟ ــ دەپ چۇرقىراشتى توخۇۋازلار، ــ يۈز كوي دېگەنگە بىر ئوبدان توقلا بېرىدۇ ۋاي، راست ساتقۇڭ بولسا يولدا گەپ قىل.

- يۈز كويغا مەھەللىدىلا تالاشقان ئىدى، ــ دەپ يالغان گەپتىن يەنە بىرنى قىستۇردۇم، ــ مېنىڭدىن ئېلىپ كۆز ئالدىمدىلا سوقۇشتۇرسا ئۇۋالغا قالمەن، دەپ ئۇلارغا ساتماي بازارغا كۆتۈرۈپ كەلدىم. بولسا سوقۇشتۇرماي سويۇپ يەيدىغان بىرەرىڭلار ئالساڭلار ئەزەنراق بەرسەممۇ مەيلىتى، ــ شۇنداق دەپ تۇراتتىم، چار توخۇ نېرىراقتا دانلاپ يۈرگەن ئۈچ ــ تۆت خورازنى كۆرۈپ قولۇمدىن يۇلقىنىپ چىقىپلا ھېلىقى توخۇلار بىلەن پالاق ــ پۇلۇق سوقۇشۇپ كەتتى. يۈگۈرۈپ بېرىپ ئاجرىتىۋالماقچى بولغان ئىدىم، توخۇۋازلار:

- قويۇپ بېرىڭا، ئاكا. بىر ــ ئىككى قەپەس ئاتلاشقانغا ھېچنېمە بولمايدۇ، ــ دەپ ئالدىمنى توسۇپ قويدى.

ھېلىقى دانلاپ يۈرگەن خورازلارنىڭ ھەممىسى بىر ئۆيىنىڭ توخۇلىرىمكىن جىمىسى بىر بولۇپ چار خورازنى ئارىغا ئېلىۋالدى. مېنىڭ خورىزىم ئوتتۇرىغا چۈشىشىپلا ھېلىقىلارنى شۇنداق كېلىشتۈرۈپ سالغىلى تۇردىكى، ئەييۇھانناس، دېسەم ئىشەنمەيسىلەر. كۆرگەنلەرنىڭ ئېيتىشىچە، توخۇ بازىرى توخۇ بازىرى بولۇپ تېخى مۇنداق سوقۇش بولۇپ باقماپتىكەن. چار خوراز تېلىۋىزورلاردىكى بىر پاي ئوق بىلەن ئون دۈشمەننى بىراقلا موللاق ئاتقۇزىۋېتىدىغان ئۆزى يۈز پاي ئوقتىمۇ ئۆلمەيدىغان گاڭگۇڭلارنىڭ ئۆزىگىلا ئايلاندى. ھېلىقىلارمۇ تېلىۋىزورنى تولا كۆرگەن خورازلارمىكىن ھەممىسى بىراقلا يوپۇرلۇپ كەلمەي، بىرى يىقىلسا بىرى رېتى بىلەن كېلەتتى. چار خوراز ياندىن كەلگەننى سوقۇپ، ئالدىدىن كەلگىنىنى بىرلا تېپىپ دومىلاتقىلى تۇردى. قانات سۆرەپ ئوتتۇرىدا پىرقىرايدىغان بولسا ئاجىزىراقلىرى شامىلىدىلا ئۇچۇپ كېتەتتى. بەزىلىرى بىر تېپىكتىلا ۋاك دەپ چەتكە چىقاتتى. غەيرەتلىكرەكلىرى دومىلىغان يېرىدىن قوپۇپ، قانات ــ قۇيرىقىنى تۈزەشتۈرۈپ يەنە جەڭگە كىرەتتى. شۇ پاتپاراقچىلىقتا يەردە ياتقان بىرمۇنچە خورازلارنىڭمۇ پۈتى يېشىلىپ كېتىپ سوقۇش بولىۋاتقان توپقا

www.kitaphumar.com

www.uyghurkitap.com

قېتىلىپ كەتتى. خورازلار سوقۇشۇۋاتقان يەردىن كۆتۈرۈلگەن توپا ــ چاڭ، ھاۋاغا توزۇغان پەيلەر ئەتراپنى بىر ئالدى. ئاخىرىدا زادى قايسى خوراز بىلەن قايسى خورازنىڭ سوقۇشۇۋاتقانلىقىنى ئايرىغىلى بولماي قالدى.

ـ ھاي ــ ھاي... ئەمدى بولار، ــ دەپ ئارىغا چۈشۈپ چار خورازنى تۇتىۋالماقچى بولدۇم. قىززىپ كەتكەن توخۇلار ماڭا قارىمىدۇ دەيسىز. چار خوراز سەن ئارىلاشما، دېگەندەك قىلىپ، قانىتى بىلەن بىر ئۇرۇۋىدى سەنتۈرۈلۈپ چەتكە چىقىپ قالدىم. ئاچچىغىمدا چاپىنىمنى سېلىپ چار خورازنىڭ ئۈستىگە يېپىپلا قۇچاقلاپ تۇتىۋالدىم. ئوتتۇرىدىكى باشقا خورازلار ھۈرپەيگىنىچە ئېتىلىپ كېلىپ نېمە قىلارىنى بىلمەي ماڭا قاراپ تۇرۇپ قالدى. چاڭ بېسىلغاندىن كېيىن قارىساق ھەممە توخۇنىڭ باش كۆزلىرى قان، بىر نەچچىسى پوكۇننى كۆتۈرەلمەي يەردە يېتىپتۇ. چار خورازنىڭ ساق قالغىنىغا شۈكرى دەپ ئۆيگە قاراپ ماڭدىم. كەينىمدىن توخۇۋازلار ۋارقىرىشىپ قالدى.

ـ توختا، ھوي ئاكا، توختا. مانا ئۆزۈڭ دېگەن يۈز كوي، ــ دەپ ۋارقىرىدى بىرى.

ئارىدىنلا باشقىلىرىمۇ چۇرقىراشتى:

ـ بوپتۇ، يۈز ئەللىك.

ـ ئىككى يۈز.

ئاخىرىدا بىرىنىڭ بەش يۈز، دەپ ۋارقىرىغىنى قۇلۇقۇمدا قالدى. بۇ چاغدا مەن بازارنىڭ دوقمۇشىدىن ئەگىلىپ بولغان ئىدىم. راست دەۋاتامدۇ ــ يالغانمۇ، دەپ ئورنۇمدا تۇرۇپ قالدىم. ئېگىز بويلۇق، ئورۇق بىر ئاغىنە ئارقامدىن ھاسىراپ، ھۆمۈدەپ يېتىپ كەلدى.

ـ بەش يۈز دېدىڭما، ــ دەپ سورىدىم ئۇنىڭدىن.

ـ ھەئە، بەش يۈز دېدىم. چاپىنىڭنى خورازنىڭ ئۈستىدىن ئېلىۋەت، خورازنى تۇنجۇقتۇرۇپ قويىسەن، ــ دېدى ئۇ.

ـ ئەكەل، بەش يۈز تەڭگىنى نەق سانا. بۇنىڭ ئۇنداق ــ مۇنداق خوراز ئەمەسلىكىنى ئۆزۈڭ كۆردۈڭ.

ـ ھازىر يېنىمدا ئىككى يۈز تەڭگىدەك پۇل بار، قالغىنىنى ئۆيۈڭنى كۆرسىتىپ قوي، بىر ــ ئىككى كۈندىن كېيىن ئاپىرىپ بېرەي.

ـ قەرزدار بولغان ئادەم سەن ماڭا ئۆيۈڭنى كۆرسىتىپ قويماي، مېنىڭ ساڭا ئۆيۈمنى كۆرسىتىپ قويىدىغىنىم قىززىق. ئىككى يۈز تەڭگىنى تاشلاپ بېرىپلا خورازنى كۆتۈرۈپ كەتسەڭ مەن سېنى نەدىن تاپاي.

www.kitaphumar.com

ھېلىقى ئاغىنە مۇقىم تۇرىدىغان ماكانىمۇ يوق بىر ئادەممكىن، خىجالەتچىلىكتە غەلىتە ھىجايدى ــ دە:

- ئۇنداق بولسا، ئاداش. ماۋۇ يۇز كوي ساڭا زاكالەت بولسۇن. ھازىر بىللە بېرىپ ئۆيۈڭنى كۆرۈۋالاي، قالغان تۆت يۇز كوينى ئەكىلىپ بېرىپ خورازنى ئېلىپ كېتەي، قانداق؟ ــ دېدى.

يۇز كوينى ئېلىپ يانچۇققا سالدىم. ھېلىقى ئېگىز دارازا ئاغىننى ئېلىپ كېلىپ دەرۋازىنى كۆرستىپ قويدۇم.

ماڭا يۇز كوي زاكالەت بەرگەن ئاغىنە شۇ يوقالغىنىچە بىر ھەپتە كۆرۈنمىدى. توخۇ بازىرىدىكى قانلىق جەڭدىن كېيىن چار خوراز كۆرەڭلەپ تېرىسىگە پاتمايلا قالدى. بىردە باشقا توخۇلارنى ئەگەشتۈرۈپ تامدىن ئاتلاپ قوشىنىلارنىڭ ھويلىسىغا چۈشۈپ، تەرگەن ــ تىككەن نەرسىلىرىنى دەسسەپ ــ چەيلەپ باش ئاغرىقى تېپىپ بەرسە، بىردە ھويلىغا كىرگەن ئۇششاق باللارنى قوغلاپ سۈزۈ ــ توقاي قىلىپ ئارام بەرمەيتتى. يامان ئىتى بار قورۇغا كىرمەكچى بولغان ئادەملەر «ھاي، ئىتىڭلارنى توسۇڭلار!» دەپ ۋارقىرىغاندەك، بىزنىڭ ھويلىغا كىرمەكچى بولغانلارمۇ ئاۋۋال دەرۋازىنى قىيا ئېچىپ بېشىنى تىقىپ: «ئادەم بارمۇ؟ ئاۋۇ خورزىڭلارنى توسۇڭلا!» دەپ ۋارقىرايدىغان بولۇپ قالدى.

يەنە بىر كۈنى چار خوراز گىدەيگىنىچە مېكىيپ قوشنام ئىمىنجاننىڭ ھويلىسىغا كىرىپ، ئۇنىڭ ھېلىقى ئامېرىكىلىق ئاق خورىزىنى يۇز ــ خاتىرىمۇ قىلماستىن قوغلاپ، چوقۇپ ئۆلتۈرۈپ قويغىلى تاسلا قاپتۇ. كەچتە ئىمىنجان كىرىپ كەلدى.

- كەل ئىمىنجان، خاپا كۆرۈنىسەنغۇ؟ ــ دېدىم.

- خاپا بولمىغاندا، ــ دېدى ئىمىنجان، ــ چار خورازنى خوراز دېسەم، مېكىيان دەپ قەسەم قىلىۋاتاتتىڭ، سېنىڭ مېكىيانلىرىڭنىڭ خورازلارنى قوغلايدىغان ھۈنىرى بار ئىكەن ــ ھە؟

- دېسەم ئىشەنمەيسەن، ــ دېدىم ئۇنىڭغا چۈشەندۈرۈپ، ــ ئۆزۈممۇ ھەيران، بولمىسا بىر ئوبدانلا تۇغۇپ يۈرگەن مېكىيانتى، تۇيۇقسىزلا تۇخۇمى توختاپ، تاجلىرى تىكلىشىپ خوراز بولۇپ قالدى...

- بولدى، بولدى، بۇ گېپىڭنى شامالغا قىلىپ بېرە! ــ دەپ گېپىمنى بۆلۈۋەتتى ئىمىنجان، ــ خوراز دېسەم مۇشۇ ئىمىن تالىشىدۇ، دەپ مېكىيان دەپ قويغان دېگىنە. توخۇ بازىرىغا ئاپىرىپ سوقۇشتۇرۇپ بازارغا سالغىنىڭنىمۇ ئاڭلىدىم. ئەلۋەتتە قوشنا ــ قولۇم بولغاندىنكىن، ماۋۇ توخۇنى ساتىدىغان بولۇپ قالدىم، ئالامسەن ــ ئالمامسەن؟ دەپ

www.kitaphumar.com
ئۇيغۇر كىتاب تورىستانى www.uyghurkitap.com

سوراپ قويىدىغان يولۇڭ بارمۇ ـ يوق؟ ... خەق سانىغان پۇلنى مەن سانىيالمايتتىممۇ ـ يا؟ ... بازاردا قانچە قىلدى؟

ـ بەش يۈز.

ـ بولدى، بەش يۈز سومىڭنى مەندىن ئال.

ـ بىرەيلەن يۈز كوي زاكالەت بىرىپ قويۇۋېدى، يا ۋاقتىدا كېلىپ توخۇسىنى ئېلىپ كەتمىدى.

ـ ئاڭلىدىم، زاكىر غىرىب دىگەن توخۇۋاز ساڭا يۈز كوي زاكالەت بىرىپتىكەن، قالغان تۆت يۈز سومنىڭ ئورنىنى قىلالماي ھازىرغىچە پالاقشىپ يۈرۈپتۇ. ۋاقتىدا كەلمىگەندىنكىن پۇلنى قايتۇرۇۋەت!

ـ سەت بولارمىكىن؟

ـ بولمىسا، كىم سەندىن پۇل ئاپتۇ، دەپ تېنىۋال.

ـ ئۇنداقتا تېخىمۇ سەت بولار؟!

ـ نىمە دىدىڭ؟! مانا مۇشۇنداق ئۇنتۇپ قالسەن ئەمەسمۇ، بىر كۈنى نەق مۇشۇ دەرۋازەڭنىڭ ئالدىدا يەرنى سىجاپ، بىشىڭنى ساڭگىلىتىپ ئولتۇرۇپتىكەنسەن. «قاسىمجان، نىمە بولدۇڭ، خىيال بىسىۋاپتىغۇ؟» ــ دەپ سورىدىم.

ـ نىمە خىيال دەيسەن، تىرىكچىلىكنىڭ غىمى، ــ دىدىڭ، مەن كۈلۈپ:

ـ غەم، غەملا دەپ يۈرىدىكەنسەن، ئون ـ يىگىرمە مو يېرىڭگە تولدۇرۇپ بۇغداي ـ قوناق چىچىۋالدىڭ، يەنە نىمە غەم ئۇ؟ ــ دىدىم.

ـ گۆشنىڭ غىمى، گۆش! ... تاپقان پۇلنىڭ گۆشكە ئۆلگۈرمەيۋاتقانلىقىنى قارىمامسەن؟ ــ دىدىڭ. مەن چاقچاق قىلىپ:

ـ قاسىمجان، مۇشۇ گۆش دىگەننىمۇ يەرگە تىرىغىلى بولىدىغان بولسا، ھەممە يېرىڭگە باشقا نىمە تەرمەي گۆشلا تىرىۋالاتتىڭغۇ دەيمەن؟ ــ دىدىم.

ـ ياللا، ئۇنداق ئىش بولىدىغان بولسا، مۇشۇ ھويلىغىمۇ ئالا قويماي گۆش تىرىۋالاتتىم جۇمۇ! ــ دىدىڭ.

شۇ چاغدا ئىككى داڭگاك چۈجىنى ئەپكەشتە كۆتۈرۈپ ئۆز يۇرتتىن بىرى يېنىمىزدىن ئۆتۈپ قالدى.

ـ مانا قاسىمجان، گۆش دىگەن پۇتى بىلەن مىڭىپ ئالدىڭغا كېلىپ قالدى. ئاۋۇ چۈجىدىن ئون ـ يىگىرمىنى ئېلىپ بېقىپ قويساڭ، گۆش دىگەن شۇ ئەمەسمۇ، ــ دىدىم.

ـ قېنى، قېنى؟ ــ دەپ ئىشتىنىڭنىڭ تويىسىنى قېقىپ ئورنۇڭدىن تۇردۇڭ.

- هاي توختا، چۈجەڭنى ساتامسەن؟ ــ دەپ ھېلىقى ئۆز يۈرتنى توختاتتۇق، ئۇمۇ ئەپكىشنى مۇرىسىدىن ئالدى.

قارىساق، داڭكاڭنىڭ ئىچىدە تېخى سېرىق تۈكىدىن ئايرىلمىغان چۈجىلەر چىكىلدىشىپ تۇرۇپتۇ. دانىسى بىر كوي، دېدى. سودىلىشىپ سەكسەن تىيىنغا پۈتۈشتۇق.

- ئاله قاسىمجان، سەكسەن تىيىن دېگەنگە ھازىرقى كۈندە نېمە كېلىدۇ؟ چوڭ بولۇپ قالسا سويۇپ يېسەڭ گۆش، تۇخۇمىنى ساتساڭ پۇل، ــ دەپ سالا قىلدىم. ئەمدى ئېسىڭگە كەلگەندۇ؟ ... شۇ چاغدا، يانچۇقۇڭدىكى بار پۇلۇڭنى قېقىشتۇرۇپ ئون نەچچە چۈجە ئالدىڭ. مەن داڭكاڭنىڭ ئالدىدا زوڭزىيىپ ئولتۇرۇپ تاللىشىپ بەردىم. ئەمدىزە، مەن تاللاپ ئېلىپ بەرگەن چۈجىلەرنىڭ ئىچىدىن بىر ياخشى خوراز چىقىپ قاپتىكەن، تالاشسام ماڭا ساتماي خەققە ساتساڭ سەت بولماي، خەقنىڭ پۇلنى قايتۇرىۋەتسەڭ سەت بولامدىكەن؟ ...

ئىمنجان قوشنام ھېكايە توقۇشقا ناھايىتى ئۇستا. راست شۇنداق ئىشنىڭ بولغان ــ بولمىغانلىقىنى ئېسىمگە ئالالماي ئاغزىغا قاراپلا قالدىم.

- ئۇنداق بولسا، ئىمنجان، ئەتىگىچە قاراپ باقايلى، ھېلىقى ئاداش ئەتىمۇ كەلمىسە، ئاتىغىنىڭنى بېرىپ چار خورازنى سەن ئاچىقىپ كەت. شۇ توخۇدىن ئۆزۈممۇ زېرىكتىم، ــ دېدىم.

ئەتىسى ئەتىگەندە ئورنۇمدىن تۇرۇپ تالاغا چىقسام، ھويلىنىڭ ئىچى جىمجىت. ھويلىنىڭ ئاۋات قىلىپ تۇرغان بىر نېمە كەمدەك قىلىدۇ. ھوي، چار خوراز قېنى؟! دەپ ئېسىمگە ئالدىم. باشقا توخۇلار دانلاپ يۈرۈپتۇ، چار خوراز يوق. كاتەككە قارىسام، كاتەكنىڭ ئاغزى ھاڭدەك ئوچۇق تۇرۇپتۇ، ئىچى قۇپقۇرۇق. جىددىيلىشىپ ھويلىنىڭ ھەممە بۇلۇڭ ــ پۇچقاقلىرىنى ئىزدىدىم. قوشنىلار تەرەپنى قاراشتۇرۇپ، ئىمنجاننىڭ قورۇسىغا كىرىۋېدىم، قوشنام ئالدىمدىن چىقىپ قالدى.

- ھەي قاسىمجان، ئەتىگەندە بۇياققا كىرىپسىلە؟ ــ دېدى.

- چار خوراز يوق؟! ــ ئۇ مېنىڭدىن بەتتەررەك ھەيران بولدى، ــ قانداق يوق بولىدۇ؟

ئىمنجان ئىككىمىز ئىزدە ــ ئىزدە، مەھەللىنىڭ سىرتىغىچە چىقتۇق. يەنە قايتىپ ھويلىغا كەلدۇق. چار خورازنىڭ قارىسىمۇ كۆرۈنمەيتتى.

- قاسىمجان، خورازنى ئوغرى ئاپتۇ ــ دە! ــ دېدى ئىمنجان. ,

- ھېلىقى ئاغىنە يۈز كوي زاكالەت بېرىۋېدى، پۇلنى خەجلەپ قويۇپتىمەن. ئەمدى كەلسە يا پۇل يوق، يا توخۇ، قانداقمۇ قىلارمەن؟ ــ دەپ بېشىم قاتتى.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى



- راست، سەن ئۇ زاكىر غېرىبنى 100 يۇەن بېرىپ ئۆيۈمنى كۆرۈۋېلىپ كەتتى، دەۋاتاتتىڭ، توخۇنى شۇ ئوغرىلاپ قاچتىمۇ ــ يا؟

- نائىنساپ شۇنداقمۇ قىلغانمىدۇ؟

- ھېچنىمە دەپ بولمايدۇ. توخۇۋاز بىلەن قىمارۋازنىڭ پەرقى نىمە. ئۇتسا چوڭ ــ چوڭ خەجلەيدۇ، ئۇتتۇرۇۋەتسە باشقىلارنىڭكىنى ئوغرىلايدۇ... مەن ساڭا ئېيتسام، ــ دەپ يەنە بىر ھېكايىگە چۆشتى ئىمىنجان، ــ ئاشۇ ئاق خورازنى يېڭى ئەكەلگەن ۋاقتىم...

- ئامېرىكىلىق خورىزىڭنىڭ گېپىما؟

- ھە شۇنداق... يېڭى ئەكەلگەندە بۇمۇ قالتىس خورازتى. بىر ياز توخۇ بازىرىدا ئۇنىڭغا تەك كەلگۈدەك توخۇ چىقماي، توخۇۋازلارنىڭ كۆزىنى تازا قىزارتقانتى، بىر كۈنى كېچىدە ھويلىدا بىر نىمە تاراقلىغاندەك قىلىپ قالدى. يۈگۈرۈپ چىقسام، كاتەكنىڭ ئاغزى ئوچۇق تۇرىدۇ. بىرىنىڭ تونۇرنىڭ بېشىدىن ئارتىلىپ كوچا تەرەپكە لەپپىدە چۈشۈپ كەتكىنىنى كۆرۈپ قالدىم. دەرۋازىنى ئېچىپ قوغلىدىم. قارىسام، ئوغرى ئالدىمدا قارا كۆرۈنەرلا يەردە قېچىپ كېتىپ بارىدۇ، زادى يېتىشەلمەيمەن. «توختىغىنا!» دەپ پۈتۈمدىكى ساپما كەشنى پىرقىرىتىپ تاشلاپ، كۆزۈمنى يۇمۇپ بىر يۈگۈرۈپىكەنمەن، كۆزۈمنى ئاچسام ئوغرى يوق. كەينىمگە قارىسام، ئوغرىدىن ئۆتۈپ كېتىپتىمەن. ھېلىقى ئوغرى مېنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ كەتكىنىمنى بايقىماي، ھە دەپ كەينىگە قاراپ يۈگۈرۈپ كېلىپ ماڭا ئۇسۇۋالغىلى تاسلا قالدى. كاپلا قىلىپ ياقىسىدىن ئالدىم. قارىسام، ياشلا بىر شۇمتەككەن. كۆتىگە ئىككىنى تېپىپ، قولىدىكى خورازنى تارتىۋالغانتىم... يۈز يۇەن زاكالەت بەردى، دەپ خۇش بولۇپ كېتىپ ئوغرىغا ئۆيۈڭنى كۆرسىتىپ قويغاندىكىن ئۆزۈڭمۇ ئەخمەق!...

شۇ كۈنى كەچتە زاكىر غېرىبمۇ يېتىپ كەلدى. مەن بىلەن قىزغىن سالاملىشىپ، قويىنىدىن تۆت يۈز يۇەننى چىقىرىپ تەڭلەپ:

- خوراز قېنى؟ ــ دېدى.

ئۇنى ئۆيگە باشلاپ، بولغان ۋەقەنى ــ قوشنام ئىمىنجاننىڭ چار خورازنى مەندىن تالاشقىنىنى، مەن زاكالەت ئېلىپ قويدۇم، دەپ بەرمىگەنلىكىمنى، بۈگۈن كېچىدىلا خورازنىڭ ھويلىدىن غايىپ بولۇپ كەتكىنىنى ئېيتتىم.

- ئاپلا! ــ دەپ تۇرۇپلا قالدى زاكىر، ــ بۇ خورازغا توخۇ بازىرىدىلا كۆز تەگكەنتى. كۆڭلۈممۇ بىر نېمىنى تۇيغاندەك قىلغان... شۇ كەم پۇلنى تولۇقلايمەن دەپ، بىر نەچچە كۈن پالاقلىدىم. ئامال بولماي، تازا يارامىلىق ئىككى خورىزىم بىلەن تالاشتۇرۇپ يۈرگەن

www.kitaphumar.com

بىر ئىتىمنى سېتىپ، ئاران دېگەنـدەك بـۇ پۇلنـىڭ ئـورنىنى قىلىـپ كەلگەنـتىم... خـورازنى ھېلىقى قوشناڭنىڭ ئۆزى ئوغرىلاپ چىقىپ كەتتىمۇ ــ يا؟

- ھەر قانچە بولسىمۇ قوشنا ــ قولۇم تۇرۇپ ئۇنداق قىلمىغاندۇ؟!

- خەپ، مىلىك تەڭگىدىن ئېشىپ ئالىدىغان خورازتىدە!

زاكىر شۇنداق دېدى ــ دە، ماڭا بەرگەن يۈز يۈەن پۇلنىمۇ سۈرۈشتۈرمەي، ئورنىـدىن چاچراپ تـۇرۇپ چىقىـپ كەتتـى. زاكىـر پۇلنىغـۇ سـورىمىدى، ئەممـا ئۇنىـڭ «خەپ، مىـلىك تەڭگىـدىن ئېشىـپ ئالىـدىغان خورازتىـدە!» دېـگەن سـۆزى ئىچىمـگە بىـر ئـوتنى سـېلىپ قويدى. بۇ مىـلىك تەڭگىلىـك خـورازنى قوشـنام ئوغرىلىغانمىـدۇ، زاكىـر ئوغرىلىغانمىـدۇ؟ يـا باشقا بىرى بابلاپ كەتتىمۇ؟ ئويلا ــ ئويلا بۇ ئىشنىڭ تېگىگە يېتەلمەي سـاراڭ بـولاي دەپ قالدىم.

بىر كۈنى ئىمىنجان:

- يۈرۈڭلا، يۈرۈڭلا! ــ دېگىنىچە تەرلەپ ــ پىشىپ كىرىپ كەلدى.

- نەگە؟ ــ دېدىم.

- مەن چار خورازنى بىر يەردە كۆردۈم.

- نەدە كۆردۈڭ؟ ــ دەپ ئورنۇمدىن چاچراپ تۇرۇپ كەتتىم.

- ھېلىقى ھەر يەكشەنبە كۈنى توخـۇ ــ ئـۆردەك، ئىـت ــ مۈشـۈكتىن تارتىـپ ھەممە جان ــ جانىۋارلارنىـڭ سودىسى بولىدىغان يېڭى بازارنى بىلەمسەن؟

- يېڭى بازارنى؟

- ھە، ھېلىقى بۇرۇنقى تەنتەربىيە مەيدانى.

شەھەرنىڭ سىرتىدا بىر تەنتەربىيە مەيدانى بولىدىغان. ئـۆز ۋاقتىـدا بـۇ يەردە پۇتبـول مۇسابىقىلىرى ياكى كاتتا چوڭ يىغىنلار ئۆتكۈزۈلەتتى. باشقا چاغلاردا بۇ يەر ئـوت ــ چـۆپ بېسىپ تاشلىنىپ ياتاتتى. ھازىر تەنتەربىيەچىلەرنىمـۇ پـۇل تېـپىڭلار دېگەنـدىن بېرى بـۇ يەرنـى باشقۇرىدىغانلار پۇتبـول مەيـدانىنىڭ ئەتراپىنـى تىكەنلىـك سـىملار بىـلەن توسـۇپ دەرۋازا بېكىتىپ، ئۇنىڭ ئىچىـگە بىـر كويـدىن بېلەت سـېتىپ كىرگۈزىـدىغان بوپتـۇ. ھەر يەكشەنبە كۈنى بۇ مەيدانىنىڭ ئىچىـدە توخـۇ سوقۇشـتۇرۇش، ئىـت تالاشـتۇرۇش دېگەنـلەر قىزىپ كېتىدىكەن. بۇمۇ تەنتەربىيەنىڭ بىر تۈرى ھېسابلىنارمىش...

- تەنتەربىيە مەيدانىنىغۇ بىلىمەن، ئۇ يەر بازار بولغاندىن بېرى بېرىـپ باقماپتىكەن، ــ دېدىم.

www.uyghurkitap.com



- يۇر، مەن سىنى باشلاپ باراي، ــ دېدى ئىمىنجان، ــ ئاڭلىسام، چار خورىزنىڭ شۇ يەردە ھەر يەكشەنبە كۈنى نەچچە مىڭ كوي پۇل ئۇتىۋاتقۇدەك. مەنغۇ جەزمەن شۇ چار خوراز دەپ ئوخشاتتىم. ئۆزۈڭ بىر بېرىپ تونۇپ باقە.

ئىمىنجانغا ئەگىشىپ ماڭدىم. پۇتبول مەيدانىغا يېتىپ كەلسەك، بۇ يەردە ئادەم دېگەن قايناپ كېتىپتۇ. بىر كويدىن بىلەت ئېلىپ ئىچىگە كىردۇق. بېرىپ قارىسام، چار خوراز خۇددى دېڭىز قاراقچىلىرىدەك بىر كۆزىنى تېڭىۋاپتۇ. دوكرىكىدە قۇلىقىنى كوچىلاپ، ئىككى يېنىغا چىرتىلدىتىپ تولكۇرۇپ، ئېگىز بىر بەندىكىدە پۇتىنى ئالماپ ئولتۇرىدۇ. ئەتراپىغا توخۇۋازلار ئولىشىۋاپتۇ. ئۇقسام، چار خورازنىڭ ئىگىلىرى ئۇنى ساپ بۇغداي چېچىپ بېرىپ، يېڭى گۆشنىڭ شورپىسى بىلەن باققۇدەك، مەخسۇس بىر ــ ئىككى ئادەم كاتەكلىرىنى سىيرىپ ــ سۈپۈرۈپ ھالىدىن خەۋەر ئېلىپ تۇرىدىكەن؛ ساماسا ــ مانتا دېگەنلىرىڭنى ئەكېلىپ بەرسەڭ، خۇددى ئەركە باللاردەك تېتىپ، ئىچىدىكى قىيمىسىنى يەپ، جىلتىسىنى بىر تەرەپكە سۈرۈپ قويىدىكەن... چار خوراز مېنى تونۇدىمۇ ــ تونۇمىدىمۇ بىلمىدىم، نەزەر سېلىپمۇ قويمىدى. خاتا تونۇپ قالماي يەنە دەپ ئۇياق ــ بۇيىقىغا ئۆتۈپ قارىسام، چوجە ۋاقتىدا ئۆزۈم باققان، ئاۋۋال توخۇم تۇغۇپ، كېيىن مېكىيانلارغا قانات سۆرەيدىغان بولۇپ قالغان چار توخۇنىڭ ئۆزى شۇ. ئىختىيارسىز:

- بۇ مېنىڭ خورىزىمغۇ! ــ دەپ ۋارقىرىۋەتتىم.

ئەتراپتىكىلەر ھەيران بولۇپ ماڭا قاراشتى. ئارىدىن بىرى:

- جۆيلۈۋاتامسىلە ــ قانداق؟ بۇ قانداق بولۇپ سىلىنىڭ خورىزىڭلا بولىدۇ؟ ــ دېدى.

- مېنىڭ بولغاندىنكىن مېنىڭ بولمامدۇ، ئەمسە كىمنىڭ خورىزىكەن؟ ــ دېدىم.

- ھوي سابىرجان، بۇ ياققا كېلىڭ، ماۋۇ خورىزىڭلىغا ئىگە چىقىپ قالدى! ــ دېدى بىر نەچچەيلەن خۇشامەتگۈيلۈق بىلەن.

نېرىراقتا توختىتىپ قويغان يېپيېڭى بىر قىزىل پىكاپنىڭ ئىشىكىنى ئېچىپ، بويىنى بۇقىنىڭكىدەك يوغىنىغان، قاۋۇل بىر ئاغىنە چىقىپ كەلدى. ئۇ ئىلگىرى مۇشۇ تەنتەربىيە مەيدانىنىڭ چېلىشچىسى ئىكەن، ھازىر بۇ مەيداننى كۆتۈرە ئېلىپ بېيىپ كېتىپتۇدەك. قىماردا ئۇتقان، چوتار ئالغان پۇللاردىن باشقا ھەر يەكشەنبە مەيداننىڭ بىلىتىدىنلا مىڭ سوملاپ كىرىم قىلىدىكەن. شۇ كۈنلەردە ئۇنىڭ شەھەردە بىر نەچچە يەردە قورۇ ــ جاي، يوشۇرۇن ــ ئاشكارا تۆت ــ بەش خوتۇنى بارمىش...

- خوش، نېمە گەپ؟ ــ دېدى سابىرجان يېنىمىزغا كېلىپ، ئۇنىڭ ئاۋازىمۇ رادىئو كانىيىدىن چىققاندەك گۈرۈلدەپ چىقىدىكەن.

- ماۋۇ خورازنى مەن تونۇۋاتىمەن، ــ دېدىم.

- تونۇساڭ تونۇغانسەن، ــ دېدى ئۇ، ــ بىر ــ ئىككى ئايدىن بېرى مۇشۇ بازارنى سوراپ، مىلك سوملاپ ئاقچا تېپىۋاتقان چار خوراز شۇ. ھازىر بۇ خورازنى كىم تونۇمايدۇ؟

- بۇ خوراز ئەسلى مېنىڭتى.

- نېمە دەيسەن؟ ! ــ سابىرنىڭ كۆزلىرى چەكچىيىپ كەتتى، ــ بۇ سېنىڭ خورىزىڭ بولسا مېنىڭ قولۇمغا قانداق ئۆتۈپ قالدى؟!

- سېنىڭ قولۇڭغا قانداق ئۆتۈپ قالغىنىنى ئۆزۈڭ بىلمىسەڭ مەن نەدىن بىلەي، ئىشقىلىپ بىر كېچىدىلا ئۆيۈمدىن بىرى ئوغرىلاپ چىقىپ كەتكەن...

- ھەي، ئاغزىڭغا بېقىپ سۆزلە-ھە! ــ سابىر كانىيىمنى كاپپىدە سىقىپ ئالدىغا بىر تارتىۋېدى، يەردىن پۈتۈم كۆتۈرۈلۈپ ئېسىلىپ قالدىم، ــ سەندەك قوڭالتاقتىن ئون ــ يىگىرمىنى سېتىۋالغۇچىلىكىم بار. ئەمدى ئېشىپ ــ تېشىپ سېنىڭ خورىزىڭنى ئوغرىلىغۇدەكمەنمۇ؟!

- يا، ئەمدى سىزنى ئوغرىلىدى دېمىدىم، ــ دەپ بوشاپ كەتتىم مەن، ــ باشقا بىرى ئوغرىلاپ كېلىپ سىزگە ساتتىمىكىن دەيمىنا.

خۇداغا شۈكۈر، سابىر ياقامنى قويۇۋەتتى. ئەتراپىمىزغا تىخمۇ كۆپ ئادەم ئولاشقىلى تۇردى. سابىر سۆڭگۈچىدىن كۆتۈرۈپ يۈرىدىغان تېلفۇنىدىن بىرنى شاققىدە ئالدى (يائاللا، بۇ قىمارۋازلارنىڭ تەرەققىي قىلىپ كەتكىنىنى كۆرمەمدىمغان!) ئۇنىڭ سىمىنى چىمدىپ چىقىرىپ، كىمدۇر بىرى بىلەن سۆزلەشكىلى تۇردى.

- ۋەي، ۋەي، ئىلاخۇنما؟ ماۋۇ چار خورازنى بۇگۈن بىرى كېلىپ مېنىڭ خورىزىم دەيدىغۇ. ھە.... ھە... مۇنداق گەپمىدى، ھە، بولىدۇ. باشقا گەپ يوق، ــ سابىر تېلفۇننى سۆڭگۈچىگە ئالدىرىماي تاقاپ، ماڭا قاراپ سورىدى:

- بۇ خورازنى ئادەملىرىمىز تۇرپاندىن كىچىك بالىنى كۆتۈرگەندەك قۇچىقىدا كۆتۈرۈپ ئەكەلگەنىكەن، سەن تۇرپانلىقمۇ-يا؟

- يوقسۇ، مەن تۇرپان دېگەننى كۆرۈپمۇ باقمىغان.

- ئەمسە سېنىڭ خورۇزىڭ تۇرپانغا قانداق بېرىپ قالدى.

- ئوغرىلىغان ئوغرى تۇرپانغا ئاپىرىپ ساتقان بولسا، سىلەر يەنە ئۇقۇشماي بۇ يەرگە ياندۇرۇپ كەلگەنسىلەر.

- ئاللاھۇ ئەكبەر، ــ دەپ چىشلىرىنى غۇچۇرلاتتى سابىر. ئۇنىڭ بۈرتۈپ چىققان مۇسكۇللىرىغا ئەيمىنىپ قاراپ قويدۇم. ئىچىمدە نەچچە يىلنىڭ ياقى تەنتەربىيەنىڭ بىكار نېنىنى يەپ، ئەقلى تەرەققىي قىلماي مۇسكۇللىرىلا تەرەققىي قىلغان نېمىكەندە بۇ، دەپ ئويلاپ قالدىم. ئەتراپىمدىكىلەرگە ياردەم سورىغاندەك يېلىنىپ قاراپ:

www.uyghurkitap.com
www.kitaphumar.com

- مانا ماۋۇ بىر تام قوشنام بولىدۇ، ئىشەنمىسەڭلار سوراپ بېقىڭلار، ــ دېدى ئىمىنجان:

- راست، ئەسلى بۇ خوراز مۇشۇ ئاغىنىمنىڭ ئىدى، ــ دەپ گۇۋاھلىقتىن ئۆتتۈپ بىر ــ ئىككى ئېغىز گەپ قىلدى.

سابىر سۇڭگۈچىدىن يەنە ھېلىقى تېلفۇننى ئېلىپ سۆزلەشكىلى تۇردى:

- ۋەي، ۋەي... بازار باشقۇرۇشىما؟ سەن ئەكبەرجانمۇ، مەن سابىرجان. ئاۋۇ باشلىقىڭغا ئېيتە، مەيەرگە بىر كېلىپ كەتسۇن. بىزنىڭ ھېلىقى چار خورازنى بىرى مېنىڭ خورىزىم دەپ ئۇششۇقلۇق قىلىۋاتىدۇ. ھە... ھە... شۇ تاپتا ئاچچىقىمدا بوغۇپ قويىدىغاندەك قىلىپلا تۇرىمەن. ھە... چاققانراق...

ياخالا، ھازىر بازار باشقۇرۇشنىڭ ئادەملىرى لاۋبەنلەرنى باشقۇرماي، لاۋبەنلەرنىڭ بازار باشقۇرۇشنىڭ ئادەملىرىنى باشقۇرىدىغان بولۇپ كەتكەنلىكىنى نەدىن بىلەي. بىر ئېغىز گەپ بىلەنلا بازار باشقۇرۇشنىڭ بىر نەچچە ئادىمى دوكۇرلىشىپ يېتىپ كەلدى. ئۇلار سابىر بىلەن ئىللىق سالاملىشىپ، ئاندىن مەندىن قوپاللىق بىلەن سورىدى:

- نېمە بۇ بازارنى قالايمىقان قىلىپ يۈرىسىلەر!

- بازارنى قالايمىقان قىلمىدىم، ــ دەپ ئەھۋالنى چۈشەندۈردۈم، ــ ماۋۇ خوراز ئەسلى مېنىڭكى، قوشنا ــ قولۇملارنىڭ ھەممىسى بىلىدۇ. ئىككى ئايچە بولىدىمىكىن، ھويلامدىن بىرى ئوغرىلاپ ئاچىقىپ كەتكەن، بۈگۈن كەلسەم بۇ يەردە تۇرۇپتۇ، تونىۋالدىم. بۇنى مەن چۈجە ۋاقتىدىن باققان. باشتا تازىمۇ ئوبدان تۇخۇمچان مېكىيانتى، كېيىن مۇشۇنداق خورازغا ئايلىنىپ قالغان....

گېپىمنى ئاڭلاپ ئەتراپىمدىكىلەر پاراققىدە كۈلۈشۈپ كەتتى. بازار باشقۇرۇشنىڭ ئادەملىرى:

- ھوي، سەن سارالمۇ ساقمۇ؟ كىمگىنى ئەخمەق قىلىسەن. چىقە بازاردىن، ــ دەپ دولامدىن ئىتتىرىپ مەيداندىن چىقىرىۋەتتى. بۇنى ئاز دەپ دەرۋازىنىڭ ئالدىغا چىققاندا ئىمىنجان ماڭا تېخىمۇ چېچىلىپ كەتتى:

- جىنىڭ ئەخمەق ئاغىنىكەنسەنىدە، ــ دېدى ئۇ، ــ ئاۋۋال تۇخۇم تۇغاتتى، كېيىن خوراز بولۇپ قالغان دېگەن شۇمۇ گەپمۇ، خەقنىڭ ئالدىدا مېنىمۇ رەسۋا قىلدىڭ!

- بۇ راست ئىش تۇرسا، ھۆكۈمەتنىڭ ئادەملىرى ئالدىدا يالغان سۆزلىگەن بىلەن بولمايدۇ ـ دە!

- راست بولغان تەقدىردىمۇ ئۇ گېپىڭگە بۇ يەردە كىم ئىشىنىدۇ؟!

- ئەمىسە سېنىڭ ئاق خورىزىڭنىڭ ئامبىرىكىدا تۇغۇلغانلىقىغا كىم ئىشىنىدۇ؟

www.kitaphumar.com

- ئۇ دېگەن قىزىقچىلىق بولسۇن دەپ قىلىپ قويغان گەپ. ماۋۇ دېگەن چاقچاق قىلىدىغان سورۇنما؟!

ئىككىمىز بىر ـ بىرىمىزگە گەپ قىلماي خېلى يەرگىچە ماڭدۇق.

- تۈۋا، ـ دېدىم مەن ئاخىر، ـ بۇ چار خوراز سابىر دېگەننىڭ قولىغا قانداق چۈشۈپ قالغاندۇ؟ زادى ئەقلىم يەتمەيۋاتىدۇ.

- ھەي، بەك ساددا ئاغىنە جۇمۇ سەن، ـ دېدى ئىمىنجان، ـ بۇ قىمارۋازلار ھازىر بەك تەرەققىي قىلىپ كەتتى. پالانى يەردە بىرىنىڭ نوچى خورىزى بار ئىكەن، دەپ ئاڭلاپلا قالسا تازا پۇت ـ قولى چاققان ئوغرىلارغا پۇل بېرىپ بولسىمۇ ئوغرىلىتىپ كېلىدۇ. مەن دېدىمىغۇ، ھېلىقى يۈز كوي زاكالەت بېرىپ ئۆيۈڭنى كۆرىۋېلىپ كەتكەن زاكىردا چوقۇم بىر گەپ بار.

شۇنىڭدىن باشلاپ يەكشەنبە كەلسىلا مەنمۇ تەنتەربىيە مەيدانىدىكى يېڭى بازاردىن قالمايدىغان بولدۇم. بەزىدە چار خورازنىڭ شۇ يەردە سوقۇشىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قالىمەن. بەزىدە توخۇۋازلارنىڭ سابىرجان چار خورازنى پالانى يەرگە ئاپىرىپ سېلىپ، مانچە مىڭ تەڭگە ئۇتتۇپتۇدەك، دېگەن گەپلىرىنى ئاڭلايمەن. قاراپ تۇرۇپ ئۆزۈم بېقىپ چوڭ قىلغان توخۇغا ئىگە بولالمىغانلىقىمنى ئويلىسام ئىچىم لازا سۈرگەندەك ۋاژىلداپ ئېچىشىدۇ. بەزىدە سابىر دېگەن مۇتتەھەمنىڭ قىزىل پىكاپىتا ھېلىقى سۆڭگەچ تېلىفۇننى قۇلىقىغا تۇتتۇپ (ئۇ ھېچكىم بىلەن سۆزلەشمىسىمۇ ئەتەي شۇنداق ئولتۇرىدىغۇ دەيمەن) غادىيىپ ئولتۇرۇپ كېتىپ بارغىنىنى كۆرسەم، «خەپ، سېنى گەدەيتكەن مېنىڭ مۇشۇ چار خورىزىمىغۇ، خۇدا جاجاڭنى بېرەر!» دەيمەن.

بىر قېتىم چار خورازنى ناھايىتى بىچارە ئەھۋالدا كۆرۈپ قالدىم. قارىسام چار خورازنى سوقۇشتۇرىۋېرىپ ھېچ ھالىنى قويماپتۇ. بايقۇشنىڭ ئالدىغا چېچىپ قويغان دانغا قارىغۇچىلىكمۇ مادارى يوق. باش ـ كۆزى يارا، گەجگىلىرىنىڭ پەيلىرى يۇلۇنۇپ، نوگاينىڭ سېپىدەك قىپقىزىل ئېچىلىپ قاپتۇ. شۇ يەردە تۇرغان بىر نەچچە توخۇۋاز:

- ياللا، بۇ خوراز ئىككى ـ ئۈچ ئايدىن بېرى توختىماي سوقۇشىۋاتىدۇ جۇمۇ. سابىراخۇن پۇلنى دەپ توخۇنى ئۆلتۈرۈپ قويامدۇ نېمە؟ ـ دېيىشىۋاتىدۇ. يەنە بىرى:

- شۇنى دەڭلا، ـ دەپ ھە دەپ چار خورازنىڭ يارىسىغا ماي سۈركەۋاتىدۇ. خورازغا ئىچىم ئاغرىپ قالدى. ئۆزەڭگىمۇ ئاز، خوراز بولمەن دەپ يوغانچىلىق قىلغۇچە ئىسسىق كاتەكتە يېتىپ تۇخۇمىڭنى تۇغقۇرگەن بولساڭ ساڭا بۇ كۈن يوق، دېدىم ئىچىمدە. شۇ كۈندىن باشلاپ تەنتەربىيە مەيدانىغا بېرىشقىمۇ كۆڭلۈم تارتمايدىغان بولۇپ قالدى.

www.uyghurkitap.com
www.kitaphumar.com

ئارىدىن ئانچە ئۇزاق ۋاقىت ئۆتمەدىغۇ دېيمەن، ئىمىنجان ھويلىغا يەنە ئالدىراش كىرىپ كەلدى:

- توخۇ بازىرىدىكى قىزىقچىلىقلارنى ئاڭلىدىڭمۇ، ــ دېدى ئۇ.

- نېمە قىزىقچىلىقكەن، ــ دېدىم.

- ھېلىقى خورىزنىڭ راستىنلا مېكىيان چىقىپ قاپتۇ.

- نېمە دېدىڭ؟ ــ دەپ ھەيران بولدۇم، ــ چار خورازنى ئەسلى مېكىيانتى دېسەم ئەجەب ئىشەنمىگەنتىڭغۇ!

- خۇدايا توۋا، راست دەپتىكەنسەن.

- قانداق قىلىپ يەنە مېكىيان بولۇپ قاپتۇ؟

- ئۆتكەن يەكشەنبە چار خورازنى بىر خورازغا ساپتىكەن، چار خوراز مېكىياندەك پوكىنىنى يەرگە يېقىپ موككىدە يېتىۋېلىپ زادىلا سوقۇشقىلى ئۇنىماپتۇ. سابىر بايۋەچچە ئاچچىقىدا ئۇنى شۇ يەردىلا بوغۇزلىۋېتىپتۇ. ئۆيىگە ئاپىرىپ ئىچ ــ قارنىنى يارسا خورازنىڭ ئىچىدىن ساپساق بىر تۇخۇم چىقىپتۇدەك.

- خۇدايا توۋا، ــ دېدىم.

- مەن ساڭا ھېلىقى زاكالەت پۇل بەرگەن زاكىرنى ئاشۇ ئوغرىلارنىڭ شېرىكى دېسەم زادى ئىشەنمەيسەن.

- قانداق، چار خورازنى شۇ ئوغرىلاپتىمىكەن؟

- ئىشقىلىپ چار خورازنىڭ ئىچ ــ قارنىنى يارغان يەردە شۇمۇ بار ئىكەن. سابىر بايۋەچچە ھېلىقى تۇخۇمنى يەرگە ئاتماقچى بوپتىكەن، زاكىر غىربىپ «بايۋەچچە، توختاڭلا، خوراز تۇغسا گۆھەر تۇغىدۇ، دېگەن گەپ بار جۇمۇ!» دەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئىككىسى ھېلىقى تۇخۇمنى قولدىن ــ قولغا ئېلىپ ئۇياق ــ بۇياققا ئۆرۈپ تازا قاراپ كېتىپتۇدەك. قارىسا ئادەتتىكىدەك ئاپئاقلا تۇخۇم. «گۆھەر ئىچىدە ئوخشىمامدۇ» دەپ چېقىپتىكەن، نەدىكى گۆھەر دەيسەن. تۇخۇمنىڭ سۈيى سىركايغا شالاققىدە ئېقىپ چۈشۈپتۇ. بىر تال چوكا بىلەن ئېلەشتۈرۈپ باققان ئىكەن، ئېقى بىلەن سېرىقى ئارىلىشىپ كېتىپتۇ. سابىر بايۋەچچە ئۈششاقراق گۆھەر بولسا چىششىمنىڭ ئارىسىغا ئېلىپ سۈزىۋالاي، دېدىمۇ ئاچكۆزلۈك بىلەن سىركايىنى غاچچىدە قولغا ئېلىپ تۇخۇمنىڭ ھەممىسىنى گۈپپىدە ئىچىۋېتىپتۇ. شۇنىڭدىن بېرى ئۇ بىر قىسما بولۇپ قاپتۇدەك.

- نېمە بوپتۇ؟

- كۆزۈم بىلەنغۇ كۆرمىدىم، ئاڭلىسام ئاۋازى ئىنچىكىرەپ، مەيدىسى يوغىناپ، ساقال ــ بۇرۇتلىرى كۆيە چۈشكەندەك تۆكۈلۈپ، يا ئەر ئەمەس، يا ئايال ئەمەس بىر نېمىگە

ئوخشاپ قاپتۇدەك. ھازىر ئىسمىنى سابىرە قويۇپتۇ. لايىقىدا ئەر بولسا تېگىشالسام بولاتتى، دەپ قىزىل پىكاپىغا ئولتۇرۇپ شەھەرنى توختىماي چۆرگىلەپ يۈرىدۇ، دەيدۇ. ھازىر ئۇنىڭ خوتۇنلىرى خېتىنى ئېلىپ باللىرى مىراسىنىڭ جېدىلىگە چۈشۈپتۇدەك.

- يا قۇدرەت، نېمە گەپ بۇ، ئىمىنجان؟ يەنە يالغان ھېكايىدىن بىرنى توقۇۋاتمايدىغانسىلە؟ ـ دېدىم.

بىر كۈنى سابىر بايۇەچچە نەق كوچىدىلا ئالدىمغا ئۇچراپ قالدى. ئاستى ـ ئۈستى كالپۇكىنى ھېلىقى مايمۇننىڭ دېگىلى بولمايدىغان يېرىدەك قىلىپ قىپقىزىل بويىۋاپتۇ. قۇلىقىدا يوغان ھالقا، بوينىدا ئالتۇن زەنجىر، چېچىنى كەينىگە تاراپ، گەجگە تەرەپنى ساقال چوكىسىدەك قىلىپ بوغىۋاپتۇ. قېشىغا ئىنچىكە قاشلىق ئېتىپ يۈز ـ كۆزىگە بولۇشىچە گىرىم قىپتۇ. ئالدىدىن قارىسا مەيدىسى، كەينىدىن قارىسا ساغرىسى دۆڭدەك چىقىپ تۇرىدىغان تازىمۇ كېلەڭسىز خوتۇن بوپتۇ. ھەممە ئادەمگە تەڭ كۆز تاشلاپ قىسىپ دەسسەپ كېلىۋاتىدۇ.... يائاللا، بۇنى قانداقمۇ ئەر ئالار؟ دەپ كۆڭلۈم ئېلىشىپ كەتتى. دەرھال كەينىمگە يېنىپ ماڭدىم. ئەمدىلا بىر ـ ئىككى قەدەم ئېلىپ تۇرۇشىمغىلا، ئارقامدىن:

- ھوي ئادەم، توختاڭە، ـ دېگەن ئاۋاز ئاڭلانماسمۇ، يۈرىكىم قارتتىدە قىلىپ قالدى. ئۆرۈلۈپ قاراشقا جۈرئەت قىلالماي، باشتا ئىتتىك ـ ئىتتىك ماڭدىم، كېيىن يۈگۈرگىنىمچە قاچتىم.

مەنبە: ئۇيغۇرجان بىلوگى

www.kitaphumar.com

# ـ نەۋايىنىڭ ئارمانى

## (تارىخىي ھېكايە)

### خۇرشىد دەۋران(ئۆزبېكىستان)

شاھزادە مۆمىن مىرزا ئۆلتۈرۈلگەن ھىجرىيە 903-يىلى (مىلادى 1497-يىلى) باھاردا ئەمىر ئەلىشىر مەشھەدتە ئىدى. شۇ چاغدا ئۇ بۇ كەنتكە، ئۆزى بىرچاغلاردا ساۋاق ئالغان ئىمام مىرزا مەقبەرىسىنى زىيارەت قىلىشقا بېرىپ، يېتىم-يېسىرلارغا زاكات ئۈلەشتۈرىدىغان غەلۋىرخانا قۇرۇش ئىشىغا تۇتۇش قىلىپ قالغانلىقى ئۈچۈن دارۇلسەلتەنەتكە قايتىشقا سەل كېچىكىپ قالغان ئىدى.

ئەمىر ئەلىشىر ناۋايى ھىراتقا قايتىپ كېتىۋېتىپ، نەۋجۇۋان شاھزادىنىڭ شەپقەتسىز-لەرچە قەتلى قىلىنغانلىقىنى ئاڭلىدى ۋە قاتتىق قايغۇردى. شۇڭا ئۇ ھىراتقا يېتىپ بارغاندا كۆتۈۋېلىش ئۈچۈن ئالدىغا چىققان يارۇ-بۇرادەرلىرىگە چوڭقۇر ھەسرەت-نادامەت بىلەن «بىر چاغلاردا شەيخ مەجدىدىن باغدادىنىڭ ئۆلتۈرۈلىشى ئاقىۋىتىدە كېلىپ چىققان چىڭگىزخانىنىڭ تاجاۋۇزچىلىقىدىن ماۋەرائۇننەھىر ۋە خۇراسان قانداق خانىۋەيرانچىلىقلارغا ئۇچرىغان بولسا، مۆمىن مىرزىنىڭ ئۆلتۈرۈلۈش ئاقىۋىتىمۇ خۇددى شۇنىڭدەك چوڭ پالاكەتنىڭ يۈزبېرىدىغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ»، -دېدى. ئەمىر ئەلىشىرنىڭ بوۋىسى ئۆز نەۋرىسىنى ئۆلتۈرۈشتەك بۇنداق قەبىھانە قاتىللىققا پەتىۋا بېرىشىنىڭ سەلتەنەت ئىنقىرازىنىڭ ئاشكارلىنىشى ئىكەنلىكىگە ئىشارە قىلغانلىقىنى بايقىغان سۇلتان ھۈسەيىن بايقارا قاتتىق غەزەپلەندى. ئەمما ئۇ غەزىپىنى ئىچىگە يۇتمىسا بولمايتتى، چۈنكى پادىشاھنىڭ تۇنجى ئوغلى، شەھىد شاھزادىنىڭ ئاتىسى بەدىئۇززامان مىرزىنىڭ ھامان بىركۈنى ئوغلىنىڭ خۇنىنى تەلەپ قىلىپ ئىسيان كۆتىرىدىغانلىقىنى بىلەتتى. شۇڭا بۇنداق شارائىتتا، ئەمىر ئەلىشىر بىلەن ئارىنى بۇزۇشنى خالىمايتتى.

سۇلتان ھۈسەيىن بايقارا بۇ كۆڭۈلسىز ۋەقەدىن كېيىن، توپتوغرا يېرىم ئەسىردىن بۇيانقى ئەڭ يېقىن قەدىردانى بولغان ئەمىر ئەلىشىرنىڭ دۆلەت-سەلتەنەت ئىشلىرىدىن ئۆزىنى تامامەن چەتكە ئېلىشقا، ئۆزىنىڭ ئۆمۈرلۈك ئارزۇسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا ئەھدى

www.kitaphumar.com

قىلغا نىلىقىدىن تامامەن بىخەۋەر ئىدى. ئۇ، بۇخەۋەرنى ئۇققانىدىن كېيىنمۇ بۇ ئىشقا ئانچە ئېتىبار قىلىپ كەتمىدى. ئەمەلىيەتتە، ئىمىر ئەلىشىر بۇنداق قارارغا خېلى بۇرۇنلا كېلىپ بولغان ئىدى. ئەمما ئۇ ھۈسەيىن بايقارانىڭ بېشىغا تەشۋىش چۈشسە ھېچقاچان قاراپ ئولتۇرغان ئەمەس. پەقەت شاھنىشىنلىكنى تەرك ئېتىپ كۆمەككە كەلگەن، ئىلاھىم بۇ قېتىممۇ شۇنداق بولغاي...بولمىسا، ئەمىر ئەلىشىرنى پادىشاھ خانىدانىغا يىپىسىز باغلاپ قويغان بىر كۈچ بارئىدى بىكى، ئۇ بولسىمۇ، شائىرنىڭ سۇلتان ھۈسەيىن بايقارا بىلەن بىللە ئۆتكۈزگەن كەچمىش-كەچۈرمىشلەر ئىدى. ئەمما ئەمىر ئەلىشىرنىڭ مەڭگۈلۈك ئارزۇسى بىلەن باغلىق بولغان بۇ قېتىمقى تەرك ئېتىشىنىڭ ئۇنىڭ سەمەرقەندتە ئوقۇپ يۈرگەن ياش چاغلىرىدالا پەيدا بولغا نلىقىنى بىلمەيتتى. بەزىلەر ئەمىر ئەلىشىرنىڭ بۇنداق قىلىشىنىڭ سەۋەبى سۆيگۈ- مۇھەببەت دەپ گۇمان قىلىشاتتى. ئاشۇ چاغدا سۆيگۈ- مۇھەببىتىنىڭ كۆڭلىنىڭ چوڭقۇر جايلىرىغا كۆمۈلۈپ قالغانلىقىدىن قاتتىق ئېزىلگەن يىگىرمە يەتتە ياشلىق ئەلىشىر ھەجىگە بېرىشقا، قالغان پۈتۈن ئۆمرىنى تەرىقەت سۈلۈكىغا بېغىشلاشقا تەييارلانغان. ئەمما يۇرتتا پەيدا بولغان تېنچسىزلىقلار سەپەرگە چىقىشقا توسقۇنلۇق قىلغان ئىدى. شۇ چاغدا ياش شائىر ھەزرىتى خوجا ئەھرارنىڭ مەسلىھىتىگە ئەمەل قىلىپ تەرىقەت ئىلمىنى ئۆگۈنىشكە باشلىغان ئىدى.

سۇلتان ھۈسەيىن بايقارا خاتالاشمىغان ئىدى. دېگەنىدەك ياندۇرقى يىلى يازدا بەدىئۇززا مان مىرزا ئىسيان كۆتۈرۈپچىقتى. سۇلتان ھۈسەيىن قوشۇن تۈپلاپ ئاستراباتقا ئاتلاندى، ئەمىر ئەلىشىرمۇ ئۇنىڭ بىلەن بىللە ماڭدى. ئاتا بىلەن ئوغۇل ئوتتۇرىسىدا بىگۇناھ نەۋرىنىڭ خۇنى بولغانلىقى ئۈچۈن بۇ قېتىمقى ئۇرۇشنىڭ بەكمۇ قاتتىق ۋە رەھىمسىز بولىدىغانلىقى ئېنىق ئىدى. ئەمىر ئەلىشىر خۇراسان سەلتەنەتىنى ساقلاپ قېلىشنى ئۆزىنىڭ بۇرۇچى ھېساپلا يتتى، گەرچە ئۇزۈلگەن يىپنى قايتا ئۇلىغىلى بولغىنى بىلەن ئاتا بىلەن بالا ئوتتۇرىسىدىكى بۇزۇلغان مۇناسىۋەتنى زادى ئەسلىگە كەلتۈرگىلى بولمايدىغانلىقى ئېنىق بولسىمۇ، لېكىن ئۇ بۇنىڭ ئۈچۈن زورىغا تىرىشچانلىق كۆرسىتىۋاتاتتى. بۇ قېتىم سۇلتان ھۈسەيىنمۇ ئۈمىدىنى قېلىچقا ئەمەس، بەلكى دوستىنىڭ ئەقىل-تەدبىرىگە باغلىغانلىقىنى ئوچۇق-ئاشكارە ئېيتالمىسىمۇ، لېكى ئۇششاق ئىشلار، نازۇك ئىشارىلەر بىلەن بىر ئاماللارنى قىلىپ ئۇنىڭغا بىلدۈرۈ شكە ھەركەت قىلاتتى. مانا شۇ سەۋەپتىنمۇ ئەمىر ئەلىشىر بەدىئۇززامان مىرزىنىڭ ھوزۇرىغا ئەلچىلىككە باردى. ئۇ مىرزىدىن ئاتىسىنىڭ ئەمرىگە قۇلاق سېلىشنى ئۆتۈندى، خۇددى ئالدىنقى قېتىم، يەنى مۆمىن مىرزا ئۆلتۈرۈلۈشتىن ئاۋال يۈزبەرگەن ئىسيان ۋاقتىدا نېمە دېگەن بولسا، شۇنى يەنە تەكىتلىدى. ئەمما ئۇ ھەرقانچە تىرىشچانلىق كۆرسەتكەن بىلەن بەربىر مىرزا تۆۋە

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورىيىكتى



قىلىشقا ئۈنىمىدى. ئۇ ئەمىر ئەلىشىرغا قاتتىق تىكىلىپ تۇرۇپ:« مەۋلانە، مەن سىزنى ئاتامدىن ئارتۇق كۆرىمەن، ئوغلۇممۇ سىزنى مەندىن ئارتۇق سۆيەتتى. خوش، قېنى ئېيتىڭچۇ ، ئاتا دېگەن پەرزەنتنى تىرىك تۇرغۇزۇپ ئۆلتۈرەمدۇ؟»-دېدى. شائىر ئۈنىڭ نىيمگە ئىشارە قىلىۋاتقانلىقىنى بىلدى ۋە كۆزلىرىدىن ئىختىيارسىز ياش تۆكۈلدى؛«مىرزام بوۋەيلەرنى ئۈنتۇ ڭ»-دېدى، ئۆزىنى سەل ئوڭشىۋېلىپ. «قايسى سۆزلەرنى؟» دېدى بەدىئۈززامان مىرزا چوڭقۇر ئازاپ ئارلاشقا غەزەپ بىلەن. بۇ چاغدا ئەمىر ئەلىشىر ئۆزىنى ئارتۇچە تۇتالماي ھۆكرەپ يىغلىۋەتتى. ئۈنىڭ ھالىنى كۆرگەن بەدىئۈززامان مىرزىنىڭ كۆزلىرىدىنمۇ تارام-تارام ياش قۇيۇلدى.

ئەلچى ئەمىر ئەلىشىر مەرۋىدە قارارگاھ قۇرۇپ ياتقان سۇلتان ھۈسەيىننىڭ ھوزۇرىغا تولىمۇ ئۈمىدسىز ھالدا قايتىپ كەلدى. ئۇ بىر زامانلاردا ئۇلۇغ ئەمىر تۆمۈر كۆراگان تىكلىگەن بۇ قۇدرەتلىك سەلتەنەتنىڭ ئاخىرقى بىر پارچىسى بولغان دۆلەتنىڭ تەنەززۇلغا ئېچىنغان ھالدا ھۈسەيىن بايقاراغا: «پەرزەنتىڭىز تۆۋە قىلىشقا تەييار» -دېدى. ئۇ كۆڭلىگە پۈككەن تەدبىر لەرنىڭ ھەممىسىنى ئىشقا سېلىپ، پادىشاھنى بەدىئۈززامان مىرزا تەلەپ قىلغان شەرتلەرنىڭ ھەممىسىنى قوبۇل قىلىشقا كۆندۈردى. ئاندىن قارارگاھتىكى چېدىرغا كىرىپ، ئىسيانچى شاھزادىگە مەكتۇپ يازدى ۋە شۇ ۋاقتىنىڭ ئۆزىدىلا مەكتۇپنى چاپارمەندىن ئەۋەتتى. ئارىدىن ئىككى كۈن ئۆتە-ئۆتمەي بەدىئوززامان مىرزىدىن جاۋاپ كەلدى. ئۇ ئەمىر ئەلىشىرنىڭ مەكتۇ بىنى تاپشۇرۇپ ئالغانلىقىنى ۋە ئۆزۈنىغا قالماي تۆۋە قىلىش ئۈچۈن پادىشاھنىڭ ھوزۇرىغا يېتىپ بارىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. ئارىدا بولۇپ ئۆتكەن ۋەقەلەر بارا-بارا مىرزىنىڭ مەكتۇ بىدىكى ۋەدىلىرىنى ئىسپاتلىدى. سۈلھىنامە پۈتۈلۈپ پادىشاھ مازەندارانغا، ئەمىر ئەلىشىر بولسا دارۇلسەلتەنەتكە قايتىشقا تەييارلاندى.

ئەتىسى ئەتتىگىنى يولغا چىقىدىغان چاغدا شۇنەرسە مەلۇم بولدىكى، شائىرنىڭ قارارگا ھتىكى چېدىرىنىڭ تۈرۈسىدا بىر غۇرلاي ئۇۋا ياساپ تۇخۇم قويۇشقىمۇ ئۈلگۈرگەن ئىدى. چېدىرنى يىغىشتۇرۇشقا رۇخسەت سوراپ كىرگەن مۇلازىملار بۇ ئىشنى ئۈنىڭغا ئېيتقاندا ئەمىر ئەلىشىر بۇ ئىشنى بالدۇرلا بىلىدىغانلىقىنى ئېيتتى ۋە مۇلازىملارنىڭ قوقوۋۇشتۇرۇپ تۇررۇشقانلىقىنى كۆرۈپ: «غۇرلاي تۇخۇمنى يېرىپ چۈجىلىرىنى ئۇچۇرما قىلغانغا قەدەر چېدىر شۇ پېتى تۇرۇپ تۇرسۇن»، - دېدى. ئاندىن خوجا ھۈسەيىن بەختىيارنى ھوزۇرىغا چاقىرىپ، ئۈنىڭغا چېدىرنى بۇزماستىن ھەرۋاقىت مۇھاپىزەت قىلىپ تۇرۇشنى تاپىلاپ، غۇرلاي باللىرى چوڭ بولۇپ، قاناتلىرى تۆمۈردەك قېتىپ ئۇچۇرما بولۇپ، ئۇچۇپ كەتكەندىن كېيىن، ئۈنىڭ چېدىرنى مۇھاپىزەت قىلغان بۇ خىزمىتى ئۈچۈن بۇ تەڭداشسىز چېدىرنى يىغىپ ئېلىپ كەتسە بولىدىغانلىقىنى ئېيتتى. خوجا

ھۆسەيىن بەختىيار ئەمىرنىڭ بۇ گەپلىرىنى ئاڭلاپ دەسلەپتە بىرئاز ئىسەنكىرەپ تۇرۇپ قالدى، كېيىن بىردىنلا كۆزلىرى چاقناپ ھەزرەتنىڭ شەنىگە ۋە ئۆزىگە قىلغان ساخاۋەتكە ھەمدۇ-سانالار ئېيتىپ، ئۇنىڭ ئەمرىنى خوشاللىق بىلەن بەجا كەلتۈرىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. كۆڭلى تىنىپ، دىلى خاتىرجەم بولغان ئەمىر ئەلىشىر سەلتەنەت بالىلىرى بولغان پۇخرالارغا ئاللاھدىن كۆپ ئىنايەتلەر تىلەپ يولغا چىقتى.

مانا نەچچە يىلدىن بۇيانقى سەلتەنەت ئاسايىشلىقى ئۇنىڭ چېدىرى تۇرۇۋسىغا ئوۋا قويغان غۇرلاي تۇخۇملىرىدەك ئامانەت، ئەگەر ئۇلار مۇھاپىزەت قىلىنمىسا، ھىرىسۇ-ھەۋەس، زۇلۇم-سىتەم، ئىسيان-غەۋغا قەسىرىدىن يەرگە چۈشۈپ كۇمپە يكۇم بولىدىغانلىقى شۈبھىسىز.

تا ھىرىسۇ ھەۋەس خامىنى بەربات بولماس،
تا نەپسۇ ھاۋا قەسرى بەربات بولماس،
تا زۇلۇم-سىتەم جانغا بىداد بولماس،
ئەل شاد بولماس، مەملىكەت ئاۋات بولماس...

ئەمىر ئەلىشىر يولدا كېتىۋېتىپ، بەربىر قىرىغان پادىشاھ بىلەن كۆچ-غەيرەتكە تولغان شاھزادىلەر ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتلەرنىڭ مۇقەررەر يۈز بېرىدىغانلىقىنى ئويلاپ، ئۆزىنىڭ ئۆمۈربويى بۇ سەلتەنەتنىڭ روناق تېپىشى ئۈچۈن چەككە رىيازەت، جاپا-مۇشاقەتلىرىنىڭ خۇددى قىرزىق قۇمغا تامغان يامغۇر تامچىسىدەك بىنەپ كەتكەنلىكىدىن يۈرەك-باغرى ئېزىلدى. شائىر بالىلىقتىكى دوستىنىڭ كېيىنكى يىللاردا جەڭگى-جىدەل ۋە ئەيشى-ئىشرەت قىلىشتىن باش تارتمىغا نلىقىدىن نارازى ئىدى. تېخىمۇ پاجىئەلىك بولغىنى شۇكى، قېرىپ قالغان پادىشاھ ھەركۈنى ناماز پىشىندىن كېيىن ئۈچمەيدىغان بىرمۇ كۈنى يوق ئىدى. ئۇنىڭ بۇ قىلمىشى پەقەت ئۆزىنىڭ خۇي-پەيلىگىلا ئەمەس، بەلكى ئوغۇللىرى ۋە بارلىق سىپاھلىرىغا غەيرى تەسىر كۆرسىتەتتى. بىر يۇتۇم مەي دۇنيانى بۇزىدۇغۇ، ئەمىر ئەلىشىر «ئۇممەل خابائىس»بولغان مەيگە بىرىلىشىنىڭ ئاقىۋىتىدىن بەكمۇ قورقاتتى.

ئۇ ئوتتۇز يىلدىن بۇيان مۇشۇ سەلتەنەت ئاستانىسىنىڭ تۈپرىقىغا يىلتىز تارتتى. ھەر ۋاقىت دوستى ئولتۇرغان تەختنىڭ تىنچلىقىنى كۆزلىدى. ئاتا-ئەۋلادى ئازكەم بىر ئەسىر مابەينىدە ساداقەت بىلەن خىزمەت قىلىپ كەلگەن تۆمۈرىيلەر خانلىقىنىڭ تېخىمۇ روناق تېپىشى يولىدا قوللىرىغا قېلىچ ئېلىشقىچە ھەممىنى قىلدى. بۇ خىزمەتلىرىنىڭ بەدىلىگە

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى



پادىشاھلارمۇ ئۇلارغا كۆپ ئىلتىپاتلارنى كۆرسەتتى، ئالىي مەرتىۋىلەرنى بەردى، بەزىدە تېخى ئۆز نەزىرىنىڭ چېتىدىمۇ قويدى، ئەمما يەنە ھوزۇرىغا چاقىرتتى.

پادىشاھقا دوست بولغان كىشىنىڭ دۈشمىنى كۆپ بولىدۇ. ئوتتۇز يىلدىن بۇيان، بۇ دۈشمەنلەر ئۇنى يامان كۆرۈشتى، ئۇنىڭغا تۆھمەتلەرنى ئارتتى، بۆھتانلارنى چاپلاشتى، ئەمما ئۇ ھەرگىز پۈشايمان قىلمايتتى، چۈنكى پۈشايماننىڭ پايدىسى يوق. ياق! ـياق! ئۇ پۈشايمان قىلمايدۇ، ئۇ چەككەن رىيازەتلىرىدىن رازى. ئۇ ھەر ۋاقىت كىككىلىنى تەڭرىتائالا يولىدىن غاپىل، مۇسۇلمانلار دادىدىن خالى قىلمىدى، دوستلىرىنىڭ پىكرىدىن ۋە دۈشمەنلىرىنىڭ ھىلە ـ مىكىرلىرىدىن بىپەرۋا بولمىدى.

ھىجرىيە 873 ـ يىلى (مىلادى 1469 ـ يىلى) سۇلتان ئەبۇسەئىد مىرزا قاراباغدىكى جەڭ مەيدانىدا ھالاك بولدى. بۇ پۇرسەتتىن پايدىلانغان سۇلتان ھۈسەيىن مىرزا خۇراسان تەختىنى ئىگەللىۋالدى. شۇ چاغدا ئۇ ئەمىر ئەلىشىرنىڭ نەزىرىدە بۇ تەختنى ئىگەللەشكە سۆزسىز ھەقلىق ئىدى. شۇچاغدا ئۇ سەمەرقەندتە، تېخىمۇ ئېنىقراقى خوجا جالالىددىن فەزلۇللاھ ئەبۇلەيس خانىقاسىدا تەرىقەت سۇلۇكى ئىلمىنى ئۆگىنىش بىلەن مەشغۇل ئىدى. ئۇ بۇ خوشخەۋەرنى ئاڭلاپ، ئۆزىنىڭ دوستىنىڭ يېنىدا بولۇشى كېرەكلىكىنى ھېس قىلدى ۋە ساخاۋەتلىك ئەمىر ئەخمەت ھاجىبەگنىڭ ھەمرالىقىدا ھىراتقا ئاتلاندى. سۇلتان ھۈسەيىن مىرزىنىڭ تەختكە ئولتۇرغانلىق شەرىپىگە «قەسىدەئىي خىلالىيە»نى يازدى. پادىشاھمۇ ئەمىر ئەلىشىرنى خۇرسەنلىك بىلەن كۈتىۋېلىپ، ئۇنىڭغا ئالىي ئىلتىپاتلارنى كۆرسەتتى. ئەمما تېخى پادىشاھلىق تەختى ئامانەت ئىدى، ماناشۇ ئامانەت تەختنى بەقارار قىلىش مەقسىتىدە مەملىكەتتە پادىشاھ بىلەن تەڭ تېنچلىق ـ ئاسايىشلىق بەرپا قىلىش ئۈچۈن ئۇ مەلۇم ۋاقىت قەلەمنى ئۇنۇتتى. تەخت ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلغان بۇ كۆرەش خېلى ئۇزۇن داۋام قىلدى. يالغۇز يادىكار مۇھەممەد مىرزىلا سۇلتان ئەبۇ سەئىدمىرز ىنىڭ ۋارىسى سۈپىتىدە تەختكە دەۋاگىرلىك قىلىپ ئازبولمىغان كاساپەتلەرنى يەتكۈزمىدىمۇ؟! ئۇنىڭدىن كېيىن سۇلتان مەھمۇد مىرزا، قارا قويۇنلۇلار ياردەم بەگەن ئەبۇبەكرى مىرزا بىلەن بولغان جەڭلەرچۇ؟ ماناشۇ جەڭگى ـ جىدەللەر داۋامىدا ئۇ ھەمىشە يا دوستىنىڭ قېشىدا، يا دارۇلسەلتەنەتنى قوغداشتا باش ـ قاش بولاتتى.

مانا ئۇنىڭ چەككەن زەخمەتلىرىنىڭ جاۋابى سۈپىتىدە مەملىكەتتە ئاسايىشلىق قارار تاپتى. ئەمىر ئەلىشىرنىڭ سەۋەبى بىلەن سۇلتان ھۈسەيىن بايقارا ئوردىسىغا ئەھلى ئىلىملەر ۋە ھۈنەرۋەن ئىنسانلار توپلاندى، مانا ئەمدى بۇ بىۋاپا جاھان بوگۇنگە كېلىپ ـ پادىشاھمۇ، ئۆزىمۇ شەكەستە بولىدىغان ئوخشايدۇ. ئۇ دوستىنى ئادالەتلىك پادىشاھ بولۇشقا دەۋەت قىلىپ كەلدى. زۇلۇم ۋە ئادالەتسىزلىك سەۋەبىدىن ئاۋات جايلار ۋەيران،

www.kitaphumar.com

قەسىر-سارايلار بايقۇشقا ماكان بولىدىغانلىقىنى تەكرار-تەكرار ئېيتتى. پادىشاھلار زۇلۇم ۋە ئادالەتسىزلىك قىلىشقا كۆپرەك مايىل بولىدۇ، ناھەق قان تۆكۈش ئۇلارنىڭ ھەۋىسى... جېنى بار ئادەم ئۇنىڭدىن قورۇقسۇن. پادىشاھلارنىڭ ناماقۇللىقى ئۆزلىرىگە ياخشى كۆرۈنىدۇ، قارىنى ئاق دېسە، بۇنى ماقۇللىمىغان گۇناھكار، ئاقنى قارادېمىگەنلەرنىڭ بولسا، روزىغارى قارا بولىدۇ. پادىشاھلارغا توغرا سۆزنى ئېيتقانلارنىڭ جېنى خەتەردە، ئىزگۈلۈككە ئۈندىگەننى قەتلئام كۈتىدۇ. ئەمما ئۇ دوست سۆيمەيدىغان، ۋەزىر سۆيمەيدىغان يامان، ئىمانسىز بولسا پوخرانىڭ ھالىغا ۋاي.

ئەسلىدە «ۋەزىر» دېگەن سۆز «ۋىزىر» يەنى «گۇناھ» دېگەن سۆزدىن كېلىپ چىققان. بۇنىڭدىن مەلۇمكى، ۋەزىرلەر ئۆز ھۆكۈمدارىنىڭ كۆڭلىنى خوش قىلىش ئۈچۈن گۇناھتىن تەپتارتمايدۇ. بىراق ئەمىر ئەلىشىر بولسا، ۋەزىرلىكنى ھۆكۈمدار يۈرگۈزگەن سىياسەت تۈپەيلىدىن يۈزبەرگەن گۇناھلارنى بويىنىغا ئېلىش ۋە بىرتەرەپ قىلىش دەپ چۈشەنگەنىدى. ئەنە شۇ مەقسەت يولىدا ئەقىدىسىگە نەقشلەنگەن «ئىنساپلىققا خۇدا رەھمەت قىلسۇن» دېگەن سۆزنى سەلتەنەتكە بولغان ساداقىتىنىڭ شۇئارى قىلدى. ئەمما ئۇ ئەمدى قېرىدى، ھاردى، تالدى، تالغىقتى، تېلىقتى. ئەمدى ئۇ ئۆمۈر بويى ئارزۇ قىلىپ كەلگەن مۇبارەك ھەج سەپىرىگە ئاتلىنىش پەيتىنىڭ يېتىپ كەلگەنلىكىنى ھېس قىلدى.

ئەمىر ئەلىشىر روھى پاكىز، پاك-دىيانەتلىك كىشى ئىدى. گەرچە ئۇ قۇدرەتلىك بىر خانلىقنىڭ ۋەزىرلىكىدىن ئىبارەت ئۇلۇغ مەرتىۋىلەرگە ئېرىشكەن بولسىمۇ، ئۇنىڭدىن پەخىر لىنىپ ئۇچمىدى، بەلكى تەرىقەتكە سادىق بولدى. سۇلتان ھۈسەيىن مىرزا بىر قېتىم ئۇنىڭ پاكلىقى، تاھارەتسىز بىر قەدەم ئالمايدىغانلىقى ھەققىدە «بۇھەزرەت دۇنياغا كېلىپ ھايات لىباسىنى كەيگەندىن بۇيان پىشىگە شەھۋەت چىركىنى يۇقتۇرمىغان، كىچىك پېئىللىق ۋە مەرتلىك تونىنىڭ ياقىسىدىكى لەئىل تۈگمىسىنى خۇتۇنلارنىڭ ھاۋايى-ھەۋىسىگە تۇتقۇز مىغان»، -دېگەنىدى.

ئەمىر ئەلىشىر ياشلىقىدىن باشلاپ، ھەتتە ھىرات ۋە سەمەرقەند مەدرىسلىرىدە ئىلىم-ئىرپاندىن ساۋاق ئېلىۋاتقان چاغلىرىدىمۇ، ھەمىشە دەرۋىشلەرنىڭ سۆھبىتىنى خالىدى، ھىدايەت يولىدا رەھنامىلىق قىلىۋاتقان ماشايىخلاردىن ئىلىم ئۆگەندى، بۇ پاك دىل كىشىلەر تويىغا ئىخلاس ۋە مۇردلىق قەدىمى بىلەن خىزمەت قىلدى. ئاستراباتتا يۈزبەرگەن ۋەقە تۈپەيلىدىن پادىشاھ بىلەن ئۆزى ئوتتۇرىسىغا چۈشكەن سوغۇقچىلىق سەۋەبىدىن ئوردىدىن چەتلەشتۈرۈلگەندىمۇ سەلتەنەت ئىشىدىن ئەتەك يىغىشتۇرۇپ، ئىبادەت ۋە رىيازەت ئەھلى بىلەن بىرگە بولۇش مەقسىتىدە راباتى سۇخەيلدە ھوجرىغا بىكىنىپ ئېتكاپتا ئولتۇردى. ئەسلىدىمۇ ئۇ پانا يولىغا مايىل ئىدى. لېكىن ئاردىن ئۇزاق ئۆتمەيلا

www.kitaphumar.com

www.uyghurkitap.com

پادىشاھ ئۇنى يەنە ئۇر دىغا چاقىردى. ئەمىر ئەلىشىر دەسلەپ«مېنىڭ يولۇم پېقىرچىلىقتا»دەپ بۇنىڭغا ئۇ نىمىدى. ئاخىرى بىر كۈنى پادىشاھ پۈتۈن ئوردا ئەھلى ئالدىدا ئۇنىڭغا؛«سەلتەنەت ئىشلىرىنى تەرتىپكە سېلىش سىزنىڭ رايىڭىزغا قاراشلىق بولۇپ قالدى. كېلىڭ دوستۇم، تىنىمسىز قە لىمىڭىزدىن مەملىكەت تىنىچ-ئامان بولسۇن» دېدى. ئەمىر ئەلىشر ئاخىرى«بىر سائەتلىك ئادالەت ئاتمىش يىللىق ئىبادەتتىن ئەۋزەل» دېگەن سۆزگە ئەمەل قىلىپ، پادىشاھنىڭ تەكلىپىگە ماقۇل بولۇشقا مەجبۇر بولدى.

ئۇ شۇنچە ئۇزاق ۋاقىت سەلتەنەت ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللانغان بولسىمۇ، ئەمما پاك ۋە ئۇلۇغ تەگرىنى ھېچقاچان ئۇنتۇپ قالمىدى. ھېچقاچان، ھېچ بىر سۆزىدە دەرۋىشلەرنىڭ دىلىنى رەنجىتمىدى، ھەر بىر ئىشقا ئىخلاس ۋە ئىمان بىلەن كىرىشتى. شۇ سەۋەپتىن سەلتە نەت ئىشلىرىدىكى قالايمىقانچىلىقلارنى ئوڭشاش توغرىسىدا پادىشاھقا مەسلىھەت بەرگەندە ئىمانىنى ئۇتتۇرىدا قوتۇپ سۆزلىدى. ياشلارغا تەگرى ئىنايىتىدىن شەپقەت تىلىدى، دوستلارغا كەرەم، پىشقەدەملەرگە ئىززەت كۆرسىتىش مىزانىغا ھەمىشە رىئايە قىلدى.

پادىشاھ ئۇنىڭغا كۆپلەپ يەر-سۇ ئىنئام قىلدى. ئەمما ئۇ باي بولۇشنى خىيالىغا كەلتۈرۈ پمۇ قويمىدى، بەلكى ئۆز مۈلكىدىن كىرگەن دارامەتنى ساۋاپلىق ئىشلار، مەدرىسلەرنىڭ ئەھۋالىنى ياخشىلاش، مەرىپەتكە يىتەكلىگۈچى كىتاپلارنى كۆچۈرۈپ كۆپەيتىش، تالىپلارغا نەپىقە بېرىش، مۇھتاجلارغا ياردەم بېرىش ۋە ھەتتا، زۆرۈرىيەت تۇغۇلۇپ قالسا پادىشاھقا، لەشكەرلەرگە سەرىپ قىلدى. ئەمىر ئەلىشىرنىڭ شەخسىي مۈلكىدىن كىرىدىغان بىر كۈنلۈك دارامەت ئون سەككىزمىڭ شاخرۇخي ئىدى، ئۇ ئەنەشۇ دارامەتنىڭ ھەممىسنى ساخاۋەت، ھىممەت ئېھسانىغا ئايلاندۇرۇشقا تىرىشتى.

ئۇ ھەقتىن قورقۇشنى ھېچقاچان ئېسىدىن چىقارمىدى، بېشىغا ئېغىر مۇشاقەتلەر كەلگەندىمۇ سەۋر-تاقەت، چىدام-غەيرەت بىلەن ئالللاھقا سېغىندى ۋە باشقىلارنىمۇ شۇنداق قىلىشقا دەۋەت قىلدى. ئۆزىنىڭ مۇشۇ ئەقىدىسى ئۈچۈن سوپى ماشايىخلارنىڭ ئەھۋالى بايان قىلىنغان، سۈلۈك يولىرى كۆرسىتىلگەن«نەسائىمۇل مۇھەببەت»، «لىسانۇتتەيىر» ناملىق كىتاپلارنى يازدى.كېچە-كۈندۈز پوخرا-يۇ، دەرۋىشلەرنىڭ، غېرىب-مۇساپىرلارنىڭ غېمىنى يەپ، تۈرلۈك ناملاردىكى خانىقا، مەسچىت، رابات-سارايلارنى، هاممام ۋە كۈۋرۈكلەرنى سالدۇردى. يالغۇز«خالىسىيە»خانىقاسىدىلا ھەركۈنى مىڭدىن ئارتۇق مىسكىنگە تاماق تار قىتىلدى، ھەر يىلى ئىككى مىڭغا يېقىن باش كىيىم، تون، كۆڭلەك-ئىشتان ۋە ئۆتۈك ئۈلە شتۈرۈلدى. بۇنداق ساخاۋەتلەردىن بەھرىمەن بولغانلار ناھايىتى كۆپ ئىدى...

www.kitaphumar.com

بۇنىڭدىن ئىككى يىل بۇرۇن ئۇ نىشاپورغا بارغاندا ماشايىخلار، جۈملىدىن ئۆزى چوقۇنىدىغان شەيخ پەرىدىن ئەتتار مازىرىنىڭ بارغانسېرى خارابىلىككە ئايلىنىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، كۆڭلى بەك يېرىم بولىدى ۋە دەرھال رېمونت قىلىشنى بۇيرىدى، شەيخنىڭ قەبرە بېشىغا يېڭى بىر خانىقا سالدۇردى. ھىراتتىكى مەرغەنىي بېغىنىڭ ئىچىگە ئاجايىپ ھەشەمەتلىك بىر مەسچىت سالدۇرۇپ، شۇ زاماندىكى ئاتاقلىق قارىيلارنىڭ بىرى بولغان خوجا ھاپىز مۇھەممەد سۇلتانشاھنى بۇ مەسچىتكە ئىماملىققا تەيىنلىدى. ئۆزىمۇ بەش ۋاخ نامازنى مۇشۇ مەسچىتتە ئۆتەپ، نامازغا كەلمىگەنلەرنى قاتتىق سۈرۈشتۈردى.

كۈنلەردىن بىر كۈنى ئەمىر ئەلىشىر ئەسىر نامىزىنى ئوقۇپ بولۇپلا، كۈندىلىك ئادىتىگە خىلاپ ھالدا مەسچىتتىن ئىتتىك چىقىپ، ھېچقانداق جايدا توختىماستىن، ئۇدۇل مېڭىپ، ھىراتلىقلار «ئۇنسىيە» دەپ ئاتىشىدىغان ئۆز ھويلىسىغا يېتىپ كەلدى ۋە ھويلا ئوتتۇرىسىدىكى بىنەپشىزارلىققا قاراپلا ئارقىسىغا ياندى. كۆپچىلىك بۇنىڭدىن بەكمۇ ھەيران قېلىشتى. خوجا ھاپىز مۇھەممەد سۇلتانشاھ ئۇنىڭدىن نېمە ئۈچۈن بۇنچىۋالا بىسەرەمجان بولۇپ كەتكەنلىكىنىڭ سەۋەبىنى سورىغاندا، ئۇ مۇنداق دەپ جاۋاب بەردى. «بايا نامازغا چىقىش ئۈچۈن ھويلامدىكى بىنەپشىزارلىقنىڭ يېنىدا تاھارەت ئالغانىدىم. ناماز سېپىدە تۇرغىنىمدا بىر چۆمىلىنىپ يەلكەمدە ئۆمىلەپ يۈرگەنلىكىنى كۆرۈپ قالدىم، بۇ چۆمۈلىنىڭ بايا تاھارەت ئالغان جايدا مۆرەمگە ئېلىنىۋاتقانلىقىنى بىلدىم. ناۋادا ئۇ چۈمىلە يەلكەمدىن چۈشۈپ كېتىپ، ئاياغ ئاستى بولۇپ ئازار يەپ ئامان قالغان تەقدىردىمۇ، ئۇ ئۇۋىسىغا قايتىدىغان يولنى تاپالماي ئۆلۈپ كېتىپ قالسا ئۇنىڭ ئۇۋالىغا قېلىشتىن قورۇقتۇم. شۇڭا مەن نامازنى ئۆتەپ بولۇپلا ھويلامدىكى تاھارەت ئالغان جايغا بېرىپ، چۈمىلىنى ئۇۋىسىنىڭ ئېغىزىغا چۈشۈرۈپ قويدۇم-دە، ئۇۋالىغا قېلىشتىن قۇتۇلدۇم. مانا ھازىر يەلكەمدىن چۈمىلە ئەمەس، بىر تاغ ئاغدۇرۇلغاندەك يەڭگىللەپ قالدىم، خوجام»، - دېدى.

بۇگەپنى ئاڭلىغان خوجا قولىنى دۇئاغا، دىلىنى رەخمەت ئېيتىشقا ئاچتى...

ئەمىر ئەلىشىر مەرۋىدىن دارۇلسەلتەنەتكە قايتقاندا، يول بويى ئويلىغانلىرى توغرا بولۇپ چىقتى. مەملىكەتتە بەدىئوززامان مىرزىنىڭ ئىسيانىدىن كېيىن بارلىققا كەلگەن ئاسايىشلىق ئانچە ئۇزاق داۋام قىلمىدى، بەلكى بىر يىغا يەتمەيلا ئاخىرلاشتى. بۇ قېتىم سۇلتان ھۈسەيىن مىرزىنىڭ يەنەبىر ئوغلى-ئابدۇلمۇھسىن مىرزا توپىلاڭ كۆتۈردى. شۇنىڭ بىلەن سۇلتان ھۈسەيىن قوشۇن باشلاپ ئوغلىنىڭ ئىسيانىنى بېسىقتۇرۇش ئۈچۈن مەرۋىگەقاراپ يول ئالدى. بۇ ۋەقەدىن خېلى بۇرۇنلا ئەمىر ئەلىشىر پادىشاھقا قايتا-

www.uyghurkitap.com



قايتا مۇراجەت قىلىپ، مۇقەددەس كەئبىنى تاۋاپ قىلىش سەپىرىگە ئىجازەت ئالىشقا مۇۋەپپەق بولغانىدى. بىراق بۇ ۋەقە تۈپەيلىدىن سۇلتان قوشۇنلىرى دارۇلسەلتەنەتتىن يەنە بىر قېتىم چىقىپ كەتتى، ئەمىر ئەلىشىر بولسا، بۇ سەلتەنەتكە ئەمدى تېنچلىقنىڭ مەڭگۈ نىسىپ بولمايدىغانلىقىنى، پادىشاھنىڭ پايتەختتىن چىقىپ كېتىشىنىڭ ئۆزىنىڭ ئۆمۈرلۈك ئارزۇسى بولغان بۇ مۇبارەك سەپەرگە ئاتلىنىشىنىڭ تېپىلماس پۇرسەتى ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىپ، دەرھال يولغا چىقتى ۋە بىرنەچچە كۈنلەردىن كېيىن مەشھەدكە يېتىپ كەلدى. ئۇنىڭ كارۋىنى شەھەرگە يېقىنلاشقاندا ئۇ يەنە بىر قېتىم پادىشاھدىن ھال-ئەھۋال سوراش، ئۇنىڭدىن قالسا، بۇ سەپەرگە بېرىلگەن ئىجازەتنى تېخىمۇ مۇستەھكەملەش نىيىتىدە تۇتۇپ مەۋلانە ئابدۇلھەينى سۇلتان ھۈسەيىن بايقارانىڭ ھوزۇرىغا-مەرۋىگە ئەۋەتتى. ئۆزى ئىمام رازىنىڭ مەقبەرىسى ئەتراپىدا پاناھلىنىپ يۈرىيدىغان كەمبەغەل، يېتىملەرگە تاماق ئۈلەشتۈرۈپ بېرىش ئۈچۈن سېلىنغان غەلۋىرخانىدا قونۇپ، جاۋاب كۈتتى. ئارىدىن ئۇزاق ئۆتمەي مەۋلانە ئابدۇلھەي ئىسيانچى ئابۇلمۇھسىن مىرزا بىلەن جەڭ قىلىۋاتقان سۇلتان ھۈسەيىن مىرزىنىڭ يېنىدىن قايتىپ كەلدى ۋە ئەمىرگە پادىشاھنىڭ مەكتۇبىنى تاپشۇردى.

سۇلتان ھۈسەيىن بايقارانىڭ ئەمىر ئەلىشىرگە يازغان مەكتۇبى:

«سەلتەنەتنىڭ روھى، مەملىكەتنىڭ تايانچى، دىن ۋە دۆلەت ئەرباپلىرىنىڭ ئەڭ ھۆرمەتلىكى، دۆلەت ۋە مىللەت ساھىپلىرىنىڭ يېتەكلىگۈچىسى، خەيرلىك بىنالارنىڭ مۇئەسسەسى، پاكىزى ئىشلارغا بۇيرۇلغان خاقانى دۆلەتنىڭ مەدەتكارى، سۇلتان ھەزرەتنىڭ يېقىنى نىزامىددىن ئەلىشىر جانابلىرىغا ھېساپسىز كۆپ دۇئالار ۋە مەشۇق قوزغاتقۇچى سالاملار تويلامى يەتكۈزىمىز، پەيزىلىك مۇلاقاتلار ئارزۇسى شەرق پايانى دائىرىسىدىن ئارتۇقتۇر.

روشەن كۆڭۈللىرىگە يېتىپ مەلۇم بولسۇنكى، جۇمە كۈنى-رەجەپ ئېيىنىڭ ئون بىرىنچى كۈنى ئۇلۇغ مەۋلانە ئابدۇلھەي كېلىپ، شەرەپلىك مىجەزلىرىنىڭ كەيپىياتى، ساق- سالامە تىلىك ياخشى ھالەتلىرىنى يەتكۈزدى. بۇنىڭدىن خەۋەر تېپىش بىزنىڭ ھەددى ھېسابسىز شادلىقىمىزغا سەۋەب بولدى. ئۇ يېتىپ كېلىشتىن ئىلگىرىلا كۆڭۈللىرىدە قارار تاپقان ھىجاز تەرەپكە ماڭغانلىقلىرى توغرىسىدىكى خەۋەر ئېغىزمۇ-ئېغىز كېلىپ تۇرغانىدى. ئەمما ئىشە نچلىك كىشىلەردىن ئىشىتمىگىنىم ئۈچۈن ئىشەنگىلى بولمايتتى. لېكىن بىر قېتىملىق سۆھبە تتە خوجا ئەفزەلىددىن مۇھەممەدكە يېزىلغان مەكتۇپلىرىنىڭ مەزمۇنىدىن مەلۇم بولدىكىم، بۇ كۈنلەردە ئۇ تىلەكلىرى مۇستەھكەملىنىپ ۋە يېڭىلىنىپ، سەپەرگە ئاتلىنىش خىياللىرى جەزىمگە ئايلانغان.

www.kitaphumar.com

گەپ شۇنداقكى، ھەممىگە، بەلكى ئالەمگە ۋە ئالەم ئەھلىگە ئاشكارىدۇركى، ئىول جاناپ بىلەن بىرلىك، ھەمجەھەتلىكتىن باغلىنىش ۋە باغلىنىش ئالاقىسى، ھەمنەپەسلىكتىن تا شۇ كۈنگىچە قايسى دەرىجىگە بېرىپ بارغانمىز ۋە ئېلىپ بارىمىز. ھەمىيشە، ھەرقانداق ئەھۋالدا ئىول جاناپىنىڭ شەرەپلىك رازىلىقىنى ئۆزىمىزنىڭ مۇددىئا ۋە تەلەپلىرىمىزدىن ئۈستۈن بىلىپ، بۇ جەھەتنى مىسلىسىز دۆلەت دەلىللىرىدىن ساناغلىق ۋە سانايمىز. ھەقىقەتەن، ئۇنىڭ قارشىسىدا ئىول جاۋاپتىن دۆلەتخاھلىق ئەسەرلىرى، ئىخلاس، ياخشى پىكىرلىك ۋە يېقىنلىق كەبى خىسلەتلەر بارلىققا كەلگەن ۋە بارلىققا كېلىدۇ. بۇ قۇياشتىنمۇ روشەنراق بولغىنى ئۈچۈن تەپسىل بېرىشنىڭ پايدىسى يوق. ئۆزلىرى بىلىلىيكى، ئوتتۇرىمىزدا ھېچقانداق تەكەللۇپ ۋە ئۆزىرچىلىك بولماي، ھەمىشە سۆز شۇنداق بولاتتىكى، ئۇ سەلتەنەت تايانچىنىڭ خاتىرىسىگە خەيرخاھلىق ۋە ياخشى پىكىرلىك يولى بىلەن نېمىكى كەلسە، ئۇنى ئېيتىشقا توققۇز قېتىم رۇخسەت بېرىلگەندى. دائىم بىزنىڭ خاتىرىمىزگە نىمىكى كەلسە، مېھرىبانلىق يۈزىسىدىن ئىزھار قىلاتتۇق. بۇ ۋاقىتلاردا ھىجرەت قىلىشتىن ئىبارەت ساۋاپلىق ئىشقا ئاتلىنىش قارارىغا كەلگەنلىكلىرى كۆڭلىمىزگە قانچىۋالا ئېغىر كەلگەنلىكىگە قارىماي، ئۇنىڭدىنمۇ ئەۋزەل ئىشنى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايدۇ، شۇڭا سىلىنىڭ مەنمۇنلۇقلىرىنى مەنپەتىمىزدىن ئۈستۈن قويىمىز. بېرىلگەن رۇخسەت ۋە ئىجازەتتىن قايتمايمىز. لېكىن كۆڭلىمىزگە كەلگەن ئىشلاردىن ئاگاھلاندۇرۇشىمىزلازىم. روشەنكى، بۇ خۇسۇستا يولنىڭ تېنچلىقى شەرتتۇر. مەلۇم بولسۇنكىم، بۇ كۈنلەردە ئىراق زېمىنلىرى، جۈملىدىن باغداتنىڭ ئەھۋالى قانداق ئىكەنلىكى نامەلۇم. مىسىر ۋە شام زېمىنلىرىدىمۇ تۈرلۈك باش-باتاقلىقلارنىڭ بارلىقى ئىشتىلمەكتە. رىۋايەت شۇنداقتۇركى، ئەگەر يولنىڭ خەۋپى كىشىنىڭ بىلىكى سەۋەپسىز تېلىپ قالغۇدەك دەرىجىدە بولسا، يولغا چىقىش جايىز ئەمەس. ئەگەر مۇشۇ كۈنلەردە يولنىڭ خەۋپلىك ئىكەنلىكى توغرىسىدىكى بىرەر پىكىر خاتىرىمىزگە كەلمىسە قانداق بولىدۇ؟ چۈنكى ئۆزلىرى ئېيتقاندەك، يولنىڭ ناتېنچلىقى جەھەتتىن خەۋپ پەيدا بولغان بولسا، زۆرۈرىيەت تۈپەيلىدىن ئاشۇ خەۋپلىك جايدا كىشىنى قوغدايدىغان مۇلازىملار بولۇشى كېرەك.

يەنە گەپ شۇنداقكى، بۇقېتىمقى سەپەرلىرى ئۇزاققا سوزۇلۇپ كېتىدىغاندەك قىلىدۇ، ئۆ مۆرگە ئىشەنچ قىلغىلى بولمايدۇ. ئەگەر بىز يەنە يۈز كۆرۈشكەن بولساق، خەيرلىشىش قائىدىسى بىجاكەلتۈرۈلگەن بولسا ياخشى بولاتتى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، بۇ مۇقەددىمىلەرنى يېزىشىمىزدا شۇنداق ئەندىشىمىزمۇ باركى، مۇبادا مۇبارەك خاتىرىلىرىگە غۇبار چۈشۈپ، بۇ سۆزلەر دىكى غەرەزلەرنى بىلىمەن، دېگەن ئويغا كېلىپ قالامدۇ؟ دۆلەت

www.kitaphumar.com
www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

پاناھ ئـالـلىرى بـۇ خۇسۇسـتا بـىرەر شـۇبھە يادلىرىغـا كىلـىپ قالسـا، بىتەكەللـۇپ سـۆزلەۋەرگەيلا، بىزنىڭمـۇ بـۇ توغرىسـىدا بـىرەر ئـىش يادىمىزغـا كەلسـە ئـۆزلىرىگە مەلـۇم قىلىشىمىزلازىم، دەپ بىلىمىز.

توغرا پىكىر قىلىش مەڭگۈ ئۆز ئىختىيارلىرىدا ۋە ئىككى دۇنيانىڭ ياخشىلىقى ئۈچۈن قانداقلىكى بىر نىمە لازىم بولسا تەقدىم قىلىپ تۇرۇلىدۇ. ئىككى دۇنيانىڭ سائادىتى يار بولسۇن. ۋەسسالام».

ئەمىر ئەلىشىر مەكتۇپنى كۆرگەنـدىن كىيىن، سەپەرداش ھەمراھلىرى ۋە مەشھەد شەھرىنىڭ ئۇلۇغلىرى بىلەن مەسلىھەتلەشتى. ئۇلار سەلتەنەتنىڭ ئاسايىشلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭ ھەجىگە بىرىش ئىشىنى كىچىكتۈرۈش توغرىسىدا مەسلىھەت بىرىشتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە دەل شۇچاغدا مەۋلانە ئابدۇلھەي شاھزادە ئابۇلمۇھسىن مىرزىنىڭ ئاتىسى بىلەن سۆلھى تۈزۈش ئۈچۈن ئەمىر ئەلىشىرنىڭ ئوتتۇرىدا ۋەكىل بولۇشىنى شەرت قىلغانلىقى ئېيتتى. پادىشاھ بۇ گەپنى قەغەزگە يىزىپ ئەۋەتىشكە ئىشەنمەي مەۋلانىگە ئېيتىپ ئەۋەتكەنىدى. شۇنىڭ بىلەن ئەمىر ئەلىشىر مەرۋىگە قاراپ يولغا چىقتى، ئۇنىڭ كارۋىنى مەشھەد بىلەن مەرۋى ئارلىقىدىكى سەرخس كەنتىگە يىتىپ كەلگەندە، ئۇنى ئىنىسى دەرۋىش ئەلى ئالدىغا چىقىپ كۈتىۋالدى. ئەتىسى سۇلتان ھۈسەيىننىڭ بۇ يەرگە كىلىۋاتقانلىقى مەلۇم بولدى، . پادىشاھ بىلەن شائىر بوزارغان تۆپەدىكەن جايغا تىكىلگەن شاھانە چىدىردا ئولتۇرۇپ ئۇزاق سۆھبەتلەشتى. پادىشاھ ئۆز مەكتۇبىدا دىيىلگەن گەپلەرنى تەكرالىدى. ئەمىر ئەلىشىر ئۇنىڭ گەپلىرىنى بىشىنى تۆۋەن سىلىپ ئۈندىمەي ئاڭلىدى ۋە پادىشاھنىڭ سۆزلىرى ئاخىرلاشقاندىن كىيىن:

- ئەلا ھەزرەت، سىلى بۇرۇن ماڭا، «ئەگەر پادىشاھلىقنىڭ ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىشتىن قولۇمنى يىغالىسام شەيخ نەجمىدىن كۇبرا مازىرى ياكى خوجا ئابدۇللا ئەنسارىينىڭ مەقبەرىسىنىڭ جاتۇپكىشى بولىمەن»دىگەن ئىدىلە.

- شۇنداق ئەلىشىربەگ. -دىدى سۇلتان ھۈسەيىن مىرزا مەيۈسلەنگەن ھالدا. شۇ تاپتا ئۇ ئۆزىنىڭ يىگىرمە يىلنىڭ ئالدىدىكى گەپلىرىنىڭ دوستىنىڭ بۆگۈنگىچە ئۇنتۇپ قالمىغا نلىقىغا، ئۇنىڭ ئەستەتۇتۇش قۇۋۋىتىنىڭ نەقەدەر كۈچلۈك ئىكەنلىكىگە كۆڭلىدە تەكرار- تەكرار ئاپىرىن ئوقۇماقتا ئىدى. پادىشاھ بىردىنلا سەگەكلەشتى ۋە ئەمىر ئەلىشىرنىڭ مۇددىئا سىنى بىلىپ بىقىش ئۈچۈن ئۇنىڭ گىپىنىڭ داۋامىنى كۈتتى.

- ئەمدى بۇنىڭدىن كىيىن ئۇ سۆزلەرنىڭ سىلىگە مۇيەسسەر بولۇشى تەس. ئەمما شۇنداق نىيەتكە يىتىشنى ئارزۇ قىلغان مەھرىمىڭىزنىڭ ھىجاز سەپىرىگە چىقىشىغىمۇ رۇخسەت بەرمەيسىز. مەن سىزدىن نەچچە مەرتە رۇخسەت تىلىدىم، ھەتتا ئاخىرقى قېتىم

www.kitaphumar.com

سـىزدىن يەنە رۇخسـەت سوراشـقا جـۈرئەت قىلغىنىمـدا، سـىزنىڭ كـۆڭلىڭىزدە مـاقۇل بولمىغانلىقىڭىزنى سەز گەن ئىدىم. شۇڭا بۇ قېتىم گەرچە ئۆز ئىختىيارىم بىـلەن سەپەرگە ئاتلانغان بولساممۇ، لېكىن يەنە سىزنىڭ قېشىڭىزغا ئـادەم ئەۋەتتىم، ئەمما سىز مەكتۇپ يېزىپ مېنى يولۇمدىن قايتۇر دىڭىز.

پادىشاھنىڭ سەل ئوڭايسىزلىنىۋاتقانلىقىنى سەزگەن ئەمىر ئەلىشىر «يەنە ماۋۇنىمۇ ئاڭلاڭ »دېگەندەك قولىنى كۆكسىگە ئالدى:

- بۇ گەپلەرنى ئېيتىشتىكى مەقسىدىم ھەرگىزمۇ ئەلا ھەزرەتكە تەنە قىلىش ئەمەس. مەن ھەقىقەتەنمۇ سىزنىڭ مەكتۇبىڭىزدىكى مەقسەتلەرنى مېنىڭ سەپىرىمنى مەنئىي قىلىش دەپ ئويلۇمىدۇم. مېنىڭ مەقسىدىممۇ ئۆزلىرىدىن يەنە بىر قېتىم رۇخسەت تىلەش ئىدى. ئەگەر رۇخسەت بەرسىلە، ئۆزەمنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى قالغان ھاياتىمنى خوجا ئابدۇللا ئەنسار بىنىڭ مازار ئاستانىسىنى سۈپۈرۈشكە سەرپ قىلسام. مېنى سەلتەنەت ئىشلىرىدىن خالىي قىلسىڭىز، مەنمۇ بۇنداق مەسئۇلىيەتتىن ئازاد بولسام. ئاھ...نەچارە، قېرىلىقمۇ خۇدانىڭ ئىنايىتى ئىكەن، مانا ئەمدى سۆڭەكلىرىم بوشىدى، كۆزلىرىم نۇرسىز، كۆڭلۈم پاراغەت ئىستەيدۇ...

- قېرىدىم، دېمەڭ ئەلشىربەگ، -دېدى سۇلتان ھۈسەيىن.-مەندىن ئۈچ ياش كىچىكسىز. مەن قېرىدىم دىسەم بولار، ئەمما قاراڭ قولۇمدا قىلىچ، دۈشمەنلىرىم بىلەن چېپىشىپ يۈرىيمەن. سىز بولسىڭىز...

- قېرىدىم ئەلا ھەزرەت، -دېدى ئەمىر ئەلشىر، -بۇرۇنقىدەك مادارىم قالمىدى، مۇشۇ ھىجاز سەپىرىنىڭمۇ ئەڭ ئاخىرقى سەپەر بولۇپ قېلىشىنى ئۈمىد قىلغانىدىم.

- سىز مۇبادا خۇراساندا قالسىڭىز، سىزنىڭ ھەرقانداق ئىلتىماسىڭىزنى بىجىرىش مەن ئۈچۈن پەرھىز، -دېدى پادىشاھ.-چۈنكى سىز ھازىر بۇ مۈلۈكنى تاشلاپ كەتمەكچى بولىۋاتىسىز، ئۇنداق قىلماڭ، مېنى يالغۇز قويماڭ، مېنى يالغۇز تاشلاپ كەتمەڭ. ياشلىقىڭىزدا، كۈچ غەيرىتىڭىز ئۇرغۇپ تۇرىدىغان چاغلاردا يېنىمدا بولدىڭىز، ئەمدى قېرىغاندا بىر-بىرىمىزنى تاشلىۋەتسەك قانداق بولىدۇ؟

سۇلتان ھۈسەيىن بايقارا سۆھبەتتىن كېيىن، پېشقەدەم شائىرغا ياقىسى قارا قۇندۇز تېرىسىدىن تىكىلگەن ئالتۇن تۈگمىلىك زەرباب جۇۋا ۋە يەنە بىرنەچچە قۇر قىممەت باھالىق تونلارنى كىيگۈزدى. شۇنىڭ بىلەن ئەمىر ئەلشىر بىر نەچچە كۈنگىچە ئاتا بىلەن بالا ئوتتۇر ىسىدىكى ياراشتۇرۇش ئىشلىرىنى تۈگىتىپ، پادىشاھنىڭ ئىجازىتى بىلەن دارۇلسەلتەنەتكە قايتتى.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.kitaphumar.com

ئۇ شەيبان ئىبىننىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ھىراتقا يېتىپ كەلدى. ۋەزىرى ئەزەم-مەلىكۇل شۇئەرالىرىنىڭ قايتىپ كېلىۋاتقانلىقىدىن خەۋەر تاپقان پايتەختتە ئەھلىنىڭ خوشاللىقى ھېسابسىز ئىدى، تۆمەنلىگەن كىشىلەر شەھەر دەرۋازىسىدىن تا ئۇنسىيەگىچە بولغا يولنىڭ ئىككى ياقىسىدا تۇرۇپ ئۇنى قارشى ئالغىلى چىققانىدى.

ئەمىر ئەلىشىر ھىراتقا قايتىپ كېلىپ بىر ھەپتىدىن كېيىن، ئۇ خوجا ئەنسارىي مازىرى ئالدىدىكى مەيداندا شەھەر ئۇلۇغلىرىنىڭ ھەممىسى قاتناشقان چوڭ بىر يىغىن ئاچتى. يىغىندا ئۇ ھىراتنىڭ بارچە ئۇلۇغلىرىدىن، ئۆزىنىڭ بۇ قۇتلۇق دەرگاھنىڭ جارۇپكېشى بولۇش شتىن ئىبارەت مۆتىۋەر ۋەزىپىنى ئۈستىگە ئېلىشقا رۇخسەت قىلىپ، پاتىھە بېرىشنى ئۆتۈنىدى.«مەن بۇنىڭدىن كېيىن دەرۋىشلىك يولىدا ياشاشنى ئىختىيار قىلدىم»، -دېدى ئۇ. شۇ كۈندىكى مەجلىس شۇنداق ئۇلۇغ بىر مەجلىس بولدىكى، ھەتتا سەلتەنەت بېشىدىكى ئۇلۇغ ۋەزىرلەردىن بىرى بولغان مۇبارىزىددىن مۇھەممەد ۋەلى بەگكە ئوخشاش كاتتا ئەمىرلەرمۇ مازاردىكى مەجلىسكە يىغىلغان ئۆلۈمالارنىڭ خىزمىتىنى قىلىپ پايپېتەك بولۇشۇپ كېتىشتى. مېھمانلار ئۈچ كۈن يەتمىش قوي، يىگىرمە بەش ئات سويۇلدى. ئۆلىمالارنىڭ ئالدىغا دۆۋە-دۆۋە قەنت-گېزەك ۋە تۈرلۈك نازۇ-نېمەتلەر مول كەلتۈرۈلدى. مەجلىس ئاخىرىدا ناشا يىغلار ئەمىر ئەلىشىرگە پاتىھە بەردى.

ئاشۇ مەجلىستىن ئۇزاق ئۆتمەي، ئەمىر ئەلىشىرنى دارۇلسەلتەنەتكە ئەۋەتىۋېتىپ، ئۆزى شىر ئوۋلاش ھەۋىسى بىلەن مازەندەران تەرەپكە كەتكەن پادىشاھتىن پەرمان كەلدى. پەرمان سەلتەنەت پايتەختىدە ھۆكۈم يۈرگۈزۈۋاتقان ئەمىر ۋەلى بەگنىڭ نامىغا يېزىلغان بولۇپ، ئۇنىڭدىن پات ئارىدا ھىرات ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى ئاھالىدىن زۆرۈر خىراجەت ئۈچۈن يۈزمىڭ دىنار ئۆندۈرۈش تەلەپ قىلىنغانىدى. ئەمىر ۋەلى بەگ پادىشاھ تەلەپ قىلغان بۇ مەبلەغنىڭ يېرىمىنى شەھەر ئەتراپىدىكى دېھقانلاردىن يىغىپ، قالغان يېرىمىنى پايتەختتە ئاھالىسىنىڭ گەدىنىگە ئارتىشنى كۆڭلىگە پۈككەنىدى.

ئەمما ۋەلى بەگ ئەمىر ئەلىشىرنىڭ مەسلىھەتىسىز ھېچقانداق ئىشنى قىلمايتتى. شۇڭا ئۇ بۇ پىلاننى شائىرغا دېدى.«بۇنداق ۋاقىتتا خەلقنىڭ ئۈستىگە ئورۇنسىز سېلىق سېلىشنى ئالىي دەرىجىلىك ساھىبقىرانىنىڭ دۆلىتىگە مۇناسىپ كۆرمەيمەن».-دېدى ئەمىر ئەلىشىر ۋە شۇ كۈنىلا پادىشاھ خەلقتىن يىغىشنى تەلەپ قىلغان بۇ مەبلەغنىڭ ھەممىسىنى ئۆزىنىڭ دارامىتىدىن چىقاردى. ئۇنىڭ بۇ ساخاۋىتىدىن خەۋەر تاپقان شەھەر خەلقى ئارىسىدىكى ئۇلۇغ كىشىلەرنى ۋەكىل قىلىپ ئۇنىڭغا مىننەتدارلىق بىلدۈرۈشكە ئەۋەتتى. شائىر ئۇلارنىڭ مىننە دارلىقنى قوبۇل قىلىپ.« ھەج سەپىرىنى نىيەت قىلىپ چىققان

www.kitaphumar.com

يولۇمدىن قايتۇرۇلدۇم، ئەمما بۇ يولدىن قايتۇرۇلغىنىم بىلەن ئىلىمگە خىزمەت قىلىش يولىدا دۇرمەن».ـدېدى ۋە سۆزىنى بېيىت بىلەن ئاخىرلاشتۇردى:

خوش ئۆلكىم، ئاڭا لۇتىف بىرله خۇدا،
ئۇلۇسىنىڭ قۇبۇلىنى قىلدى ئاتا...

ئەمىر ئەلىشىر ئەنسارىي مازىرىنىڭ شەرق تەرىپىگە بىر خانىقا سېلىش ئىشىنى باشلىدى، ئۇ قۇرۇلۇش ئورنىنى ئايلىنىپ گاھىدا تۆت ئەتراپىنىڭ پات ئارىدا تېخىمۇ گۈزەللىشىپ كېتىدىغانلىقىنى كۆزئالدىغا كەلتۈرۈپ ئۆز-ئۆزىدىن مەمنۇن بولسا، گاھى ھوجرىسىدا يالغۇز ئولتۇرۇپ خوجىنىڭ جەلىمگە مەنسۇپ«ئىلاھىي نامە»ناملىق رىسالىنى ئوقۇۋېتتى ياكى «ۋە قېيىه »نى ئاربلاش بىلەن بەند بولاتتى. ئەمما سەلتەنەتتىكى ناتېنچلىق ئۇلۇغ ۋە ساۋاپلىق ئىشلارغا ئۆزىنى بېغىشلىغان بۇ جارۇپكەشكە ئارام بەرمەيتتى. پادىشاھ كۆپىنچە ۋاقىتلاردا پايتە خىتتە بولالمايتتى، ئۇ ئارقا-ئارقىدىن كۆتۈرۈلۈۋاتقان ئىسيانلارنى بېسىقتۇرۇش بىلەن ئاۋارە ئىدى. ئۇ قورقۇپ قالغان، شۇ قورقۇنۇش تۈپەيلىدىن ھەتتا ئەڭ يېقىن كىشىلىرىگىمۇ شۈبھە بىلەن قارايدىغان بولۇپ قالغانىدى. كۆتمىگەندە ئۇ ئەمىر ئەلىشىرنىڭ ئىنىسى دەرۋىش ئەلىنى بەلخنىڭ ھاكىملىقىدىن ئېلىپ تاشلىدى. ئارقىدىنلا، ئاستىراباتتىن ۋەقەسىدىن كېيىن دەرۋىشلىك تونىنى كىيىپ پىنھان ياشاۋاتقان تاغىسى مىرزە ھەيدەرنى«پادىشاھقا خىيانەت قىلدى» دەپ ئەيىپلەپ ئۆلۈمگە بۇيرىدى. يەنە قۇندۇز ھۆكۈمدارى خۇسرەۋ شاھنى ئاستىراباتقا ھۇجۇم قىلىشقا چاقىرىلغاندا سۇسلۇق قىلدى دېگەن گۇمان بىلەن ئۆلتۈرىۋەتتى. بۇ ئىشلار دىن خەۋەر تاپقان ئەمىر ئەلىشىر ئىچ-ئىچىدىن ئۆرتەندى، مۇلازىملىرىنى ئەۋەتىپ ھەيدەر مىرزىنىڭ جەسىدىنى ئەكەلدۈرۈپ ماھى بولىقىنىڭ يېنىغا دەپنە قىلدۇردى.

بۇ پاجىئەلىك ۋەقەلەر ئەمىر ئەلىشىرنىڭ كۆڭلىدە تېخى تىنىپ ئۈلگۈرمىگەن ھەجگە بېرىش، پەيغەمبەرنىڭ قەبرىسىنى تاۋاپ قىلىش ئارزۇسىنى قايتىدىن ئويغاتتى. ئۇ يەنە سۇلتان ھۈسەيىن بايقاراغا مۇراجەت قىلىپ، ئىجازەت تىلىدى. پادىشاھ ئۇنى بۇنداق مۇراجەت قىلىشقا ئۈندىگەن سەۋەپلەرنى بىلىپ تۇرسىمۇ، ئەمما بەزىدە بىلمىگەنگە سېلىپ، بەزىدە ئۇنىڭغا رۇخسەت بەرگەندەك قىلىپ، گاھىدا ئەنسارىيەگە كېلىپ ئۇنىڭ سەپەرگە چىقىشقا ئالدىرىماسلىقىنى ئىلتىماس قىلاتتى. بۇنداق ئەھۋال بىر نەچچە قېتىم تەكرارلانغاندىن كېيىن، پادىشاھ ئەمىر ئەلىشىرنىڭ بۇ قېتىمقى قارارى ئۇنىڭ كۆڭلىنىڭ ئازار يېگەنلىكىدىن بولماستىن بەلكى، ئۇنىڭ قەتئىي نىيەتكە كەلگەنلىكىدىن

www.uyghurkitap.com

ئىكەنلىگىنى بىلىپ، ئۇنىڭغا ئىجازەت بەردى ۋە پات ئارىدا يول پەرمانى يېزىپ بېرىدىغانلىقىنى ئېيتتى.بىر نەچچە كۈندىن كېيىن ئەمىر ئەلىشىر ئۆزىنىڭ يولغا چىقىشى ئۈچۈن يول پەرمانى يېزىلغانلىقىنى ئاڭلىدى. ئەمما پادىشاھ «بىر ئاز سەۋرى قىلىڭ، زامان ناتىنچ، يوللار خەتەرلىك»دېگەندەك باھانىلەر نى كۆرسىتىپ يول پەرمانىنى بېرىشنى كېچىكتۈرۈپ كېلىۋاتاتتى.

ئەملىيەتتىمۇ، ھەقىقەتەن زامان ناتىنچ ئىدى. دەريانىڭ ئۇ تەرىپىدە ماۋەرائۇننەھىردە كۆچمەن ئۆزبېكلەر خانى شايبانىخان ئارقا-ئارقىدىن غەلىبە قازىنىپ، بارغانچە كۈچىيىپ كېلىۋاتاتتى. بۇنداق رەقىبلەرنىڭ ئالدىدا تۆمۈريي ھۆكۈمدارلىرى مۇستەھكەم بىرلىششنىڭ ئورنىغا بىر-بىرىنىڭ گۆشىنى يېيىش بىلەن ئاۋارە ئىدى. شۇڭا شاھزادە ئابۇلمۇھسىن مىرزا ئۆزبېكلەر بىلەن بولغان چاركۆلدىكى جەڭدە يېڭىلىپ قالغاندىن بېرى سۇلتان ھۈسەيىن مىرزىنىڭ كۆڭلىمۇ ئالاقزادە ئىدى.

ئەمىر ئەلىشىر شۇ كۈنلەردە ساھىبقىران ئەمىر تۆمۈرنىڭ پايتەختى بولغان سەمەرقەندنى قولغا كىرگۈزۈش ئۈچۈن شايبانىخان بىلەن ئۇرۇش قىلىۋاتقان سۇلتان ئەبۇ سەئىد مىرزىنىڭ ئەۋرىسى بابۇر مىرزا ھەققىدە نۇرغۇن گەپ-سۆزلەرنى ئاڭلىدى. سەمەرقەندتە تۇرغان چاغلىرىدا ئۆزىگە ناھايىتى كۆپ ياخشىلىق قىلغان ئەھمەد ھاجىبەگدەك دىيانەتلىك بىر كىشىنىڭ شۇ مىرزا تەرەپتە تۇرۇپ، بۇنىڭدىن بىرنەچچە مۇددەت بۇرۇن بولغان بىر قېتىملىق جەڭدە شېھىت بولۇپ كەتكەانلىگىنى بىلىپ قاتتىق ئۆكۈندى، ياش بابۇر مىرزىغا خۇدادىن كۆپلەپ ئىنايەتلەر تىلىدى. جۈملىدىن، بۇ ياش مىرزا يازغان تۈركىيانە بېيىتلار ئېغىز دىن-ئېغىزغا كۆچۈپ، ئۇنىڭ قولىقىغا يەتكەندىن كېيىن، ئۇنىڭغا بولغان ئىخلاسى تېخىمۇ ئاشتى. غەزەل پىرى بولغان ئەمىر ئەلىشىر بۇ بېيىتلاردىكى ياڭراق ئىدا، مەغرۇرانە مەرتلىكنى سېزىپ ئۇنىڭغا ئاپىرىن ئوقۇدى. ئۇنىڭغا بولغان مېھرى تېخىمۇ ئۇرغۇپ، يېرىم كېچىگە ئولتۇرۇپ مىرزىغا مەكتۇپ يازدى ۋە ئۆزىنىڭ سادىق مەھرىمى ئارقىلىق بۇ مەكتۇپنى سەمەرقەندكە ئەۋەتتى. ئۇ بۇ مەكتۇپنىڭ ئۆزئىگىسىنىڭ قولىغا تەگدىمۇ-تەگمىدىمۇ بىلەلمىدى، ئەمما ئۇ ھەر قېتىم ئۇ ياش مىرزىنى خىيالىغا كەلتۈرگىنىدە يۈرىكىدە ئىللىق بىر سېزىم پەيدا بولاتتى.

نىھايەت، شۇ يىلىقى باھارنىڭ ئاخىرلىرىدا قىشتا يېزىلغان يول پەرمانى ئۇنىڭ قولىغا تەگدى، پەرماننىڭ قىسقىچە مەزمۇنى مانا مۇنداق ئىدى:

«ئەمىر ئەلىشىر سۇلتان ھۈسەيىن خانىدانىنىڭ ئەڭ يېقىن ھەم سادىق دوستى، دائىمى سۆھبەتدىشىدۇر. شۇ كۈنلەردە ئۇ كىشى ھەجگە بېرىش ئارزۇسىنى بىلدۈرۈپ، پادىشاھتىن ئىجازەتلەرۇ رۇخسەت سورىغان. گەرچە ئەمىر بىر نەچچە قېتىم بۇ نىيىتىنى

www.kitaphumar.com

بىلدۈرۈپ ئىلتىماس قىلغان بولسىمۇ، ھەر قېتىم پۇخرالارنىڭ مەنپەتىگە باغلىق بولغان سەۋەپلەر كۆرسىتىلىپ، ئىلتىماس ئەمەلگە ئاشماي توختىتىپ قويۇلغانىدى. بۇ قېتىم ئەمىرنىڭ يۈزخاتىرىسىنى كۆزدە تۇتۇپ ئىجازەت بېرىلىپ، شۇنداق ھۆكۈم جارىي قىلىنغانكى، ئۇ كىشى ھەجگە بېرىش يولىدا قايسى جايغا يېتىپ بارسا، ھەرقانداق يەردىكى چوڭ-كىچىك ھەممىسى ئۇنى زور ئېھتىرام بىلەن كۈتىۋېلىپ، يولغا سېلىپ قويسۇن. خەتەرلىك مەنزىللەردە ئۇنىڭغا ۋە ئۇنىڭ ھەمرالىرىغا يول كۆرسىتىپ، بىكەتتىن-بىكەتكە تىنچ ۋە ساق-سالامەت يەتكۈزۈپ قويۇلسۇن. ھەممە ئەمىرلەر، داروغەرلەر، ئەئىيان ۋە ئەشرەپ، بارچە شاھزادىلەر ۋە ئومۇمىي ئاھالە بۇ ھۆكۈمنى ئىجرا قىلىشتىن باش تارتمىسۇن.

ئۇشبۇ پەرمان پادىشاھنىڭ ئەمرى بىلەن 90-يىلى زۇلقەددە ئېيىنىڭ 5-كۈنىدە يېزىلدى»

پەرمان قولغا تېگىش بىلەنلا باشلىنىپ كەتكەن تەييارلىق ئىشلىرى ئۇزاق ئۆتمەيلا يەنە توختاپ قالدى. چۈنكى ياز باشلانغانلىقتىن ھاۋا بارغانسېرى قىزىپ، ھارارەت كۈچىيىپ، بىپايان سەھرا-چۆللەردىن ئۆتىدىغان يولنىڭ جاپاسى ناھايىتى مۈشكۈللىشىپ كېتىدىغانلىقى ھەممىگە ئايان ئىدى. شۇنىڭ بىلەن سەپەر كۈزگىچە كېچىكتۈرۈلدى.

تەقدىرنىڭ تەقەززاسى بىلەن ۋەقەلەر يەنە قايتا تەكرارلىنىشقا باشلىدى. ئەنە شۇ مۇھەررەم ئېيىنىڭ بېشىدىكى ياز كۈنلىرىدە(100-يىلى ئىيۇلدا) پادىشاھنىڭ كىچىك ئوغلى مۇ ھەممەد ھۈسەيىن مىرزا ئاتىسىغا قارشى ئىسيان كۆتۈرۈپ چىقتى. خېلىلا قېرىلىق يەتكەن پادىشاھ يەنە دارۇلسەلتەنەتنى تاشلاپ چىقىپ، ئاستراباتتىكى شاھزادە ئۈستىگە يۈرۈش قىلدى.

بۇنىڭدىن سەل بۇرۇنراق سۇلتان ھۈسەيىن بايقارا ئەمىر ئەلىشىرنى ھوزۇرىغا چاقىرتتۇردى. شائىر قۇبۇلخانىغا كىرىپ كەلگەنىدە پادىشاھ ئەمىر ۋەلىبەگ بىلەن پاراڭلىشىپ ئولتۇراتتى.

- ئاستراباتتا يەنە ئىسيان، -دېدى پادىشاھ، -يەنە پەرزەنت ئىسيانى...

- ئاستراباتمۇ، پەرزەنتىڭىزمۇ كۆزۈڭىزدىن يىراق، شۇڭا ئۇلار قورقۇشنى ئۇنۇتقان، -دېدى ئەمىر ۋەلىبەگ.

- ياق جانابى ۋەلىبەگ، ئۇلار ئاتا-باللىق مېھرىنى، ئاقىۋەتنى ئۇنۇتتى.-دېدى پادىشاھ

www.kitaphumar.com

ئـۆچەيلەن ئـۇزاق كېچەشـتى. پادىشـاھ ئەمىـر ئەلىشـىرنىڭ ھەج قىلىـپ كېلىشـىگە رۇخسەت قىلىپ يول پەرمانى بېرىپ بولغانلىقىنى ئۇنتۇپ قالغانىدەك، سۆھبەتنىڭ ئاخىرىدا دارۇلسەلتەنەتنىڭ ئىختىيارىنى دوستى بىلەن ئەمىر ۋەلىبەگە ئامانەت قالدۇرغانلىقىنى ئۇقتـۇردى. ئەمىـر ئەلىشـىر بۇنىڭغا جـاۋابەن ھېچنېمە دېمىـدى. پادىشـاھ مەكتەپـداش دوستىنىڭ كۆزلىرىگە ئىلاجىبار قارىماسلىققا تىرىشىپ قىسقىلا خوشلاشتى.

دەسلەپكى كۈنلەردە ئەمىر ئەلىشىر تەدبىر كار ئەمىر ۋەلىبەگ بىلەن بىللە ئورۇنـدىكى كېچە شلەرگە قاتناشتى، ئەمما بىـر ھەپتىـدىن كېيىن قـولى زادى ئىشقا بارمىـدى. گەرچە پادىشاھنىڭ تاپشۇرۇقى ئۇنىڭ يادىدا بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىـڭ بۇنىڭـدىن ئـارتۇق تـاقەت قىلغۇچىلىكى قالمىغانىـدى. ئـۇ ھىجـاز سـەپىرىنىڭ تەييـارلىقىنى تېزلەشـتۈردى. شـۇنىڭ بىلەن پادىشاھنىڭ ھـراتتىن چىقىـپ كەتكىـنىگە ئىككى ھەپتە بـوْلا-بولمـايلا، مۇھەررەم ئېيىنىـڭ ئـاخىرقى كۈنلىرىـدە ئۇمـۇ يولغـا چىقتـى. بىـراق تەشۋىشـلىك بىـر خەۋەر شـەھەر دەرۋازىسـىدىن ئەمـدىلا چىققـان كارۋاننىـڭ ئالـدىنى توسـىدى. ئاتىسـىنىڭ ئاسـتىرابات تەرەپكە كەتكەنلىكىنى سـەلتەنەت تەختىنـى ئىگەللىۋېلىشـنىڭ تـازا ئوبـدان پۇرسـتى دەپ بىلگەن شاھزادە بەدىئوززامان مىرزا ھىرا تقا قاراپ قوشۇن باشلاپ كېلىۋاتقانمىش. لەك-لەك نەۋكەرلەرنىـڭ خۇراسـان ئەھلىنىـڭ بېشـىغا تەھـدىت سـېلىۋاتقانلىقىدىن تەشۋىشـكە چۈشكەن پېشقەدەم شائىر يەنە ئارقىسىغا قايتتى. مۇبادا پايتەخـت بەدىئوززامان مىرزىنىـڭ قولىغـا ئۆتـۈپ قالـدىغان بولسـا، خەلقنىـڭ كۈنىنىـڭ قانـداق بولـۇپ كېتىـدىغانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايتتى. شـۇڭا شـەھەردىن چارشـەنبە كـۈنى چىقىـپ كەتـكەن شـائىر پەيشەنبە كۈنى يەنە شەھەرگە قايتىپ كىردى.

ئەتىسى جۈمە نامىزىـدىن كېيىن، مەسچىدجامەدە ماشايىخ ۋە ئۆلىمالاردىن شـەيخ جەلىلىـددىن ئەبۇسەئىدنۇراني، شەيخۇلئىسلام سـەيفىددىن ئەخـمەد تەپتـازانىي، شـەيخ سوپى ئالىي، مەۋلانە مۇئەئىددىن فەراخىي، مەۋلانە كامالىددىن كاسفىي، خوجا ئىمامىـددىن ئابدۇلئەزىز ئـابىغەرىي، سـەئىد ۋە نەقىـدلەردىن ئەمىـر قىۋامىـددىن ھۆسـەيىن مازەنـدەراني، ئەمىر جالالىددىن ئاتائۇللاھ ئەسلىي، ئەمىر نىزامىددىن ئابـدۇقادىر ۋە ھـرات شـەھرىنىڭ بىـر مۆتىۋىلىغـان ئەئىيـانلىرى، ئەشـرەپۇ-رەئىسـلىرى ئەمىـر ئەلىشـىرنى ئارىغا ئېلىۋالـدى. بۇچاغـدا ھىراتنـى مـۇداپىئە قىلىـش ۋەزىپىسـى تاپشـۇرۇلغان ئەمىـر ۋەلىبەگمـۇ شـۇلارنىڭ ئارىسىدا بار ئىدى.

- سىـزنىڭ پەزىـل-بەرىكىتىڭىـز خۇراسـان مۆلكىنىـڭ دەخلىسـىزلىكىنىڭ سـەۋەبى، پۇخرالار خاتىرجەملىكىنىڭ ئاساسىدۇر، -دەپ يىراقتىن گەپ باشلىدى شەيخۇلئىسلام.-بىز ھەممىمىـز سـىزنىڭ مۇبـارەك ھەج سـەپىرىڭىزگە پـاتىھە بەرگەنىـدۇق. ئـاللاھ مـۆمىنلەرگە

www.kitaphumar.com

ھەجنى پەرھىز قىلغان. كىمكى بۇنى ئىنكار قىلسا گۇناھى ئۆزىگىدۇر، بەس.«ئاللاھۇ تائالا بارچە ئالەمدىن بىھاجەت»دېيىلگەن، بىز بۇنىڭغا ئىمان كەلتۈرىمىز. سىزنى يولدىن قالدۇرۇش گۇناھ. ئەمما سىزنىڭ ئازراق سەۋر قىلىشىڭىزنى ئۆزىر بىلەن تىلەيمىز. رەسۇلىللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسسەللەم مۇبارەك ھەدىسلىرىنىڭ بىرىدە «ۋىجدانىنىڭ ئەمرىگە قۇلاق سال! ئىزگۈلۈك شۇنداق نەرسىكى، ئۇنىڭدىن قەلبىمۇ، ۋىجدانىمۇ ئارام ئالىدۇ. گۇناھ ئىش شۇكى، ئۇنىڭدىن قەلب تىنچلانمايدۇ، ۋىجدان ئازاپلىنىدۇ. كىشىلەر پەتىۋا بەرسىمۇ سەن ئۆز ۋىجدانىڭدىن پەتىۋاسورا!»دېيىلگەن. سەلتەنەت ۋە پۇخرالارنىڭ خاتىرجەملىك ھوقۇقى ئۈچۈن ۋىجدانىڭىز دىن مەككە ئارزۇسىنى بىر مەزگىل كېچىكتۈرۈشكە پەتىۋا تىلىشىڭىزنى ئىلتىجا قىلىمىز.

- ھەزرەت رىسالەت«ساڭا ئامانەت قىلىنغان نەرسىنى ئىگىسىگە تاپشۇر، ساڭا خىيانەت قىلغان كىشىگە سەن خىيانەت قىلما»دېگەن ئىكەن، -دېدى ئەتىگەندىن بېرى شەھەر مۇدا پىئەسى ئۈچۈن بولىۋاتقان تەييارلىق ئىشلىرىغا باش-قاش بولۇپ، ۋاقىراپ-جاقىراپ يۈرگە نلىكتىن ئاۋازى بوغۇلۇپ قالغان ئەمىر ۋەلىبەگ، -ساھىبقىران سىز تۇرسىڭىز، دارۇلسەلتەنەتنى ماڭا ئامانەت قويۇشتى. سەۋرقىلىڭ، پادىشاھ ھەزرەتلىرى قايتىپ كەلسۇن، ئامانەتنى ئامان-ئېسەن قولىغا تاپشۇرايلى، ئاندىن مۇبارەك يولغا راۋان بولارسىز.

- ھازىر ھىرات ساھىبقىراننىڭ ۋۇجۇدىدىن خالىيدۇر، -دېدى ئەمىر ۋەلىبەگنىڭ بايىقى گەپلىرىنىڭ ئەمىر ئەلىشىرگە سەل قاتتىق كەتكەنلىكىنى، شائىرنىڭمۇ ناھايىتى نازۇك تەبىئە تلىك كىشى ئىكەنلىكىنى بىلىدىغان مەۋلانە كامالىددىن كاسفي.

- ئەگەر پايتەخت سىزنىڭ پەيزىلىك نۇرىڭىزدىنمۇ مەھرۇم قالسا، شەھەردە پىتنە-پاسات، غەليان-غوغالار باشلىنىپ، سەلتەنەت تادارۇكى ئىمكانسىز قېلىشى مۇمكىن...

- ئۆزىڭىزمۇ پەملىگەنسىز، سەمەرقەند تەختى ئۆزبېك پادىشاھى شايبانىخاننىڭ قولىغا ئۆتتۈپتىمىش. ئەمدى ئۇنىڭ ئامۇ دەرياسىدىن نىيتى بار دېيىشىدۇ. سىز نىيەت قىلغان مۇبارەك سەپەردە بېسىپ ئۆتىدىغان يوللارمۇ ناھايىتى خەۋپلىك ئىمىش. ئىراقۇ-شامدىمۇ، رۇمدىمۇ پەرىشانلىق. ئاللاھنىڭ شەرئىتى يۈزىسىدىن بۇنداق ۋاقىتلاردا ھەج ۋاجىپ ئەمەس، -شەيخۇلئىسلام «دېگەنلىرىم توغرىمۇ؟»دېگەندەك شەيخ نۇرانىيغا قارىدى. شەيخ نۇرانىي«شۇنداق»دېگەندەك بېشىنى لىڭشىتىپ قويغاندىن كېيىن، ئۇ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى.-بىز پېقىرلارنىڭ ئىلتىجاسىغا قۇلاق سېلىڭ، بۇ يىل سەپەر قىلىش نىيىتىڭىزدىن يېنىڭ.

www.kitaphumar.com

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

- تېنچلىقى بۇزۇلغان پۇخراغا باش بولۇڭ، -دېدى ئەمىر قىۋامىددىن مازەندەرانىي، - بۇ خەيرلىك ئىشنىڭ ساۋابىنى يەتمىش قېتىم ھەجگە بارغاندىن ئارتۇق كۆرۈڭ. ئاللاھ، ئۆزلىرى ئېيتقاندەك:

كىمكى بىر كۆڭلى بۇزۇقنىڭ خاتىرىن شاد ئەيلىگەي،
ئانچە باركىم، كەبە ۋەيران بولسا، ئاۋات ئەيلىگەي...

ئەمىر ئەلىشىر ئەتراپىدىكىلەرنىڭ سۆزلىرىنى جىممىدە تۇرۇپ ئاڭلاۋاتاتتى، ئارىنى ئېغىر سۈكۈت باستى، ئۇ بېشىنى ئاستا كۆتۈرۈپ مەيۈس ئاۋازدا سۆزلىدى.

- ھەممىلىرىگە مەلۇمكى، ئۇزاقتىن بېرى مەككىگە بېرىش ئارزۇسىدىمەن. بۇ نىيەت ھەزرىتى مەخدۇمى نۇرانىي كەبىنى تاۋاپ قىلىپ قايتىپ كەلگەندىن باشلاپ كۆڭلۈمگە تېنچلىق بەرمىدى...

شۇلارنى دەۋاتقاندا ئۇنىڭ كۆزئالدىدا بۇنىڭدىن بىرنەچچە يىللار ئاۋۋالقى ئۇستازى سەپەردىن قايتىپ كەلگەن ئاشۇ دەملەر قايتىدىن جانلانغاندەك بولدى. شۇ چاغدا ئەمىر ئەلىشىرنىڭ بېشىغا ئېغىر كۈنلەر چۈشكەن چاغ ئىدى. يەنى ئۇنىڭ ئەڭ يېقىن بۇرادىرى دەرۋىش ئەلى پادىشاھقا قارشى ئىسيان كۆتۈرۈپ، ھۆكۈمدار بىلەن ئۇنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى يېقىنلىق خۇداغا ئامانەت بولۇپ قالغان چاغ ئىدى. شۇچاغدا ئۇنىڭ بۇرادىرى دەرۋىش ئەلى بەلختە ھاكىم ئىدى. ئۇ ئەگەر ئېغىزى كۆيمىسە چوغنىمۇ چاينىماي يۇتىدىغان ۋەزىر مەجىدىددىننىڭ ئەمىر ئەلىشىرگە قىلغان بەدنىيەتلەرچە ھەددى-ھەرىكەتلىرىدىن نارازى بولۇپ، باش كۆتۈرۈپ چىققانىدى. ئەمما سۇلتان ھۈسەيىن بۇنىڭدىن ناھايىتى قاتتىق غەزەپلەندى، بۇ غەزەپنىڭ ئۇكىغا قارىغاندا كۆپرەك ئاكىغا قارىتىلغانلىقىنى سېزىپ تۇرۇشقان ئوردىدىكى بەزى كىشىلەر، يەنى بىرىنچى بولۇپ ۋەزىر مەجىدىددىننىڭ ئۆزى ئوت ئۈستىگە ياغ سەپكەندەك بۆھتانلارنى ياغدۇردى. ئۇلار ئوچۇقتىن-ئوچۇق؛«بۇ خىيانەتتە ئەمىر ئەلىشىرنىڭ قولى بارلىقى ئېنىق، چۈنكى دەرۋىش ئەلى ئاغىسىنىڭ مەسلىھەتىسىز بۇنداق يولغا كىرىشكە پېتىنالمايتتى»دېدى. سۇلتان ھۈسەيىن ئىسيانچى ھاكىمنىڭ ئۈستىگە قوشۇن تارتىپ مىڭشىنىڭ ئالدىدىراق خوجا غىياسىددىننى ئەۋەتىپ، ئۇنىڭدىن تۆۋە تەلەپ قىلدى. دەرۋىش ئەلى ئاغىسى ئەمىر ئەلىشىر سۆزىگە كىرىپ تۆۋە قىلىپ پادىشاھنىڭ ئالدىغا كەلدى. دەرۋىش ئەلىنى باشتا كەچۈرگەن پادىشاھ ئارىدىن ئالتە ئاي ۋاقىت ئۆتمەيلا ئۇنى بەلخ شەھرىگە قاماشنى بىرىپ-بېرىپ ئەمىر ئەلىشىرنىڭ ئۆزىگە بۇيرىدى. تەقىب ئاستىغا ئېلىنغان شائىر نەچچە قېتىم نىيەت نىقلىغان بىر ئىشنى، يەنى سەلتەنەت ئىشلىرىدىن ئىتەك يىغىشتۇرۇپ، دەرۋىشلىك يولىدا پىنھان ياشاش ئويىنى ئۇستازى سېزىپ قالدى ۋە سورىدى:

www.kitaphumar.com

- بىر گەپ ئىشتتىم، سەۋەبى نېمە ئىرۇر؟

- ئىنسان جىنسىنىڭ سۆھبىتىدىن بەزدىم ھەزرەت، سەۋەبى شۇلدۇر، -دېدى ئەمىر ئەلشىر.

جامى ئۇنىڭغا ئويچان كۆزلىرى بىلەن بىردەم قاراپ تۇردى-دە:

- سەن كىملەرنى ئىنسان دەپ ئويلىدىڭ، قېنى ئۇلارنى بىزگە كۆرسەتچۇ؟-دېدى.

شۇ چاغدا ئۇ ئۆزىنىڭ ئوردا ئىشلىرىدىن چەتلەشتۈرۈلگىنى ئۈچۈن ئۇستازىمدىن تەنبىھ ئىشتىمەن، دەپ ئويلىغان ئەمىر ئەلشىر بۇ گەپنى ئاڭلاپ خاتىرجەم بولغانىدى. مانا شۇنىڭغا سەككىز يىلدىن ئاشتى، بىراق ئەمدى ئۇستازى ئۇنىڭ يېنىدا يوق، دوستى يوق. مانا بۇ سەككىز يىلدىن بېرى ئۇنىڭ دىل رىغبىتىنى تىڭشايدىغان ئىنسان يوق...

ئۇنىڭ بەزىدە ئەنە شۇنداق سۆزلەۋېتىپ بىردەم-بىردەم چوڭقۇر خىياللارغا چۆمۈپ قالىدىغانلىقىغا كۆنۈپ قالغان كىشىلەر داۋاملىق سۆكۈتنى ساقلاپ تۇرۇۋېرىشتى. ئەمىر ئەلشىر نىڭ بۇ ئادىتىنى ھىراتتىكى ھەممە ئادەم بىلەتتى. شۇڭا ئۇنىڭ شاگىرتى خاندەمىرنىڭ «ئە مىر بۇنداق دەملەردە بىزنى زېمىندە قالدۇرۇپ، ئاسماندىكىلەر بىلەن سۆھبەتلىشىدۇ »دېگەن سۆزىمۇ كىشىلەر ئارىسىدا مەشھۇر ئىدى.

ئەمىر ئەلشىرنى زېمىنگە قايتىپ چۈشكەنلىكىنى سەزگەن كىشىلەر بىر-بىرىگە قارىشىپ قويدى. شائىر سۆزىنى كەلگەن جايىدىن داۋاملاشتۇردى:

- ھەئە، بۇ نىيەت ھەزرىتى مەخدۇمى نۇران مۇبارەك سەپەردىن قايتىپ كەلگەن ۋاقىتتىن باشلاپ قەلبىمگە تېنىچلىق بەرمىدى. ئەمما ھەر نۆۋەت مۇشۇ مەقسەت تەرەپكە بېرىش ئۈچۈن ھازىرلىق كۆرۈشكە باشلىسام ساھىبقىران دەخلى بولىدۇ. شۇنداقتىمە مەن ھەر قېتىم بۇ دەخلىدىن رەنجىمەي بويىنۇمنى ئەگدىم. بۇ قېتىم پادىشاھ ئۆزى يول پەرمانى بەردى، ئۆزىمىزمۇ سەپەر تەدارىكى ئۈچۈن ناھايىتى جىق مەبلەغ سەرپ قىلدۇق...شۇنداق بولسىمۇ، «مۆمىنلەرنىڭ قەلبىگە شادلىق بېغىشلاش پۈتۈن ئىنسانلارنىڭ ئىبادىتىدىن خەيرلىكتۇر» دېگەن سۆزنىڭ مەزمۇنىغا ئەمەل قىلىپ، سىزلەردەك ئۇلۇغلارنىڭ ئىلتىماسىنى قوبۇل قىلۇرمىز ۋە پۇخرالارنىڭ مەنپەتى ئۈچۈن بۇ نۆۋەتمۇ ئۆزىمىزنى بۇ ئىستەكتىن قايتۇرىمىز.

ئەتراپتىكىلەر خۇشەن بولۇشۇپ، دۇئا ۋە ھەمدۇ-سانا ئېيتىشقا ئېغىزلىرىنى ئۇچلاشتى. كېيىن كۆپچىلىك پايتەخت مۇداپىئەسىنى قانداق ئۇيۇشتۇرۇش توغرىسىدا مەسلىھەتلىشىپ، زۆرۈر تەدبىرلەرنى تۈزۈپ، ئالدى بىلەن بەدئۇززامان مىرزىنىڭ ھوزۇرىغا ئەلچى ئەۋەتىش ماقۇل كۆرۈلدى.

www.uyghurkitap.com

www.kitaphumar.com

ئەتىسى ئەلچى يولغا سېلىندى. بەدىئوززامان مىرزا ئەلچىگە: «ئەگەر ئاتىمىز سۇلتان ساھىبقىران بەلخ ۋىلايىتى ۋە ئامۇ دەرياسىدىن مورغاپقىچە بولغان جايلارنى مېنىڭ ئىلكىمگە ئۆتكۈزۈپ بەرسە، نامىمىز خۇتبىگە قوشۇپ ئوقۇلسا، قولىمىزغا قىلىچ ئالمايمىز»، -دېدى. بۇ ئارىدا ناھايىتى تېز يول يۈرگەن سۇلتان ھۈسەيىن مىرزىنىڭ قوشۇنلىرىمۇ دارۇلسەلتەنەتكە يېقىنلىشىپ قالغانىدى. ئەمما پادىشاھنىڭ قوشۇنى بەدىئوززامان مىرزىنىڭ قوشۇنلىرىدىن خېلىلا ئاز ئىدى. ۋۇجۇد ئۈچۈن ساغلام كۆڭۈل زۆرۈر بولغىنىدەك، مۈلۈك(دۆلەت) ئۈچۈن ھەم ساغلام پادىشاھ كېرەك. ئەمما ھۈسەيىن بايقارا بولسا، كۈچ-قۇۋۋەت ئۇرغۇپ تۇرىدىغان ۋۇجۇدىدىكى ئەسلىدىن توق يىلىكىنى مەي ئىچىش بىلەن بالدۇرلا قۇرۇتقانىدى. گەرچە ئۇ بىر يىلنىڭ ئالدىدا ئەمىر ئەلىشىربەگكە «تېخى قىلىچ چېپىشقا يارايمەن»دەپ ماختانغان بولسىمۇ ، ئەمما قېرىلىقنىڭ ھەم دېمى قاتتىق دېگەندەك، ئۆتكەن ۋاقىت بەرىبىر ئۆز ئىشىنى قىلغان، پادىشاھ ئەمدى بۇنىڭدىن كېيىن ئويناقلاپ تۇرىدىغان ئۇچقۇر تۇلپارغا مىنىپ جەڭ قىلىشقا يارىمايتتى، شۇڭا ئۇ بۇ قېتىم ھىراتقىمۇ تەختىراۋاندا كەلگەنىدى. مۇشۇ كۈنگىچە بەدىئوززامان مىرزا ئۇنىڭغا قارشى نەچچە قېتىم باش كۆتەرگەن بولسا، سۇلتان ھۈسەيىن ھەر قېتىم ئوغلىنىڭ ئەدەپىنى ناھايىتى ئوبدان باپلاپ بېرىپ كەلگەن، مانا ئەمدى ئاتىنىڭ قېرىلىقتىكى ئاجىزلىقىنى ئۆزىنىڭ يىگىتلىك كۈچ-قۇۋۋىتىدىن دەپ بىلىپ، ھىراتنىڭ دەرۋازىسىغىچە قوشۇن تارتىپ كېلىشكە جۈرئەت قىلدى. سۇلتان ھۈسەيىن بايقارا نە پادىشاھلىق، نە سەركەردىلىك قابىلىيەتكە ئىگە ئەمەس، دەپ قاراپ كەلگەن بۇ تۇنجى ئوغلىنى بۇنىڭدىن كېيىن قىلچىنىڭ ھەيۋىسى بىلەن بويسۇندۇرالمايدىغانلىقىنى چوڭقۇر ھېس قىلدى. شۇڭا ئۇ ئەمىر ئەلىشىرنىڭ مەسلىھىتىگە قۇلاق سېلىپ، بەدىئوززامان تەلەپ قىلغان ۋىلايەتلەرنى شەرتسىز بۆلۈپ بېرىشكە مەجبۇر بولدى. سەلتەنەتنىڭ يېرىمىنى دېگۈدەك ئۆز ئىلكىگە ئالغان بەدىئوز زامان مىرزا ئەمدى پادىشاھ ئىدى، شۇڭا ئۇنىڭ نامىمۇ ئاتىسىنىڭ نامى بىلەن بىر قاتاردا خۇتبىدە يادلىنىشقا باشلىدى.

بەدىئوززامان مىرزىنىڭ ئىشى شۇنىڭ بىلەن بىرئاز بېسىققان بولدى. ئەمما كەنجى شاھزادە مۇھەممەد ھۈسەيىن مىرزىنىڭ غوغاسى تېخى تىنچىتىلمىغانىدى. ئاتىسىنىڭ چوڭ ئوغلىغا قىلغان مەرھەمىتىنى ئاجىزلىق دەپ چۈشەنگەن شاھزادە ئەقلىنى يوقاتقانىدى. ئەمىلىيەتتە ئالدىنقى قېتىم پادىشاھ پايتەختىنىڭ غېمىدە ئۇنىڭ ئىسيانىنى تەلتۆكۈس بېسىقتۇرمايلا قايتىپ كېتىشكە مەجبۇر بولغانىدى. ئەمما ھازىر ھىراتنى ئۆگۈشلۈق قوغداپ قالغان سۇلتان ھۈسەيىن يەنە ئاستراباتقا قاراپ قوشۇن باشلاپ ماڭدى. كەنجى شاھزادە ئاتىسىنىڭ ناھايىتى قاتتىق قەھرى-غەزەپ بىلەن

كېلىشۋاتقانلىقىنى، ئۇنىڭ بۇ قېتىم ئاغىسى بەدئوززامان مىرزىدىن ئاللىمغان ئەلىمنىمۇ قوشۇپ ئۆزىدىن بىراقلا ئالماقچى بولغانلىقىنى بىلىپ، يۈرىكىگە قورقۇنۇچ چۈشتى. راست دېگەندەك بىرىنچى قېتىملىق توقۇنۇشتىلا ئەھۋالنىڭ چاتاق بولىۋاتقانلىقىنى سەزگەن شاھزادە ئاتىسىنىڭ ھوزۇرىغا ئەلچى ئەۋەتىپ، تۆۋە قىلدى. بۇ سۆلھىنىڭ خەۋرىنى ئاڭلىغان ئەمىر ئەلىشىر خۇددى كىچىك بالىدەك خۇشال بولۇپ كەتتى. كاشكى، بۇ بۇمەملىكەتتىكى ئەڭ ئاخىرقى ئىسيان بولۇپ قالسا، شۇنىڭ بىلەن بۇ سەلتەنەت قايتىدىن خاتىرجەملىككە ئېرىشسە. يوللار تىنچ، خەۋپ-خەتەرسىز، شەھەرلەر ئاۋات، جاھان تولۇقچىلىق، پۇخرالار ئىناق-ئىتتىپاق بولسا...

قېرى شائىر ئۆزىنىڭ ئۇزاقتىن بېرىقى ئارزۇسىنى ئويلىدى. ناھاتكى، ئۇنىڭ ئارزۇسى ئارما نغا ئايلانسا؟ ئەمدى ئۇ ھەج سەپىرىگە چىقىشقا، ئۆزىنىڭ كېيىنكى كۈنلەردە بارغانسېرى يامانلىشىپ كېتىۋاتقان تەن سالامەتلىكىنىڭ يار بەرمەيدىغانلىقىنى ھېس قىلدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ مەككىگە بارىمىز دەپ ئۆزلىرىنىڭ ئۈمىدتىزگىنىنى ئۇنىڭ ئىشىگىگە ئىلگەنلەر، ئۇنىڭغا ھەمرا بولۇشقا تەييارلىنىپ يۈرۈشكەن پۇخرا-يۇ، بىچارىلەرنىڭ ھەج يولىغا كېتەرلىك خىراجەتلەرنىڭ ھەممىسىنى ئۆزى ئۈستىگە ئېلىپ ئۇلارنى يولغا سالىدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

بىر نەچچە كۈنلەردىن كېيىن ھىرات شەھىرىنىڭ دەرۋازىسىدىن چىققان كارۋان نىشاپۇر يولىغا چۈشۈپ مەغرىپ تەرەپكە كەتتى. كارۋاننىڭ بېشىدا سىلىق يورغىلاپ كېتىۋاتقان ئىشەككە مىنىۋالغان خازان لەقەملىك قېرى دەرۋىش شەھەر دەرۋازىسىدىن چىققاندىن كېيىن، بىردىنلا توختاپ، ئىشەكتىن چۈشۈپ قوللىرىنى ئىگىز كۆتۈرۈپ ئەمىر ئەلىشىر ئۈچۈن ئۇزۇندىن-ئۇزۇن دۇئاقىلىپ، يۈزىنى سىيپاپ ئىشىگىگە مىندى-دە، شائىرنىڭ مۇشۇنداق بىر مۇبارەك سەپەرنىڭ ئىشقىدا يازغان بېيىتلىرىنى ئىشتىياق بىلەن پىچىرلىغىنىچە يولغا چۈشتى.

مېنى كىم، بۇ سەۋدا ئىنتىزار ئەيلىدى،
ھەۋەس ئىلكىدە بىقارار ئەيلىدى.

نە ئىمكانكى، تاپقاي قارارۇ سۇكۇن،
بىراۋكى، بۇ پىكىر ئەتكەي ئانى زەبۇن.

ئۇرارمەن قەدەم تاكى بارغۇنچە،

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى



كى، بولغا، مۇيەسسەر ماڭا ئۇشبۇكام.

ئەگەر بولسا بۇ يولدا ئۆمرۈم تەلەف،
چۇ بۇ يولدۇر ئول ھەم ئىررۇر شەرەف.

ۋەگەر بولسام ئۆز نامىمە بەررىمەند،
زىخى مۇلكى جاۋىدۇر بەخت بەلەند...

كارۋاننى ئۇزۇتۇپ چىققان ئەمىر ئەلشىر شەھەر دەرۋازىسىغا كەلدى-يۇ، نېمە ئۈچۈندۇر تۇيۇقسىز ئارقىسىغا قايتتى. شۇتاپتا ئۇ گويا شەھەر دەرۋازىسىدىن چىقىپلا كەتسە، ئۆزىنى توختىتالماي يۈگۈرگىنىچە كارۋانغا قوشۇلۇپ كېتىدىغاندەك ھېس قىلاتتى. ئۇ روھى چۈشكەن ھالدا ئۇنسىيىگە قايتىپ كەلدى ۋە «ۋەقپىيە»نى ۋاراقلاپ، ئۆزىنىڭ كۆڭۈل بايانلىرى يېزىلغان قۇرلارنى شىۋىرلاپ ئوقۇشقا باشلىدى.«مانا ئەمدى ھاياتىمباھارىنىڭ گۈلشەنى خازانغا ئايلاندى ۋە بۇ گۈلشەندە ئېچىلغان يىگىتلىك گۈللىرى تورزۇشقا باشلىدى. چاچ-ساقاللىرىم ئاقاردى، چىرايىم لالىسى سوغۇق نەپەسلەردىن سارغايدى...ئىككى ئارزۇ-ئىستىكىمدىن ئۆزگە ھەرقانداق نەرسىگە قاراڭغۇ كۆڭلۈمنىڭ پەردىسىنى ئاچالمىدىم، بۇ ئىككى گۈل غۇنچىسى جېنىمنىڭ گۈلشەندە ئېچىلمىدى. ئەمما ئۈمىدىم شۇلكى ۋە بۇ ئۈمىدىمنىڭ مۇنسىدىن مۇرادىم شۇلكى، بۇ ئىككى مۇراد گۆھىرىنى ئارزۇ ئاسمىنىدا تېخىمۇ يۇقىرى ئۆرلەتكەيمەن، بۇ ئارزۇ گۈللىرىنىڭ تىكىنى كۆڭلۈمدە سۇنغاي، بۇ مۇراد گۆھىرىنىڭ يېغىنى يېشىم قەترىسىدەك تۇپراققا تۆككەيمەن...بۇ مەزكۇر بولغان ئىككى ئارزۇنىڭ بىرى مۇبارەك سەپەردۇر...»

مۇشۇ قۇرلارغا كەلگەندە ئۇنىڭ بوغۇزىغا شىغىل قاپلىشىپ قالغاندەك بولۇپ، كۆزلىرى ئىختىيارسىز نەملەشتى. ئاھ، ئەمدى بۇ ئارزۇ ئارمانغا ئايلاندى.

ناۋايى، كەئبە زىكرىن قويكى، بىر دەيرى فەنا ئىستەپ،
زاخابىنا ۋادىيەل-مەقسەد، ۋاجەدنا ماخۇۋەن-مەقسۇد...

ئەلەملىك ئويلارغا پاتقان قېرى شائىر شەيخ مۆمىن شىرازىي توغرىسىدا يېزىلغان بىر رىۋايەتنى ئەسلىدى. ئىمىشكى، ئىسمايىل دادباس ئىسىملىك بىركىشى ھەج قىلىش نىيىتىدە يولغا چىقىپ، شىرازغا يېتىپ كەپتىمىش. ئۇ بىر مەسچىتكە كىرسە، شەيخ مۆمىن

شىرازىي كۆڭلىكنى ياماپ ئولتۇرغىدەكمىش. ئىسمايىل داباس ئۇنىڭغا سالام بېرىپ ھال-ئەھۋال سورىغان ئىكەن، شەيخ مۆمىن.«قانداق نېيىتىڭ بار؟»، -دەپ سوراپتۇ. ئىسمايىل داباس «ھەج قىلىش نىيىتىم بار!» دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

شەيخ مۆمىن ئۇنىڭدىن يەنە سوراپتۇ، «ئاناڭ بارمۇ؟». «ئانام بار»-دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئىسمايىل داباس. بۇ جاۋاپنى ئاڭلىغان شەيخ مۆمىن شىرازىي قولىدىكى كۆڭلەكنى بىر يانغا تاشلاپ قويۇپ، دەپتۇ«ئاناڭنىڭ ئالدىغا بار، ئۇنىڭ خىزمىتىنى قىل!»، ئەمما شەيخ مۆمىن شىرازى بۇ سۆزنىڭ سۆھبەتدىشىغا تازا ياقمىغانلىقىنى سېزىپ، يەنە شۇنداق دەپتۇ؛« سۆزۈم ساڭا ياقمىدىمۇ ئىسمايىل داباس! مەن بېشىم باشتاق، پۇتۇم يالاڭ ئاياق، بىرمۇ ھەمراسىز يەككە-يېگانە ھالدا ئەللىك قېتىم ھەج قىلىپ كەلدىم. مانا شۇ ھەجلىرىمنىڭ ساۋابىنى ساڭا بېرەي، سەن ئاناڭنىڭ كۆڭلىنى شادلىقنى ماڭا بەر!»

ئەمىر ئەلشىر بۇ رىۋايەتنى ھەر قېتىم يادلىغاندا يۈرىكى ھاياجاندىن قاتتىق دۈپۈلدەپ كېتەتتى، بۇقېتىممۇ ھەم شۇنداق بولدى.«بىچارە ئانام ھايات بولغان بولسا، ئۇنىڭ خىزمىتىنى قىلىپ كۆڭلىنى بىر خۇشال قىلىۋالغان بولسام ھە؟!»، -دەپ ئويلىدى ئۇ. ئەمما يەنە قانداقتۇر بىر ئويي ئۇنىڭ دىلىنى ۋاللىدە يورىتىۋەتتى. «ياق، ياق! مېنىڭ ئانام بار. ئانام ماڭا تىل ۋە دىل ئاتاقىلغان تۈركىي خەلقىمدۇر، كاشكى، شۇ ئۇلۇغ مىللىتىم، شۇ ئۇلۇغ خەلقىمنىڭ دىلىنى شاد قىلالىسام، ئۆمرۈمنىڭ ئاخىرىغىچە ئۇنىڭ خىزمىتىنى قىلالىسام...»

تۈگىدى

************************

خۇرشىد دەۋرانىنىڭ 2006-يىلى تاشكەنت «شەرق» نەشرىياتى مەتبەئە شىركىتى نەشر قىلغان «بىبىخانىم قىسسىسى»ناملىق ئۆزبېكچە كىتاپتىن ئۇيغۇرچىلاشتۇرۇلدى.

ئۇيغۇرچىلاشتۇرغۇچى: تۇرسۇن ئابدۇللا بەگيار

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېتى
www.uyghurkitap.com

www.kitaphumar.com

# غەزەپ ئوقى تەگكەندە

(تارىخىي ھېكايە)

ئېلى نىياز دەرمانى

1

1944-يىل 12-ئاي، ھەپتە ياغقان قار ئۆپۈق بىلەن زېمىننى تۇتاشتۇرىۋەتكەندەك كۆرۈنەتتى. تاقىر تاغلار قازاننىڭ گىرۋىكىدەك ئەتراپنى قورشاپ تۇراتتى.

شىردەك دەھشەت ھۆركىرەپ تاغۇ-تاشلارغىمۇ قورقۇنچ، ۋەھىمە سالىدىغان، سۈيى ئەركەك بوزكېرىگى دەرياسىنى① قېلىن مۇز تۇتقان بولۇپ، غايەت زور ئاتلار جەڭگاھقا چاپقاندەك گاھ يەر-زېمىننى تىزلىۋېتىدىغان قەھرلىك بورانىنىڭ ھۇۋلىشىدەك يەر تېگىدىن ئاڭلىنىدىغان ئاۋاز، سۈرلۈك تاغلار قايتۇرغان ئەكس سادا بۇ خىلۋەت ماكاننىڭ جىمجىتلىقىنى بۇزاتتى.

ئاقبۇلاق داۋىنى تېكەس بىلەن باي ناھىيىسىنى ئايرىپ تۇرىدىغان تەبىئىي پاسىل بولۇپ، جەنۇبىي شىنجاڭغا ئۆتىدىغان مۇھىم ئۆتكەل ئىدى. مىللىي ئارمىيەنىڭ تېكەس قىسمىدىن بەستلىك، قارچۇغا بۇرۇن، ئورا كۆز مىرزا دۆلەت، قارىچۇقلىرى تىنىمسىز ئايلىنىدىغان ئات يۈزلۈك، قۇشدۆلەت ئىسىملىك ئاكا-ئۇكىلار تۈز سېتىۋېلىشقا كەلگەن سودىگەر قىياپىتىدە بۇ يېزىغا كېلىپ ئەھۋال ئىگىلىمەكچى ئىدى.

ئۇلار تېكەس پولكىنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭغا يۈرۈش قىلىش ئالدىدىن رازۋېتكا گۇرۇپپىسى بولۇپ، ۋەزىپىسى- قېيىر② يېزىسىنىڭ يەر شەكلى، يول خەرىتىسىنى سىزىپ چىقىش ئىدى.

ناھىيە بازىرىغا 200 نەچچە چاقىرىم كېلىدىغان بۇ خىلۋەت ماكاننىڭ ئادەملىرى دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىققا تايىنىپ كۈن كەچۈرەتتى. ئىككى ئاتقا مىنگەن بۇ يىگىتلەر ئەتراپنى ئىنچىكىلىك بىلەن كۆزىتىپ باراتتى. مەھەللىنىڭ كۈن پېتىش تەرىپىگە جايلاشقان ئۆي ئۇلارنىڭ دىققىتىنى تارتتى.

www.kitaphumar.com

مىرزا دۆلەت دەرۋازا ئورنىدا تىكەننى ئوتتۇرىغا ئېلىپ، بادرا بىلەن مىقلاپ ياسالغان قوش قاناتلىق ئىشىك ئالدىدا ئاتتىن چۈشۈپ ــ ئادەم بارمۇ؟-دەپ ۋارقىردى. ھويلىدىن ئىتنىڭ ئاچچىق قاۋىغان ئاۋازى، ئاندىن كالتە يۆتەل ئاۋازى ئاڭلاندى.

-كىمۇ؟

-ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم! بىز تاغ ئارقىسىدىن؛ يەنى تېكەستىن مازار تۈزى سېتىۋېلىپ قىشنىچە چارۋا باقماقچىدۇق.

-ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام! كېلىشسىلە مېھمانلار، ئۆيگە كىرىلى..

-بىزمۇ قونالغۇ تېپىپ چۈشكۈن قىلايلى دەپ تۇرغان.

-ئۆيىمىز كەڭرى. تۆن ئۆزۈن، گۇڭگۇر-مۇڭگۇر بولىمىز،-دېيىشكىنىچە ئۆيگە كىرىپ كەلدى.

ئۆي پاكىزە سەرەمجانلاشتۇرۇلغان. تام مەشتە ئوتتۇن گۇرۇلدەپ كۆيۈپ تۇراتتى. ئۇيۇقتا ئاياق شەكىللىك سۇ يېغى چىراق ئۆينى سۇس يورۇتۇپ تۇراتتى. ئۆينىڭ بۇلۇڭىغا كات ساندۇق قويۇلۇپ يوتقان-كۆرپىلەر تىزىلغان، كاڭغا سېلىنغان پالاز ئۈستىگە تۆلكە، كىيىك، بۆرە ۋە جەرەن تېرىلىرى سېلىپ قويۇلغان ئىدى.

-ئىسمىم مامۇت ئاخۇن، مەھەللىدىكىلەر مامۇت مىراپ دېيىشىدۇ. بۇ دادامدىن قالغان لەقەم. دېھقانچىلىق، بەزىدە ئوۋچىلىق قىلىمەن. ئۆزلىرى؟..... ،-دېدى ئۆي ئىگىسى.

-بۇ ئىككىمىز ئاكا-ئىنى. ئاقبۇلۇڭ③ يايلىقىدا چارۋىدار بەگنىڭ چارۋىچىلىرى. بۇ يىل ئۇ تەرەپتە قار قېلىن، ئوت-چۆپ قىس، بولۇپمۇ تۇز تاپماق تەس، شۇڭا......

-ئۇ تەرەپ ئازات بولدى، زۇلۇم يوقالدى دەيدۇغۇ...

-بىزمۇ ئاڭلىغان، لېكىن تازا بىلمىدۇق.

ئۇلار پاراڭلىشىۋاتقاندا ئىككى چىنىدە ئۇماچ كۆتۈرۈپ كىردى بىر ئايال.

-ئايالىم بولىدۇ. ئىسمى ئايشەمخان. قېنى ئالغاچ ئولتۇرۇشسىلا. ياخشى ئادەم ئاش ئۈستىگە دەپتىكەن،- دېدى ماۋمۇت مىراپ. كاۋا، ئاش چامغۇر، قېرىن توغراپ ئېتىلگەن ئۇماچ ۋە زاغرىنى ئۇلار ئىشتىھا بىلەن يېيىشتى. ئوت چاراسلاپ كۆيمەكتە ئىدى. مامۇت مىراپ ئاتلارغا يەم بېرىشكە چىقىپ كەتتى.

-يان قورالىمىزنى خۇرجۇنغا سېلىۋېتەيلى-دېدى مىرزا دۆلەت. يان قورالنى خۇرجۇنغا سېلىۋاتقان پەيتتە ئۆگزىدىن غىرىسلىغان ئاۋاز ئاڭلىنىپ يوقاپ كەتتى.....

كۆك كۆز، قارچۇغا بۇرۇن، گەۋدىلىك مۇنۇ ئادەم بۇ سىرلىق ماكاننىڭ ئەك چوك ھۆكۈمرانى ئابلا بەگ ئىدى، بۈگۈن ئۇ بامدات نامىزىدىن كېيىن ناشتىغا ئولتۇردى.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى



ئوخشۇتۇپ قويۇلغان ئۆيكىدەك ھەممىلا يېرى لىغىلداپ تۇرىدىغان چوڭ ئايالنى زېۋىدىخان ناشتىلىقنى ئۆزى تەييارلاۋاتاتتى، چوغدەك گىلەم، قات-قات كۆرپىگە يانپاشلاپ ياتقان ئابلا بەگ دەستۇرخانغا نەزەر سالدى. ياڭاق مېغىزى، گۈلە-قاق، ئۆرۈك مېغىزى، سۈت-قايماق،سېرىقماي، تاتلىق تۇرۇم، ھەسەل.....دېگەندەك بۇ تاغلىق يېزىدا كەم تېپىلىدىغان نازۇ-نېمەتلەر تىزىلغان ئىدى.

— ئەسسالامۇ ـ ئەلەيكۇم بېگىم، ئالتۇن تەنلىرى ئامانمىكىن؟- دېدى تەكەللۇپسىزلا كىرىپ كەلگەن ۋىجىككىنە بىر ئادەم.

— كېلىڭلى.... كېلىڭلى روزى تۇتۇن بېگىم، قاق ناشتىدا قاغىدەك شۇم خەۋەر ئەكەلدىڭمۇ ياكى سېغىزخاندەك خوشخەۋەرمۇ؟ دېدى ئابلا بەگ ئۇنى ناشتىغا تەكلىپ قىلغاچ.

— كەچۈرگەيلا بېگىم، بۇگۈنكىسى شۇم خەۋەر،ئىلى ئوغرىلىرى مەھەللىمىزگە پەيدا بولدى.

— نېمە؟ ..... نېمە؟ نەدە قالدى؟

— ماموت مىراپنىڭ ئۆيىدە .

-قايسىڭ بار؟ ئابلا بەگ چاچراپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى.

— مانا بىز بېگىم، نېمە ئىش؟ — چىرىك باشلىقى تۇرسۇن يۈگۈرۈپ كىرىپ كەلدى.

— قورال- ياراق، ئارغامچا ئېلىپ مەن بىلەن چاپسان مېڭىش، خوتۇنتالاقلار. ئابلا بەگنىڭ 30 چېرىكى بار بولۇپ، تولۇق قوراللانغان، بەگ ۋە ئۇرۇق-تۇغقانلىرىنىڭ ئامانلىقى، باج-سېلىق سېلىش-يىغىش، جېدەل-ماجرالارنى بېسىقتۇرۇش، ھاشارغا ھەيدەش دېگەندەك ئىشلارغا چېپىپ يۈرىشەتتى.

— ئىلى ئوغرىلىرى نەچچە ئادەمكەن؟ماموت مىراپنىڭ ئۆيىگە قانداق پەيدا بولۇپ قالدى؟

— ئىككى ئادەم، تۈنۈگۈن ئەل ياتقۇدا ئىككى يوچۇن ئاتلىق، مەھەللىنىڭ ئايىقىغا پەيدا بولۇپ قالدى، سىلى «ناتونۇش ئادەمگە دىققەت قىلىڭلار» دېگەن ئىدىلىغۇ؟

-شۇنداق.

-ئۇلار ئايلىنىپ ماموت مىراپنىڭ ئۆيىگە كىرىپ كەتتى. مەن پەم بىلەن ئۆگزىگە چىقىپ، ئۇلارنىڭ پارىڭىنى تىڭشىۋېتىش ئاڭلىدىم. ئۆزلىرىنى تۇز ئالغىلى كەلگەن تېكەسلىك سودىگەر دېيىدۇ. لېكىن يان قورال باركەن. كېچىچە ماموت مىراپ بىلەن مۇڭدىشىپ چىقتى. ماموت مىراپمۇ گەدەنكەش بىر نېمە. تېكەسلىك ئوغرىلار «تاغ

ئارقىسىدا پىرقە ھۆكۈمەت تۇگەشتى، مىللىي ھۆكۈمەت قۇرۇلدى . خەلققە زۇلۇم سالغان ھاكىمىيەت بېشىنى يەيدۇ، باراۋەرلىك، ئەركىنلىك... دېگەندەك داڭقان پۇتى گەپلەرنى قىلىشتى. بەك توڭلاپ كېتىپ، قالغان گەپنى ئاڭلىيالمىدىم. بولغان ئىش مۇشۇ.

ــــ ئوغرىلارنىڭ قەدىمى ھەجەپ تېزكىنا، ھەپتە بۇرۇن شەنگەن ياموُلىدا مەخسۇس ئوغرىلاردىن ھوشيار بولۇش يىغىنى ئېچىلغان، بۇگۈنلا بۇ يەردە پەيدا بولغىنىنى.

ــــ ئاڭلىسام ئىلى ئوغرىلىرىنى بەك يامان دەيدۇ، پەخەس بولايلى.

ــــ راست ئېيتىلا، بۇ چورۇقۋايلار بىلەن تۇتۇشقانغا ئوخشىمايدۇ. ئوغرىلار مەشىق كۆرگەن، قورال بار. ئەمىسە قانداق قىلغۇلۇق؟

ــــ تامىقىغا ئوغا سېلىپ جايلىۋېتەيلىمۇ-يا؟

ــــ ئالجىپ قالدىلىمۇ، ئۆلۈكنى ئاپارساق ۋۇ بېگىم ئىنئام بەرمەيدۇ. ئۆتكەن ھەپتە يىغىندا ئىلى ئوغرىلىرى بايقالسا گاختىدا تىرىك تۇتۇڭلار، گەپ ئالمىز، تۇتقانلارغا زور ئىنئام بېرىمىز، دېمىدىمۇ؟

ــــ راست، ئۇنتۇپ قاپتىمەن. قانداق تۇتارمىز ئەمدى؟

ــــ بۇلارغا قارا كۈچ ئىشلەتسەك قەتئىي بولمايدۇ، پەم كېرەك، پەم. سىلى جىنىنى ئۇسۇلغا سالىدىغان ئادەم ،ئامال تاپسىلا!

ــــ ھۇشۇر بەگكىمۇ خەۋەر كەتتىمۇ؟

ــــ كەتتى.

ئۇلار توقايلىقنى بويلاپ چىغىر يول بىلەن يۈرۈپ كەتتى. سەھەرنىڭ ئاچچىق سوغۇقى سۆڭەكتىن ئۆتەتتى، قار كەچكەندە ‹‹غاچ-غۇچ›› ئاۋازدىن باشقا تىنۋش يوق ئىدى. كۆجۈم مەھەللىنىڭ ئۇيەر- بۇ يەرلىرىگە سېلىنغان پاكار ئۆيلەردىن كۆتۈرۈلگەن ئاقۇش ئىسلار مەھەللە ئاسمىنىغا نېپىز بىر قەۋەت پەردە يايغان ئىدى.

ــــ تاپتىم ..... تاپتىم... دېدى روزى توختۇن بەگ ئالتۇن تېپىۋالغاندەك خوشال بولۇپ.

ــــ قېنى ئاڭلاپ باقاي؟

-مەن مامۇت مىراپ بىلەن تۇغقان بولغاندىن كېيىن ‹‹يىراقتىن مېھمان كەپتۇ، ئۇلارمۇ بىزنىڭ مېھمان دەپ تاماققا چاقراي، ئاندىن مەجۇن بىلەن مەس قىلىپ تۇتىمىز.

ــــ ئىلى ئوغرىلىرى سىزىپ قالماس ھە؟

ــــ چايغا دورا-دەرمەكنى قېتىقراق سالىمىز. داگىل سەكسەن خالتىدىن ئەكەلگىنى بار. سىلىگە ئاپارغان تۇمۇچۇقلارغا تولا ئىچۈرۈپ قاقباش بولۇپ كەتتۇق.....ھى .... ھى.....

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى



ــ ھى..... ھى ..... ھى.....بىز سىلىنىڭ ئۆينىڭ كەينىدە مۆكۈپ تۇرىمىز، تېز كىرىپ ئۇلارنى باپلىسلا.....

2

ئىككى پارتىزاننىڭ قوللىرى كەينىگە قايرىپ باغلانغان، كۆزلىرى قارا ماتا بىلەن تېڭىلغان ھالدا يوغان ھويلىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى سۇقۇمغا باغلاقلىق تۇراتتى. 20ـ30 چە چېرىك قورالىرىنى بەتلىگەنچە ئۇلارنى قورشىۋالغان ئىدى.

ـــــكۆزىنى ئېچىۋېتىڭلار بۇ ئوغرىلارنىڭ،كىمنىڭ ئالدىدا تۇرغانلىقىنى ئېنىق كۆرۈۋالسۇن.

چېرىكلەر ئۇلارنىڭ كۆزلىرىنى يېشىۋەتتى،

ئابلا بەگ سوراقنى باشلىدى.

ــ نەدىن كېلىشتىڭ؟

ــ تېكەستىن.

ــ نېمە ئىش بىلەن كېلىشتىڭ؟

ــ تۇز سېتىۋالغىلى.

ــ تولا لوللىق قىلىشما، مېنى بىلمەيدۇ دەمسەن؟ تۇز سېتىۋالغىلى كەلگەن ئادەمدە يان قورال نېمە قىلىدۇ؟

ــ تاغدا بۆرىلەردىن، مەھەللىدە غالجىر ئىتلاردىن ساقلىنىش ئۈچۈن ئېلىۋالغان.

ــ بېگىم، ئۇلار بىزنى غالجىر ئىت دەۋاتىدۇ، ـ دېدى تۇرسۇن چېرىك بېشى.

ــ ئۇرۇڭلار بۇ بەدبەخلەرنى.

چېرىكلەر تاسما قامچا بىلەن تۇتقۇنلارنىڭ باش ـ كۆزلىرىگە توختىماي ساۋاشتى. يېرىلغان باش ـ كۆزلەردىن ئاققان قان قارلارغا سىڭگەندە قىزىل رەڭگە كىرەتتى.

ــــتوختاڭلار!

ــــتىرىك قالاي دېسەڭ راستىڭنى دېيىش،سەنلەر ئىلى ئوغرىلىرىمۇ،ئەمەس؟

ــــقورقىۋاتامسەن؟ ئەجەل كۈنۈڭ ساناقلىق قالغاندىمۇ زۇلۇمىڭنى توختاتامسەن؟

ــ بۇ ئوغرىلار بىزگە جۇگاپ ئېيتمايدىكەن. سايرام ساقچىخانىغا ئاپىرايلى،ـ دېدى ھوشۇر بەگ باغلاقلىق ئېتىنىڭ قېشىغا ماڭغاچ.

ـــ ئويلىشىپراق ئىش قىلايلى هوشۇر بەگ،قېيىر بىلەن سايرامنىڭ ئارىلىقى 140 نەچچە چاقىرىم كېلىدۇ. بۇ بەدبەخلەرنىڭ بۆكتۈرمىدە شېرىكلىرى بولسا ئېغىر زىيان تارتىمىز.

ـــ ئاگال سايرام ساقچىسىغا خەۋەر قىلايلى. ساقچى كەلگۈچە روزى تۇتۇنبەگ كېپىللىككە ئېلىپ باقسۇن. ئوغرىلارنىڭ ئىتىنى يۇلغۇن ياقا④ دىكى بەگ رەئىسىنىڭ ئۆيىگە سولىۋېتىڭلار، چېرىكلەر قاتتىق باقسۇن، ـ دېدى ئابلا بەگ.

ئەھۋالدىن خەۋەر تاپقان سايرام ساقچىخانا ناهىيەلىك قورچاق ساقچى ئىدارىسىغا مەلۇم قىلدى. ئامانلىق ساقلاش ئەمەلدارى مامۇت سۇلايمان ساقچىخانا باشلىقى ئابدۇقادىر ئەخمەتنى قېيىرغا ئەھۋال ئۇقۇپ كېلىشكە ئەۋەتتى. ئىككى ساقچى قېيىرغا كېلىپ، ئابلا بەگ ۋە هوشۇر بەگ بىلەن كۆرۈشۈپ، پارتىزانلارنىڭ ئىتىنى قايتۇرۇپ كېلىپ، ساقچى ئىدارىسىگە تاپشۇردى.

ـــ سەنلەر ئىلىدىن كەلگەن ئۇ ئىككى ئوغرىنى نېمىشقا بىرگە ئېلىپ كېلىشمىدىڭ، دەپ قاتتىق كايىدى ئىدارە باشلىقى ۋۇ يوڭشىڭ⑤ ۋە دەرهال چوڭ يىغىن ئېچىپ، ئابدۇقادىر ئەخمەتنىڭ سايرام ساقچىخانىنىڭ باشلىقلىقىدىن قالدۇرۇلغانلىقىنى جاكارلىدى.

ۋۇ يوڭشىڭ قوراللىق بۆلۈم باشلىقى نادىشىڭ (مىللىتى قازاق) باشلىق 20 دىن ئارتۇق چېرىكنى باشلاپ، ھەيۋەت بىلەن قېيىر يېزىسىغا يېتىپ كەلدى. ئۇلار يېتىپ بارغۇچە گومىنداڭ 111-پولكىدىن سوڭ لىيەنجاڭ بىر باتالىيون ئەسكەر بىلەن كېچىلەپ چىقىپ 2 پارتىزاننى روزى تۇتۇن بېگىنىڭ ئۆيىدىن مەمتاخۇنلارنىڭ ھويلىسىغا ئېلىپ چىقىپ، ئاۋۋال كىيىملىرىنى سالدۇرۇپ، تاسما، كەمەر، قامچا بىلەن ئۇرۇپ، بەدەنلىرىنى قىيما-چىيما قىلىۋەتتى. پارتىزانلارنىڭ بەدىنى مۇشۇك تاتىلىغاندەك قىپ-قىزىل گۆشكە ئايلاندى، ئەمما، بۇركۇتنىڭكىدەك كۆزلىرىدىن چەكسىز ئىنتىقام-قىساس ئۇچقۇنلىرى چاقنايتتى، تاغنىڭ سوغۇقى تەنلەرگە زەھەردەك نەشتىرىنى سانجىيتتى.

ـــئۇلارغا ئېيت، نېمىگە كەلگىنىنى ئېيتسا زور ئىنئام بېرىمەن، ھەم قويىۋېتىمەن. يەنە جاھىللىق قىلىۋەرسە يۈرىكىنى سۇغۇرىۋېلىپ كاۋاپ سالىمەن،- دېدى سوڭ لىيەنجاڭ كۆزىگە قان تولغان ھالدا ئابلا بەگكە شالىنى چاچرىتىپ تۇرۇپ. تىلماچ يۇقارقى سۆزلەرنى ئەينەن ئۆرۈپ بەردى.

ـــ بىز تۇز سېتىۋالغىلى كەلگەن،- دېدى مىرزا دۆلەت سوغۇقتىن كاسىلداپ كەتكەن چىشلىرى ئارىسىدىن چىقىرىپ.

www.kitaphumar.com

تىلماچتىن يۇقارقى سۆزنى ئاڭلىغان سوك ليەنجاڭ چېرىكلەرگە بىر نىمىلەرنى كالدىرلىۋىدى، بىر چېرىك يۇك ـ تاقلىرى ئارىسىدىن سوقۇلغان قىزىلموچ ئېلىپ كەلدى. چېرىكلەر قىزىلمۇچ ئۇننى قان تەپچىپ تۇرغان يارا ئېغىزىغا سەپكەندە، ئىككى تۇتقۇن ئارغامچىدىن يۇلقۇنۇپ، دەھشەتلىك ۋارقىرىۋەتتى. چېرىكلەر تۇتقۇنلارنىڭ پۇتلىرىغا ئىسىلىپ، تۇتقۇنلارنىڭ پۇتىنى بەدىنىگە قىزىلمۇچ ئۇننى سېپىپ چىقتى. سوك ليەنجاڭ بۇ قىيناش ئۇسۇلىدىن كۆرەڭلەپ، تۇتقۇنلارنى ئىقرار قىلىشقا قىستايتتى. ئەمما تۇتقۇنلار لېۋىنى چىشلىگىنىچە تۇراتتى. چېرىكلەر كۆلدىن مۇز ئەكەلدى ۋە مىرزا دۆلەت، قۇشدۆلەتنىڭ ئايىغىنى سالدۇرۇپ، يالاڭئاياغ مۇز دەسسەتتى. تاپاندىن كىرىپ، مېڭىگە ئۆتكەن سوغۇق، مۇشۇك تاتىلىغاندەك تىتىلغان تەنلەر، قىزىلمۇچنىڭ زەھەردەك ئاچچىقى تۇتقۇنلارنى ھوشىدىن كەتكۈزىۋەتتى. بىر ئاش پىشىمدىن كېيىن، مۇزنى 4 چېرىك يۇلۇپ ئالغاندا، تاپاننىڭ بىر قەۋەت تېرىسى يۇلۇنۇپ چىققاندا بولسا تۇتقۇنلارنىڭ باشلىرى يانغا قىيسايغان ئىدى. «ئىلى ئوغرىلىرى»نى ئىقرار قىلدۇرۇپ كاتتا ئىنئام چۇشەپ چىققان سوك ليەنجاڭ ھوشسىز ئىككىيلەنگە چەكچەيگىنىچە، بۇتتەك قېتىپ تۇراتتى.

دەل شۇ پەيتتە ۋۇ يوڭشىڭ چېرىكلىرىنى باشلاپ ھويلىغا كىرىپ كەلدى. ئەسلىدە ئابلا بەگ ۋۇ يوڭشىڭ ۋە سوك ليەنجاڭغا تەڭلا خەۋەر بىرىپ، قوشلاپ ئىنئام ئالماقچى بولغان ئىدى.

ۋۇ يوڭشىڭ سوك ليەنجاڭنى كۆرۈپ، ئۇلجىغا خىرىس قىلغان ئىتتەك ئالدىغا دىۋەيلەپ باردى. سوك ليەنجاڭنىڭ چېرىكلىرى مىلتىقلىرىنى بەتلەپ، ۋۇ يوڭشىڭنىڭ چېرىكلىرىنى قارىغا ئالدى. ئىككى تەرەپ بىر ـ بىرىنى يەۋەتىدىغان ئەلپازدا بۇيرۇق كۈتۈپ تۇرۇشاتتى. چېرىكلەرنىڭ ئەلپازىدىن چۆچۈگەن ئابلا بەگ ئارىغا چۈشۈپ سالاچىلىق قىلدى. مالايلار پىشۇرۇلغان گۆش ۋە يوغان لىگەندە پولۇنى كۆتۈرۈپ كىرگەندە جىددىيلىك خىلىلا پەسلەپ، چېرىكلەر ھېچ ئىش بولمىغاندەك گۆش ۋە پولۇغا دۈم چۈشكەن ئىدى.

ـــ قېيىر يېزىسى باي ناھىيىسىگە قارايدۇ، شۇڭا سىلەر ئاربلاشماڭلار، بىزنىڭ دائىرىمىزدىكى ئىش، ـــ دەپ چىڭ تۇرىۋۇالدى ۋۇ يوڭشىڭ.

سوك ليەنجاڭ بىر ئاز ئويلانغاندىن كېيىن، ۋەزىيەتنىڭ ئۆزىگە پايدىسىزلىقىنى ھېس قىلىپ، ئامالسىز يول قويۇشقا مەجبۇر بولدى.

ئەتراپتىكى باللار ۋە پۈتىغا چورۇق، پيما، ئۇچىسىغا ئۆك جوۋا، بېشىغا تېرە تۇماق كىيىۋالغان، ساقال ـ بۇرۇتلىرىنى قىرو باغلاپ كەتكەن مىسكىن چىرايلار ئابلا بەگنىڭ بۇ سېخىيلىقىغا ياقا تۇتۇشسا، چېرىكلەرنىڭ لوق گۆشلەرنى قوۋۇز تولدۇرۇپ يالماپ

يۇتۇشلىرى، پولۇ يېگەندە،قوشۇقلارنى ھەر خىل تۇتۇشىدىن خىر-خىر كۈلەتتى. بۇ كۆلكىلەر شۇنچىلىك بىچارە ئىدىكى؛ جىن چىراغتەك پىلدىرلاپ تۇرغان كۆزلەردە ئاچلىق، ھارغىنلىق سايە تاشلاپ تۇراتتى. چېرىكلەرنىڭ ئاغزىغا ھەر لوقما گۆش كىرگەندە، ئېغىزلىرىغا يىغىلغان سېرىق سۇنى «غۇرت-غۇرت» يۇتۇشاتتى. ئايلاپ، يىللاپ گۆش-ياغ كۆرمىگەن ئاشقازانلار تىنىمسىز لۆمۈلدەپ، ئىگىلىرىنى تەشنالىق ئىلكىدە قىيىنماقتا ئىدى. ۋۇ يوڭشىڭنىڭ چېرىكلىرى مىرزا دۆلەت ۋە قۇشدۆلەتنى بىر ئاتقا مىندۈرۈپ، چەمبەرچاس باغلاپ باي بازىرىغا ئېلىپ ماڭدى.

—خەپ ئابلا بەگ! ھوشۇر بەگ! غالچىلار!.... ئاز قالدى،بۇ خۇن قەرزىنى ھەسسىلەپ قايتۇرۇشىسەن! قارا يۈز مۇناپىقلار!...— دەپ تىل سالدى مىرزا دۆلەت يولغا چىقىش ئالدىدا ھوشىغا كېلىپ. ئۇ يەنە نېمىلەرنى دەر ئىدىكىن،ئۈنىڭغىچە تۇرسۇن چېرىك بېشى مىلتىقنىڭ پايىنىكى بىلەن ئۇرۇپ، ئۇدۇل چىشلىرىنى تۆكۈۋەتتى.

چېرىكلەر تۇتقۇنلارنىڭ ئاغزىنى ماتا بىلەن تېڭىپ، يولغا يۈرۈپ كەتتى. سۇۋڭ لىيەنجاڭ «ئىلى ئوغرىلىرى»نى تۇتۇپ، خىزمەت كۆرسىتىش پۇرسىتىدىن مەھرۇم قالغاندا، ئابلا بەگ شۇملۇق ئۆگەتتى...

— سەنلەر مال-چارۋىلىرىڭنى يايلاقتا ئېلىپ چىقىشنى باھانە قىلىپ، ئىلى ئوغرىلىرى بىلەن تىل بىرىكتۈردۇڭ. - دەپ قېيىر بايلىرىدىن روزى توختونىيگى، تۇراپ ساۋۇر، ئابدىكېرىم شاكىيۇ، ئەمەت بەگ، ناسىر بەگ، قاسىم ساڭزا، سايىم ئاخۇن قاتارلىقلارنى بۇلاڭ-تالاڭ قىلىپ بولغاندىن كېيىن، كۇچاغا ئاپىرىپ قاماپ قويىدى. بايلارنى كۆپ قېتىم قىيىن-قىستاققا ئېلىپمۇ نەتىجە چىقمىدى. ئۇلار 1947-يىلى «11 بىتىم»دىن كېيىنلا قويۇپ بېرىلدى.

3

قورچاق ساقچى ئىدارىسىنىڭ قاراڭغۇ، زەي كامېرى، كانارىغا ئوخشاش قاتار تىكلەنگەن جاھازىلارغا پۈتىنىڭ باش بارمىقىدىن سىم بىلەن چىگىپ، بېشىنى پەسكە ساڭگىلىتىپ ئېسىۋېتىلگەن مىرزا دۆلەت ۋە قۇشدۆلەت ئاچلىق، تاياق-توقماق،ئاغرىق زەربىسىدىن نەچچە قېتىم ھوشىدىن كېتىپ، مۇزدەك سوغۇق سۇ چېچىپ ھوشىغا كەلتۈرۈلسىمۇ، ھېچنېمىنى ئىقرار قىلمايۋاتاتتى.

ئېگىز بوي، سېمىزلىكتىن، بويۇنلىرىغا بۇقىنىڭ بويىنىدەك تۈرمەل-تۈرمەل گۆش قونۇپ كەتكەن، چېقىر كۆزلىرىدىن قان ئىچەرلىكى چىقىپ تۇرىدىغان باش جاللات

www.kitaphumar.com

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

مۇساجى⑥ تالاي ئادەملەرنىڭ جېنىنى ئېلىپ يېنىدا قويغان قىيناشلىرى مۇنۇ ئىككىسىدىكە كار قىلماي ئاتقانلىقىدىن رەللە بولۇپ، تېخىمۇ غالجىرلاشتى. ئارىدىن 3 كۈن ئۆتكەندە، ئاقسۇ ساقچى ئىدارىسىدىن چېرىكلەر كېلىپ، تۇتقۇنلارنى ئاقسۇغا ئېلىپ كەتتى.

ئاقسۇ تۈرمىسىدە ئىنتقا تالىتىش، تىرناق يۇلۇش، سۈيدۈك يولىغا ئات قۇيرۇقىنىڭ قىلىنى تىقىش ..... تەك قىيىن-قىستاقلار مىرزا دۆلەت، قۇشدۆلەتنىڭ بەدەنلىرىنى تولۇمىدەك ئىششىتىپ، نىمجان قىلىپ قويىدى. سۈيدۈك يولى جاراھەتلەنگەنلىكتىن، سىيەلمەسلىك جانغا پاتماقتا ئىدى. جەنۇبىي شىنجاڭدا تۇنجى بايقالغان«« ئىلى ئوغرىلىرى»»دىن قاتتىق چۆچۈگەن ساقچى باشلىقى ۋۇ شۇ بىڭ⑦ بۇگۈن سوراقنى ئۆزى قىلماقچى بولدى.

ساقال-بۇرۇتلىرى ئۆسۈپ، ئېڭەك سۆڭەكلىرى بۆرتۈپ چىققان، يۈز-كۆزلىرى كۆكىرىپ ئىششىپ كەتكەن مىرزا دۆلەتنى چېرىكلەر ئۆزۈن ئۈستەلگە ئوڭدىچە ياتقۇزۇپ، پۇت-قولىنى كويزا-كىشەنلەپ، بېشىنى سەندەلگە ئوخشاش ئىككى تۆمۈرنىڭ ئارىسىغا قىستۇردى. ساقچى باشلىقى ۋۇ شۇ بىڭنىڭ ئىشارىسى بىلەن چېرىكلەر تۇتقۇچنى چۆرىدى، تۆمۈر قىسقۇ باشنى تېخىمۇ چىڭ قىستى. مىرزا دۆلەت كۆزىنى چوڭ ئېچىپ، تىلىنى ئۇزۇن چىقىرىپ، چىشلەپ يېرىمنى ئۈزۈۋەتتى. شۇ ھامان ئاغزىدىن قان شۇرقىراپ ئاقتى. ساقچى باشلىقى ۋۇ شۇ بىڭ چېرىكنىڭ قولىدىن تۇتقۇچنى تارتىۋېلىپ چۆرۈۋەردى. «قارس» قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭ چاچراپ چىققان مېڭە قېتىقى جاللاتنىڭ بەدەنلىرىگە چاپلاشتى. پولتىيىپ چىققان كۆز ئالمىسى ساڭگىلاپ تۇراتتى. قۇلاق، بۇرۇنلىرىدىن بۇلدۇقلاپ قان ئېقىۋاتاتتى. قانغا مىلەنگەن گەۋدە سەل كۆتۈرۈلدى-دە جىمىپ قالدى.

قۇشدۆلەتمۇ ئوخشاش ئۇسۇلدا ۋەھشىيلەرچە ئۆلتۈرۈلدى. بۇ دەل 1944-يىلى 12-ئاينىڭ ئاخىرلىرى ئىدى.

جەنۇبىي شىنجاڭ، بولۇپمۇ ئاقسۇ ۋىلايىتىنىڭ ناھىيەلىرىنىڭ ئەھۋالىنى بىلىش زۆرۈرىيىتىدىن 1945-يىلى 3-4-ئايلاردا مىللىي ئارمىيە رازۋېتچىكى جۇمەك پالتا مىلىچمال سودىگىرى سىياقىدا، باي، كۇچا ۋە ئاقسۇنىڭ ئەھۋالىنى تەپسىلىي ئىگىلىدى. باي ناھىيەسىدە ئىسمائىل ئىگەرچى، شاۋدۇن خوشاڭ قاتارلىق كىشلەر بىلەن ئاقلاشتى.

1945-يىلى 8-ئايدا، ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيەسىنىڭ جەنۇبىي يۆنىلىش قىسمى پۇختا تەييارلىق قىلىپ، سايىم ئەپەندىنىڭ يول باشلىشى بىلەن، تېكەسنىڭ قوشتاي ۋە ئاق بۇلاق داۋىنى ئارقىلىق، باي ناھىيەسىنىڭ قىيىر يېزىسىغا قاراپ يولغا چىقتى.

يول ئىنتايىن خەتەرلىك، ئەگرى-بۈگرى بولۇپ، بىرلا ئادەم مېڭىشقا بولاتتى. نەچچە تېرەك بويى ئاستىنلىقتا ئۆركەشلەپ، يىرتقۇچلاردەك نەرە تارتىپ ئېقىۋاتقان كۆكسۇ دەرياسى ئادەمنىڭ تېنىنى شۈركەندۈرەتتى. ئاقبۇلاق داۋىنىغا ياماشقاندا بولسا، ئاتلارنى ئالدىغا سىيلىپ، ئەسكەرلەر ئاتنىڭ قۇيرۇقىغا ئېسىلىپ ماڭماقتا ئىدى، چوققىغا ئۆرلىگەنسېرى نەپەس قىيىنلىشىپ، ئاسانلا ھېرىپ قالاتتى، قىسمنىڭ ئىلگىرىلىشى ئاستا بولۇپ، بوز كېرىكى ئېغىزىغا پېشىن بىلەن يېتىپ كېلىشتى.

ئاتلىقلار ئەگمىدىن ئۆتۈشكە، تاياق يېتىم ئارىلىقتا كېلىۋاتقان كالا قوشۇلغان ھارۋىدا 4ـ5 چە ھاشارچى ۋە ئاتلىق ئىككى چېرىك بىلەن دوقۇرۇشۇپ قالدى. ھارۋىنىڭ سول تەرىپىدىكى چېرىك ئېتىنى كەينىگە بۇراپ، قامچىنى زەرپ بىلەن ئۇرۇپ، بوز كېرىكى ئۈستىگە سىيلىنغان پوتەيگە قاراپ قاچتى. ئوڭ تەرەپتىكىمۇ 30 قەدەمچە قاچقاندا، مىلليي ئارمىيە ئەسكەرلىرى تەرىپىدىن ئەسىرگە چۈشتى. ھاشارچىلار بولسا داڭ قېتىپ، يا ئالدىغا، يا كەينىگە مېڭىشنى بىلەلمەي تۇرۇپ قېلىشقان ئىدى.

ئەسىر قورالسىزلاندۇرۇلۇپ سوراق قىلىندى.

ـــ ئېتىڭ نېمە؟

ـــ ئېتىم مەھەممەت، مېنى ئۆلتۈرمەڭلار. مەن مەجبۇرىي چېرىك بولغان. پەيزىۋاتتا يالغۇز ئانام بار.

ـــ بىز ئەسىرلەرنى ئۆلتۈرمەيمىز، ئەمما راستىڭنى ئېيت، سەن قايسى قىسىمدىن؟

ـــ باي-كۇچا بىرلەشمە پولكىدىن. نامدا پولىك، ئەمەلىيەتتە 50ـ60 چە چېرىك بار. چېرىكلەر 5 غول ئېغىزدىكى پوتەيگە تارالغان. قىيىر بازىرىدا باشلىقىمىز ۋە 15 چە چېرىك بار ، ئابلا بەگنىڭ چېرىكلىرى بىلەن 40 تىن ئاشىدۇ.

ـــ سەن بىزنى پوتەيلەرگە باشلاپ بارالامسەن؟

ـــ مېنى ئۆلتۈرمىسەڭلار باشلاپ بارىمەن.

مەھەممەتنىڭ باشلىشى بىلەن، زەربىدار ئەترەت پوتەيگە ئۇدۇللا بارماستىن، كەينى تەرەپتىن يېقىنلاشتى. قاچقان چېرىكنىڭ خەۋەر بېرىشى بىلەن، دۈشمەن پاتىپاراق بولۇشۇپ، جەڭگە ئاللىقاچان تەييارلىنىپ بولغان ئىدى. 20 قەدەمچە قالغاندا، دۈشمەن سېزىپ قالدى-دە پىلىموتتىن ئوق ياغدۇرۇۋەتتى. دۈشمەنلەر غالجىرلاشقان ئىدى. جەڭچىلەرنىڭ تاشلىغان بىر نەچچە قول بومبىسىنىڭ گۈمبۈرلىگەن ئاۋازى دۈشمەن يۈرىكىنى مۇجىسا، كۆتۈرۈلگەن توپا-چاڭلار پوتەينىڭ قېشىغا بېرىۋېلىشقا ئەپلىك پۇرسەت ياراتتى.

www.uyghurkitap.com

www.kitaphumar.com

بىر تېڭىق قول بومبىسى زەربىسىدىن، پوتەينىڭ كۈلى كۆككە سورۇلدى. دۈشمەنىنىڭ ئۆلگىنى ئۆلۈپ، قارشىلىق كۆرسەتكىنى يەر چىشلىدى. مىللىي ئارمىيەنىڭ بوز كېرىگىدىكى،يەنى جەنۇبىي شىنجاڭدىكى تۇنجى غەلىبىسى جەڭچى-ئوفىتسېرلارنى قەۋەت خوشال قىلىۋەتتى. مەھەممەتنىڭ يول باشلىشى بىلەن، كىچىك غول، ئالتۇن قوشتىكى گومىنداڭ چېرىكلىرى يوقىتىلدى. بىر قىسىملىرى پىتىراپ قاچتى. 1945-يىلى 8-ئاينىڭ 8-كۈنى (رامىزاننىڭ دەسلەپكى كۈنلىرى) تاڭدا پارلىغان چولپاندەك، قېيىر يېزىسىغا نەشرەڭ دىگىنالدىن كىيىم كىيگەن، پۈتىدا چىگىرىن ئۆتۈك، قولىدا ئاپتومات، بەش ئاتار مىلتىق تۇتقان بىر توپ ئاتلىق كىشىلەر بازار ئىچىگە كىرىپ كەلدى-دە سالام-سەھەت قىلىشقىمۇ ئۈلگۈرمەي، چېرىكلەرنىڭ قايسى تەرەپكە قاچقانلىقىنى سۈرۈشتۈردى. قاچقان تەرەپنى بىلىۋېلىپ، ئاتلىرىنى چاپتۇرغىنىچە قوغلاپ كەتتى. كىشىلەر گاڭگىراپ تۇرغاندا، يەنە بىر تۈركۈم ھەربىيلەر ئاتلىق بازارغا كېلىپ، «ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم» دېيىشكىنىچە ئاتتىن چۈشۈپ، قېرى-ياش ھەممەيلەن بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشتى.

— بىز، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ زۇلمىغا قارشى قوزغالغان ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ ئەسكەرلىرى، بۈگۈندىن باشلاپ سىلەرنى قانلىق زۇلۇمدىن ئازات قىلدۇق. ھازىر بىزنىڭ زور قوشۇن كەينىمىزدىن كېلىۋاتىدۇ — ئالدىغا بېرىڭلار...... دېدى ئاتلىقلاردىن بىرەيلەن.

بۇ كىچىككىنە يېزا بازىرىدىكى تىجارەتچىلەر، ھۈنەرۋەن كاسىپلار، دېھقان-چارۋىچىلار بولۇپ 100 دىن ئارتۇق كىشى يىغىلىپ، خوشاللىق ياشلىرىنى تۆككىنىچە، نامىنى ئاڭلاپ زارىقىپ كۈتكەن پەرزەنت قوشۇنىنىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈشتى. 2 چاقىرىمدەك ماڭغاندا، بوز كېرىگىدىن ئۆتۈپ، قېيىر بازىرىغا كېلىۋاتقان مىللىي ئارمىيە جەڭچىلىرى بىلەن ئۇچراشتى. ساقىلى ئۇچىدەك ئاقارغان بوۋايلار، تەگرى تېغىنىڭ قارلىق چوققىلىرىدەك ئاق چاچلىق مومايلار..... يالاڭ ئاياغ ياشلار ۋە بالىلار يىغىسىنى توختىتالمىدى.

بۇ قوشۇنغا يېتەكچىلىك قىلىپ كەلگەنلەردىن: ئابدۇكېرىم ئابباسوف، قاسىمجان قەمبىرى، سوپاخۇن سۇۋۇروف، رازىيوف داموللىلارنىڭ پەشلىرىنى يۈز-كۆزلىرىگە سۈرتۈپ، يېنىشلاپ سۆيەتتى.

بۇ چاغدا، گومىنداڭنىڭ بايدىكى ئەسكىرى كۈچى ئاز بولۇپ، ناھىيەلىك قورچاق ھۆكۈمەت ئارقىسىدىكى سوجوخانا (ئوت- سامان ئامبىرى) گۇڭ غوجامنىڭ ئوردىسى قاتارلىق جايلاردا بولۇپ، تەييارلىقسىز ھالەتتە ئىدى. مىللىي ئارمىيە جەڭچىلىرى قېيىردىن كېلىپ، باي بازىرىنىڭ شەرقىي تەرىپىدىكى تەلۋىچۈك كۆۋرۈكىدىن ئۆتۈپ، ئۈچ جايدىكى گومىنداڭ قوشۇنلىرىنىڭ گازارمىسىغا تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلدى.

www.kitaphumar.com

بىر پەس جەڭدىن كېيىن، مىللىي ئارمىيە جەڭچىلىرى ئۇستۇنلۇككە ئېرىشىپ، قوراللىرىدىن ئوق ئۈزگىنىچە ھۇررا توۋلاپ، ئات چاپتۇرۇپ كىرىپ كەلدى. بۇ ھەيۋەت قوشۇننىڭ ئالدىدا قىلىچىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ ماڭغان بىر ئايال جەڭچى بولۇپ، بۇ سوپاخۇن پولكوۋنىكنىڭ ئايالى تۇردىخان ئىدى.

گومىنداڭ ئەسكەرلىرى ناھىيە بازىرىنىڭ غەرپ تەرىپىگە قاپسىلىپ قالدى. مىللىي ئارمىيىنىڭ قايتۇرما ھۇجۇمىغا بەرداشلىق بېرەلمەي، كۆپ قىسمى ئاقسۇ تەرەپكە قاچتى. قالغان قىسمى ئاشلىق ئىسكىلاتىغا مۆكۈنىۋالدى. ئاشلىق ئىسكىلاتىنىڭ تۆت ئەتراپى سېپىل بولۇپ، گومىنداڭ ئەسكەرلىرى سېپىلنىڭ شەرقى تەرىپىدىكى پوتەيگە كىرىۋېلىپ، جان-جەھلى بىلەن قارشىلىق كۆرسەتمەكتە ئىدى. ئابدۇراخمان باشچىلىقىدىكى بىر ئىززۋوت ئىسكىلاتقا ھۇجۇم قىلىپ كەلدى. پوتەي ئەتراپى تۈزلىۋېتىلگەن بولۇپ، مۇداپىئە ئاسان، ھۇجۇم قىلىش قىيىن ئىدى. جەڭچىلەر ئۇدۇلدىن ھۇجۇم قىلماي، ئۆگزىدىن ئۆگزىگە ئۆتۈپ، پوتەيگە يېقىنلاشتى. دۈشمەنلەر سېزىپ قېلىپ، سەپنىڭ ئالدىدا ماڭغان ئابدۇراخماننى ئوققا تۇتتى. ئۇنىڭ كۆكرىكىگە ئوق تېگىپ قۇربان بولدى. ئارقىدىنلا، قىيىردا ئەسىرگە چۈشۈپ، كېيىن مىللىي ئارمىيەگە جەڭچى بولغان مەھەممەتمۇ قۇربان بولدى. بۇ ھالدىن قەھرى-غەزەپكە كەلگەن جەڭچىلەر ئاتاكىغا ئۆتۈپ، پوتەيگە گىرانات تاشلاپ شىددەتلىك ھۇجۇم بىلەن دۈشمەننى يەر چىشلەتتى. بۇ 1945-يىل 8-ئاينىڭ 15-كۈنى ئىدى. بۈگۈن جەنۇبىي شىنجاڭدىكى تۇنجى ئازات ناھىيە جاھانغا كۆلۈمسىرەپ قارىماقتا ئىدى.

4

مىللىي ئارمىيەنىڭ بوز كېرىگىدىن كىرگەنلىكىدىن ئاۋاقزادە بولغان ئابلا بەگ ئېرىغ ماللىرىنى تۆمۈر ساندۇققا قاچىلاپ، چېرىكلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ، ئالتۇن قوش دەرياسى غولىدىكى ئىلانلىق يايلىقىغا كېچىلەپ قاچتى. ئىلانلىق يايلىقىدا ئابلا بەگنىڭ نەچچە مىڭ چارۋىسى ۋە يازلىق قورۇسى بار ئىدى.

ئابلا بەگ چېرىكلىرىنى نەچچە گۇرۇپپىغا بۆلۈپ، مەھەللە ۋە بايىدىكى قورۇ-دۇكانلىرىنىڭ خەۋىرىنى ئەكىلىشكە ماڭدۇرۇپ تۇردى. بايىنىڭ مىللى ئارمىيەنىڭ قولىغا ئۆتكىنىنى ئاڭلىغاندا ئولتۇرالمايلا قالدى ، بىركىملەرنىڭ ئۆلۈپ – تىرىلىشى ئۇنىڭ ئۈچۈن بەربىر ئىدى ، لېكىن، باي بازىرىدىكى قورۇ- جايلىرىدىن ئايرىلسا، نۇرغۇن زىيان بولاتتى. سوپاخۇن كېتىشىگە، ناسىروپ قىسمى مەھەللىگە چۈشۈپ،ياشلاردىن پىدائى

www.kitaphumar.com

قوبۇل قىلىپ، مەشقلەندۈرۈۋاتقانلىقىدىن زەردەگۆش بولاتتى. ناھىيە بويىچە پەيدا بولىدىغان تىزىملاتقانلارنىڭ 1500دىن ئاشقىنىنى ئاڭلىغاندا، كۆرۈنمەس غايەت بىر قارا سايە ئۆزىنىڭ پېيىگە چۇشكەندەك خۇدۇكسىرەپلا يۈرەتتى.

1947-يىلى، «11 بىتىم»نىڭ تۈزۈلۈشى بىلەن، مىللىي ئارمىيەنىڭ ناسىروف قىسمى ھاكىمىيەتنى يەرلىك خەلققە تاپشۇرۇپ بېرىپ، چېكىنىشكە باشلىدى. پۈرسەتنى غەنىيمەت بىلگەن ئابلا بەگ كوچىدا تۇرۇشلۇق سۇڭ لىيەنجاڭغا ئادەم ئەۋەتتى. گومىنداڭنىڭ كوچادا تۇرۇشلۇق قىسمىدىن بىر پولىك ئەسكىرى كوچى قىيىرغا كەلدى، كېلىپلا مىللىي ئارمىيەگە ياردەم قىلغانلارنى تۇتقۇن قىلىپ، قىر-چاپنى باشلىۋەتتى.

قەنتەمەت قاتارلىق 6 پىدايى بىر كۈن ئىچىدىلا چېپىپ تاشلاندى.

-بۇگۈن ئاسمانغا چىقىپ كەتكىنىڭنى بىر كۆرەي. ئىلى ئوغرىلىرى تۇتۇلغاندا قېچىپ كەتتىڭ. ئۇلار بېسىپ كەلگەندە ئۆيمۇ-ئۆي قۇتراتقۇلۇق قىلىپ،«ئات-ئۇلاق ئىئانە قىلىمەن» دەپ، مىنىشكىمۇ 40 نەچچە ئات-قويلىرىمنى قوتاندىن سۆرەپ چىقىپ بېرىۋېتىپسەن. ئەمدى كونا-يېڭى ھېساپنى بېرىسەن،-دېدى ئابلا بەگ باغلاقلىق مامۇت مىراپقا.

-ھېساپ ئېلىشقا ئالدىرىما غالچا! چوققاڭدىن پۇتۇڭنىڭ ئۇچىغىچە بۇغۇلغان خۇن قەرزىنى تۆلە! «ئەل قىساسى مىنەلھەق»! خوجا ئاكىلىرىڭمۇ پات ئارىدا يوقلىدۇ. شۇ گاختا «چاشقان تۆشۈكى ساراي» بولارمىكىن ساڭا.- دېدى مامۇت مىراپ.

چېرىكلەر مامۇت مىراپنىڭ ئاغزىغا ماتا تىقىپ دومبالاشقا باشلىدى. ئابلا بەگ ئۆمرىدە ھېچكىمدىن ئاڭلىمىغان غەزەپلىك تىللاشلارنى ئاڭلاپ، بولۇپمۇ؛ «غالچا» دېگەن تىل بىگىزدەك سانجىلىپ،چېقىر كۆزلىرى خۇددى غالجىر ئىتنىڭ كۆزىدەك چەكچىيىپ، چىدىيالماي چىشلىرىنى غۇچۇرلىتاتتى. كىشلەر تويى ئارىسىدىكى مامۇت مىراپنىڭ ئايالى ئايشەمخان بىلەن قىزى پاتەمنى كۆرگەن ئابلا بەگنىڭ كاللىسىغا قانداقتۇر بىر شۇملۇق كەچتى....

كەچتە ئابلا بەگنىڭ قورۇسىدا قازان-قازانلاپ گۆش سېلىندى. يەرنى كولاپ ياسالغان كاۋاپدانىدىكى كاۋاپلاردىن مەززىلىك پۇراقلار تارقىلاتتى. ئابلا بەگ بىلەن سۇڭ لىيەنجاڭ تىلماچ ئارقىلىق، تائاملارنى مەززە قىلىپ يېگەچ پاراڭلىشاتتى. ياسىداق مېھمانخانا كاۋاپ ۋە نەشىنىڭ پۇرىقى بىلەن تولغان ئىدى.

ــ قورساقمۇ تويدى. خۇمارمۇ بېسىلدى. سۇڭ لىيەنجاڭ جاپا تارتتى. يۇرتىمىزنىڭ قىزلىرىغا پەيزى قانداقكىن- دېدى ئابلا بەگ.

www.kitaphumar.com

ــ ئېيتىپ قويسىلا، ئىككى غۇنچە تەييارلىغان، كىچىكى سۇۋ لېيەنجاڭغا، چوڭى سۇۋ لېيەنجاڭنىڭ مۇئاۋىنىغا. بۇ يۇرتنىڭ قائىدىسى بويىچە ئۆزۈم نىكاھ ئوقۇيمەن. ئىككىيلەن بېشنى لىڭشىتىپ بەرسە، قالغان ئىشنى ئۆزەم قىلىمەن،-دېدى ئابلا بەگ.

ــ ماقۇل دەيدۇ،-دېدى تىلماچ.

ئابلا بەگنىڭ قول ئىشارىسى بىلەن، چېرىكلەر ئايشەمخان بىلەن پاتەمنى ئىتتىرگىنىچە ئېلىپ كىرىشتى......

ئەتىسى مالچىلار پاتەمنىڭ مەھەللە ئايىقىدىكى دوڭغاق جىگدىگە ئېسىلىپ ئۆلۈۋالغانلىقىنى كۆرۈشتى.

ئۈستىۋاشلىرىنى خۇددى ئىت تالىۋەتكەندەك جۇل-جۇل كىيىملىك ئايشەمخان ئالدىغا ئۇچرىغانلىكى ئادەمنى تىللاپ-تۇكۇرۇپ، گاھ يۇرەكنى ئەزگۈدەك يىغلىسا ، گاھ توختىماي كۈلەتتى. ئۇ قايسىلا ئۆيگە كىرسە ئاياللار ئۇنىڭ قورسىقىنى تويغۇزۇپ ، چاچلىرىنى تاراپ قويۇپ ، ھەم ئۇنىڭ بەختسىزلىكىگە ئېچىنىپ ياش تۆكەتتى ، ئاشكارە بىر نەرسە دېيەلمىسمۇ،ئىچىدە ئابلا بەگنىڭ يەتمىش پۇشتىغىچە قوشۇپ قاغايتتى.

مامۇت مىراپنى ئابلا بەگنىڭ ئىككى چېرىكى كوچا تۈرمىسىگە ئېلىپ كەتتى، ۋە كوچادا ئىككى ئايغىچە قىيىن-قىستاققا ئېلىنىپ، كونا شەھەرنىڭ شامال باغ تەرەپتىكى سېپىل ئارقىسىدىكى خەندەك بويىدا ئېتىپ تاشلاندى.

(5)

‹‹بۆگۈن كىچىك غولدا ئادەم ئاتىدىكەن››،دېگەن ۋەھىمىلىك خەۋەر تارقىلىش بىلەن تەڭ، كىچىك غولغا قېرى-ياش بىر توپ ئادەملەر ھەيدەپ كېلىندى. قوللىرى كەينىگە قايرىپ باغلانغان تۇتقۇنلارنى چېرىكلەر يۇمىلاق دائىرە ھاسىل قىلىپ، قورالىق قورشىۋالغان ئىدى. سۇۋ لېيەنجاڭ ئابلا بەگنى ئەگەشتۈرۈپ، تۇتقۇنلارنى بىرمۇ-بىر كۆرسىتىپ چىقتى. نۆۋەت ئابلا بەگنىڭ سىڭلىسىنىڭ بالىسغا كەلگەندە، ‹‹تونىمايمەن›› دەپ ئۆتۈپ كەتتى.

ــ بېگىم!ئاۋۇ سىڭىللىرىنىڭ بالىسى، قۇچاقلىرىدا ساقاللىرىنى سىيلاپ ئەركىلەپ، چوڭ دادا، دەپ چوڭ بولغان. مېنىڭ يۈزۈمنى قىلمىسىلىمۇ، بىر قورساق سىڭىللىرىنىڭ نالىسى ئۈچۈن بولسىمۇ قۇتقۇزىۋۇالسىلا، ئۇ سىلىنىڭ قەۋملىرى،- دېدى داگىم چېكە بېلىنىپ. ئۇنىڭ ئىككى كۆزىدىن قۇيۇلۇۋاتقان ياش ساقلىنى بويلاپ يامغۇردەك تامچىلايتتى، ئابلا بەگ كۆزىنىڭ قىرىنىمۇ سېلىپ قويمىدى. سۇۋ لېيەنجاڭ ‹‹شا›› دېيىشى

www.kitaphumar.com
www.uyghurkitap.com

بىلەن، مىلتىقلاردىن چىققان ئوقلاردا تۇتقۇنلار ‹‹گۈپ-گۈپ›› قىلىپ بىر-بىرلەپ يىقىلدى.....

ھەپتە ئۆتمەيلا، سوۋېت لىيەنجاڭ ئابلا بەگنى كۇچاغا ماڭدۇرۇۋېتىپ، ئاق بۇلۇڭغا چىقىپ، 2 تۆمۈر ساندۇقتا يۇشۇرۇپ قويغان نۇرغۇن ئالتۇن-كۈمۈشلەرنى ئەكەلدۈرۈپ، قېيىردىن غايىب بولدى...

(6)

1951-يىلى ئىجارە ھەققىنى كېمەيتىش،زومىگەرلەرنى باستۇرۇش خىزمەت گۇرۇپپىسى يېزا تەۋەسىدىكى بارلىق كىشىلەرنى سەپەرۋەر قىلىپ، چوڭ يىغىن ئېچىۋاتاتتى. قوللىرى باغلانغان،دۈمبىسىدىكى ئۇزۇن تاختايغا ‹‹ئۆلۈم جازاسى›› دېگەن خەت قىستۇرۇلغان ئابلا بەگنىڭ ئىلگىرىكى كۆرەڭلىكىدىن ئەسەرمۇ قالمىغان ئىدى.

—بۇ مۇناپىقتا ئون ئۆلۈممۇ ئازلىق قىلىدۇ. نۇرغۇن بىگۇناھ كىشىلەرنىڭ خۇن قەرزى بار. شۇڭا يۇقىرىدىن ئۆلۈم جازاسى بېرىشنى تەستىقلىدى،- دېدى ھەربىي فورما كىيىگەن باشلىق.

- ئەل قىساسى مىنەل ھەق. -

-قاشقا قىلساڭ كۆزگە، كىشىگە قىلساڭ ئۆزگە.

-بىزنى قاقشىتىپ يىغقان مال-دۇنيانىمۇ ئېلىپ كەتتى.

كىشىلەر بۇ زالىم قانخور ئۈستىدىن شىكايەت قىلىۋاتقاندا،‹‹پاڭ›› قىلغان ئاۋاز ئاڭلىنىپ،دەرەختىكى قاغىلارنى ئۈركۈتۈپ، يىراقلارغا ئۇچۇرىۋەتتى...

- ياشىسۇن ئازادلىق!

- ياشىسۇن كومپارتىيە !

- ياشىسۇن ماۋجۇشى !- توپ ئىچىدىن چۇقان كۆتۈرۈلدى.

يۈزى قارا ئابلا بەگ،

ئەۋلادىڭنى ساتتىڭمۇ.

بىر پاي ئوقتا جان بېرىپ،

غېرىچ يەردە ياتتىڭمۇ؟

ئايشەمخان قوشاق قاتقىنىچە، يوغان جىگدە شېخىنى سۆرەپ،توپا توزۇتقىنىچە ئۇياقتىن بۇياققا چېپىپ يۈرەتتى،قانغا مىلەنگەن جەسەت بارا-بارا توپا-چاڭغا كۆمۈلۈپ كەتتى...

www.kitaphumar.com

(2009ـ 2010ـيىللار، باي)

---

## ئىزاھلار:

1. مەزكۇر ئەسەر مەرھۇم ھەسەن سەپەرنىڭ ئەسلىمىسىگە ئاساسەن يېزىلدى.

2.(1)(2)(3)(4)(12) يەر ـ جاي ناملىرى

3.(5) ۋۇ يوڭشىڭ ـ ئەينى يىللىرىدىكى باي ناھىيەلىك ساقچى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى.

7.(6) مۇساجى ـ ئەينى يىللىرىدىكى باي ناھىيەلىك ساقچى ئىدارىسىنىڭ باش سوراقچىسى.

8.(7) ۋۇ شۈ بىڭ ـ ئەينى يىللىرىدىكى ئاقسۇ ۋىلايەتلىك ساقچى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى، ل. مۇتەللىپ قاتارلىق ئىنقىلاپچىلارنى ئۆلتۈرگەن جاللات.

(ئاپتور ـ باي ناھىيەلىك خەلق دوختۇرخانىسى ئىچكى بۆلۈمىنىڭ دوختۇرى)

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

www.kitaphumar.com

# ئېتىش

## ئا.س.پۇشكىن
## (روسىيە)

بۈيۈك رۇس شائىرى ئالېكساندىر سېرگېۋىچ پۇشكىن(1799ـ1837) ئۆزىنىڭ 20 يىللىق ئىجابىي ھاياتىدا «يېۋگېنى ئونېگىن»، «سىگانلار»، «پولتاۋا»، «مىس چەۋەنداز»، «باغچا سارايي فونتانى» قاتارلىق ئۈلمەس داستانلارنى، رۇس ھاياتىنىڭ ئەڭ كەڭ ۋە ئۆتكۈر دراماتىك مەنزىرلىرى يارىتىلغان «بورىس گودونوف»، «موسارت ۋەسالىرى» قاتارلىق ئاجايىپ درامىلارنى، شۇنداقلا مەزمۇن كەڭلىكى ۋە بەدىئىي يارقىنلىقى بىلەن كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان «كاپىتان قىزى»، «دوبرووۋسكى»، «قاغىنىڭ ماتكىسى» قاتارلىق رومان، پوۋېستلارنى يېزىپ، رۇس ئەدەبىياتىنىڭ پۈتۈن بىردەۋرلىك تەرەققىيات تارىخىنى ياراتتى. ئۇنىڭ «بېلكىن قىسسىلىرى» كىتابىغا كىرگەن ھېكايىلىرى پۇشكىنىنىڭ مىسلى كۆرۈلمىگەن بەدىئىي قۇدرىتىنى يەنە بىر قېتىم نامايان قىلىپ، ئۇنى ھېكايىچىلىق ئىجادىيىتىنىڭ دۇنياۋى ئۇستىسىغا ئايلاندۇردى. ئۇنىڭ تۆۋەندە ئوقۇرمەنلەرگە تەقدىم قىلىنىۋاتقان «ئېتىش» ناملىق ھېكايىسى رۇس مىللىي خاراكتېرىنىڭ بەكمۇ نازۇك ۋە يارقىن بىر تىپى يارىتىلغان، پۇشكىن پىروزىسىنىڭ ئىجادىي، بەدىئىي پەللىسىنى تېخىمۇ روشەن يورىتىپ بېرىدىغان قالتىس ئەسەردۇر.

بىز كەنتتە تۇراتتۇق. ئوفىتسېرنىڭ ھاياتى ھەممىگە مەلۇم: ئەتىگەندە ھەربىي مەشىق، پولكنىڭ كوماندىرىنىڭ ئۆيىدە ياكى يەھۇدىي قاۋاقخانىسىدا چۈشلۈك تاماق، كەچتە مەي ئىچىش، ياكى قارتا ئويناش. بۇ كەنتتە بىرەر ئىشرەتخانا ياكى تاماشاخانا يوق ئىدى. بىز بىر ـ بىرىمىزنىڭكىگە توپلىنىپ كەچلىكىمىزنى ئۆتكۈزەتتۇق. بىزنىڭ ئۇلپەتچىلىكىمىزدە ھەربىي بولمىغان پەقەت بىر كىشى بار ئىدى. ئۇنىڭ يېشى ئوتتۇز بەشلەردە بولۇپ، بىزئۇنى چوڭ بىلىپ ھۆرمەت قىلاتتۇق. ئۇ كۆپ ئىش كۆرگىنى ئۈچۈن ھەممە تەرەپتىن بىزدىن ئۈستۈن تۇراتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇنىڭ تەمكىن مىجەزى، قەيسەر خاراكتېرى، ئاچچىقتىلى بىز ياشلاردا كۈچلۈك تەسىر قالدۇرغانىدى. ئۇنىڭ ھاياتى بەكمۇ غەلىتە ئىدى. ئۇنىڭ ئۆزى رۇسقا ئوخشىسىمۇ لېكىن ئىسمى ئەجنەبىيچە ئىدى. بىر چاغلاردا ئۇ ئارمىيەدە خىزمەت قىلىپ ئوبدان كۆپ كەچۈرگەنىدى. ئۇنىڭ خىزمەتتىن ئايرىلىشى،

بۇيراق كەنتكە كۆچۈپ كىلىپ يالغۇزلۇقتا باياشات كۈن ئۆتكۈزۈشىنىڭ سەۋەبلىرنى هېچكىم بىلمەيتتى. ئۇ قىسقا قارا پەلتو كىيىپ دائىم ياياق يۈرەتتى. ئۇنىڭ ئىشىكى پولكىمىزدىكى ھەممە ئوفىتسىرلەر ئۈچۈن دائىم ئوچۇق ئىدى. ئۇنىڭ ھەربىيدىن بوشىغان خىزمەتكارى تەييارلايدىغان كۈندۈزلۈك تامىقى ئىككى ياكى ئۈچ خىل بولۇپ، شاھپانىسكى ھارىقى مول ئىدى. ئۇنىڭ بايلىقىنىمۇ، كىرىمىنىمۇ ھېچكىم بىلمەيتتى، بۇ ھەقتەسوراشقىمۇ بىرەر كىشى جۈرئەت قىلالمايتتى. ئۇنىڭ ھەربىي ئىشلارغا ئائىت كىتابلىرى ۋە بىر مۇنچە رومانلىرى بار ئىدى. ئۇ، بۇ كىتابلىرىنى باشقىلارنىڭ ئوقۇشىغائارىيەت بىرەتتى. لېكىن ئۇنى قايتۇرۇپ بەرمىگىچە بىرەر قېتىممۇ سورىمايتتى. ئۇنىڭ ئەڭ مۇھىم ئىشى تاپانچا ئېتىشنى مەشىق قىلىش ئىدى. ئۆيىنىڭ تاملىرى ئوقتىن ئۆتمە-تۆشۈك بولۇپ كەتكەن بولۇپ، خۇددى ھەسەل ھەرىسىنىڭ ئۇۋىسىغا ئوخشايتتى. ئۇنىڭ ئۆيىنىڭ بىردىنبىر زىننىتى خىلمۇ خىل تاپانچىلار ئىدى. ئوق ئېتىشتا ئۇئاجايىپ ماھارەتكە ئېرىشكەنىدى. مۇبادا ئۇ بىرەر كىشىنىڭ بېشىغا نەشپۈت قويۇپ ئېتىپ چۈشۈرمەكچى بولسا، پولكىمىزدىكى ھەر قانداق بىر كىشى ئىككىلەنمەستىن ئۇنىڭغا بېشىنى تۇتۇپ بىرەتتى. بىز ئۇنىڭ بىلەن كۆپىنچە دوئىل توغرىسىدا سۆزلىشەتتۇق. سىلۋىئو بۇنداق گەپلەرگە ئۇنچە قىزىقمايتتى. بىز:«دوئىلغا چىققانمۇ سىز؟» دەپ سورىساق، ئۇ خالا-خالىماس ھالدا «ھە، چىققانمەن» دەپ قويۇاتتى، لېكىن تەپسىلاتىنى زادى ئېيتمايتتى. بۇنداق سوئاللارنىڭ ئۇنىڭغا ياقمايدىغانلىقى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. بىز بۇ ئادەم ئۆزىنىڭ دەھشەتلىك ماھارىتى بىلەن بىرەر ئادەمنىڭ بېشىغا چىققان بولسا كېرەك، دەپ ئويلايتتۇق. ئۇنىڭدا ۋەھىمە ۋە قورقۇشتىن ئەسەر يوق ئىدى. لىكىن تاسادىپىي يۈز بەرگەن بىر ھادىسە ھەممىمىزنى ھەيران قالدۇردى.

بىر كۈنى بىزنىڭ ئوفىتسىرلاردىن ئون كىشى سىلۋىئونىڭ ئۆيىدە چۈشلۈك تاماق يىدۇق. ۋىنو ئادىتىمىز بۇيىچە بەكمۇ كۆپ ئىچىلدى. بىر چاغدا بىز ئۆي ئىگىسىدىن قارت ئېچىپ بىرىشنى سورىدۇق. ئۇ دەسلەپ ئۇنىمىدى، كېيىن ئۈستەلگە ئەللىك يۈمەن قويۇپ ئولتۇرۇپ قارتا ئېچىشقا باشلىدى. بىز ئۇنى ئورىۋالدۇق. ئۇيۇن بەكمۇ قىزىپ كەتتى. ئۇيۇن ۋاقتىدا سۆزلىمەي جىم ئولتۇرۇش سىلۋىئونىڭ دائىملىق ئادىتى ئىدى. ئەگەر ئۇيۇندا نازارەتچى خاتا ساناپ قويسا ئۇ كېمىنى دەررۇ تۆزەپ، ئارتۇقىنى يېزىپ قويۇاتتى. بىز ئۇنى ئوبدان بىلەتتۇق. شۇڭا ئۇنىڭ ئۇيۇننى خالىغىنىچە باشقۇرىشىغا دەخلى قىلمايتتۇق.

ئارىمىزدا يىقىندا پولكىمىزغا ئەۋەتىلگەن بىر ئوفىتسىر بار ئىدى. ئۇ ئويۇن ئۈستىدە ھەردەم خىيال بولۇپ، ھېسابىنى توغرا قىلالماي قالدى. سىلۋىئو ئادىتى بۇيىچە بورنى ئېلىپ ھېسابىنى توغرىلاپ يېزىپ قويدى. ئوفىتسىر ئۇنى يېڭىلىشتى دەپ ئويلاپ ئۆز

www.kitaphumar.com
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

ھېسابىنى ئىزاھلاپ چۈشەندۈرۈشكە باشلىدى. سىلىۋئىنو ئۇنىڭ سۆزلىرىگە پەرۋا قىلماي قارتىلىرنى ئېچىۋەردى. ئوفېتسىر تاقەتسىزلىنىپ ئۆچۈرگۈچنى ئالدى-دە، نەزىرىدە ناتوغرا كۆرۈنگەن رەقەملەرنى ئۆچۈرۈپ تاشلىدى. سىلىۋئىنو بورنى ئېلىپ ئۆچۈرۈلگەن سانلارنى قايتا يېزىپ قويدى. ۋىنو، ئۇيۇن ۋە بۇرادەرلەرنىڭ كۈلكىسىدىن قىزىشىپ كەتكەن ئوفېتسىر ئۆزىنى قاتتىق ھاقارەتلەنگەن ھېسابلىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئۈستەلدىكى مىس شامداننى ئېلىپ سىلىۋئىنوغا ئاتتى. سىلىۋئىنو ئۆزىنى چاققان چەتكە ئېلىپ ئۈلگۈرگىنى ئۈچۈن شامدان ئۇنىڭغا تەگمىدى. بىز ھەممىمىز جىددىيلىشىپ كەتتۇق. سىلىۋئىنو ئورنىدىن تۇرۇپ غەزەپتىن ئاقارغان ۋە كۆزلىرى چاراقلىغان ھالدا ئوفېتسېرغا قاراپ دېدى:

-مەرھەمەت جاناب، ئۆيدىن چىقىڭ، خۇداغا شۈكرى قىلىڭكى، بۇ ئىشىمىنىڭ ئۆيۈمدە بولدى.

بىز بۇ ئىشنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ يامان بولىدىغانلىقىنى بىلگىنىمىز ئۈچۈن، بۇرادىمىزنى سۆزسىز ئۆلدى دەپ ھېسابلىدۇق. ئوفېتسېر ئۆي ئىگىسىنىڭ خورلىغىنى ئۈچۈن ھەر قانداق ۋاقىتتا جاۋاب بېرىشكە تەييار ئىكەنلىكىنى ئېيتتى-دە، چاللۋاقاپ چىقىپ كەتتى، ئۇيۇن يەنە بىر نەچچە مىنۇت داۋام قىلدى. بىز ئۆي ئىگىسىنىڭ نائىلاج ئويناۋاتقانلىقىنى سېزىپ ئورنىمىزدىن تۇرۇشتۇق. سىرىتقا چىقىپ ئوفېتسېرنىڭ ئىش ئورنىنىڭ تېز ئارىدا بوش قالىدىغانلىقى توغرىسىدا بىردەم غۇلغۇلا قىلىشىپ، ئۆيلىرىمىزگە تارقىلىشتۇق.

ئەتىسى ئەتىگەنلىك مەشىقتە بىز بىچارە ئوفېتسېر تىرىكمىدۇ دەپ ئېچىنىشىپ تۇرغىنىمىزدا دەل ئۇنىڭ ئۆزى كىلىپ قالدى. بىز بۇ سوئاللىرىمىزنى ئۇنىڭ ئۆزىگە بەردۇق. ئۇ سىلىۋئىنو ھەققىدە «ھازىرچە ھېچقانداق خەۋەر ئالمىدىم» دەپ جاۋاب بەردى. بۇ ھال بىزنى ھەيران قالدۇردى. بىز سىلىۋئىنونىڭ ئۆيىگە باردۇق.

ئۇنى ھويلىدا، دەرۋازىغا يېپىشتۇرۇلغان قارتىنىڭ تۈزىغا ئوق ئۈزۈۋاتقان ھالدا كۆردۇق. ئۇ بىزنى ئادەتتىكىچە قارشى ئالدى. ئاخشامقى ھادىسە توغرىسىدا بىر ئېغىزمۇ سۆز قىلمىدى. ئۈچ كۈن ئۆتتى، ئوفېتسېر تېخىچىلا تىرىك ئىدى. بىز بىر-بىرىمىزدىن «ئەجەبا، سىلىۋئىنو دوئېلغا چىقمامدىكەن؟» دەپ سورىشاتتۇق. ھەقىقەتەنمۇ سىلىۋئىنو دوئېلغا چىقمىدى. ئاددىيلا بىر ئىزاھقا قانائەتلىنىپ ئوفېتسېر بىلەن يارىشىپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن ياشلاردا سىلىۋئىنوغا نىسبەتەن يامان پىكىر پەيدا بولدى. ئادەتتە ئادىمىلىكنىڭ ئەڭ يۈكسەك پەزىلىتى باتۇرلۇقتا دەپ بىلىپ كەلگەن بۇ ياشلار بۇنداق

www.kitaphumar.com

چاغدا جاسارەتسىزلىك قىلىشنى زادىلا كەچۈرمەيتتى. شۇنداق بولسىمۇ ھەممە نەرسە ئاستا-ئاستا ئۇنتۇلۇپ، سىلىۋىئونىڭ بۇرۇنقى ئابرويى يەنە ئەسلىگە كەلدى.

تەبىئەت رومانتىك تەسەۋۋۇرغا ئىگە بولغانلىقىدىن ھاياتى سىرلىق تۈيۈلىدىغان ۋە قانداقتۇر بىر سېھىرلىك ھېكايىنىڭ قەھرىمانى بولۇپ كۆرۈنىدىغان بۇ ئادەمگە مېنىڭ ئىخلاسىم بەكمۇكۆچلۈك ئىدى. ئەمما ئاشۇ كېچىسى يۈزبەرگەن كۆڭۈلسىز ۋەقەدىن كېيىن ئۇنىڭ قەلبىمدىكى ھۆرمىتى خىرەلەشتى. مەن ئۇنىڭ يۈزىگە قاراشتىن ئۇيات ۋە خورلۇق ھېس قىلاتتىم. سىلىۋىئو بەكمۇ ئەقىللىق ۋە سەزگۈرئادەم بولغانلىقىدىن مېنىڭ كەيپىياتىمنىڭ قانداقلىقىنى ۋە ئۇنىڭ سەۋەبىنى ئوبدان بىلەتتى. بۇ ھال ئۇنى رەنجىتەتتى. مەن ئۇنىڭ مەن بىلەن شۇ ھەقتە سۆزلەشمەكچى بولغانلىقىنى بىر-ئىككى قېتىم سېزىپ قالدىم. ئەمما مەن بۇنى بىلمەسكە سېلىپ يۈرۈۋەردىم.

سەيشەنبە ۋە جۈمە كۈنلىرى بىزنىڭ پولك ئىشخانىسى ئوفىتسېرلاربىلەن تولۇپ كېتەتتى. بەزىلەر پۇل، بەزىلەر خەت، بەزىلەر گېزىت-ژۇرنال كۈتەتتى. ئادەتتە خەتلەر شۇ يەردىلا ئېچىلىپ، يېڭىلىقلار نەق مەيداندا ئېيتىلاتتى. بۇنداق چاغدا پولك شتابى ئادەمگە تولۇپ، ئادەتتىن تاشقىرى قىزىپ كېتەتتى. سىلىۋىئونىڭ خەت-چەكلىرىمۇ ئادەتتە بىزنىڭ پولك ئارقىلىق كېلەتتى. كۈنلەرنىڭ بىرىدە پولك ئىشخانىسى ئۇنىڭغا بىر پارچە خەت بەردى. ئۇ بەكمۇ تاقەتسىزلىك بىلەن خەتنى ئاچتى. ئۇ خەتنى كۆرۈپ ھاياجانىدىن تىترەپ كەتتى. ئۆز خەتلىرى بىلەن بولۇپ كەتكەچكە ئەتراپتىكى ئوفىتسېرلار ھېچنېمىنى سەزمىدى.

-جاناپلار،-دېدى سىلىۋىئو،- مېنىڭ دەرھال كېتىشىم كېرەك بولۇپ قالدى. بۈگۈن كېچىسى يولغا چىقىمەن. مەن سىلەرنى مېنىڭ ئۆيۈمدە ئاخىرقى قېتىم مېھمان بولۇشقا تەكلىپ قىلىمەن. مەن سىزنىمۇ كۈتىمەن،-دەپ داۋام قىلدى ئۇ ماڭا قاراپ،- جەزمەن كېلىڭ!

ئۇ گېپىنى تۈگىتىپ ئالدىراپ چىقىپ كەتتى. بىز ھەممىمىز سىلىۋىئونىڭكىگە توپلانماقچى بولۇپ خوشلىشىپ تارقىلىشتۇق. مەن بەلگىلەنگەن ۋاقىتتا سىلىۋىئونىڭكىگە كەلسەم پۈتۈن پولك ئوفىتسېرلىرى دېيەرلىك شۇ يەردە ئىكەن. ئۇنىڭ ئۆيىدىكى ھەممە نەرسە نىمىلەرگىدۇ قاچىلانغان بولۇپ، ئۆتمە-تۆشۈك بولۇپ كەتكەن تاملار يالىڭاچ ئىدى. بىز ئۈستەل ئەتراپىغا كېلىپ ئولتۇرۇشتۇق. ئۆي ئىگىسىنىڭ كەيپى جايىدا ئىدى. كۆپ ئۆتمەستىن ئۇنىڭ خۇرسەندچىلىكى ھەممىمىزگە تەسىر قىلدى. بوتۇلكىلار ھەر ۋاقىت ۋاقىلداپ ئېچىلىپ، ئىستاكانلار كۆپۈكلىنىپ، تىنماي ۋىشىلدايتتى.

www.kitaphumar.com
ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

بىز بولساق سەپەرچىگە كۆچىنىپ ئاق-يول ۋە بەخت-سائادەت تىلەيتتۇق. يېرىم كېچە بولغاندا ئۇستەل ئەتراپىدىن تۇردۇق. سىلىۋئىو ھەممە بىلەن قىزغىن خەيرلەشتى. چىقىپ كېتىۋاتقان چېغىمدا ئۇ قولۇمدىن تۇتۇپ توختاتتى ۋە «سىز بىلەن سۆزلەشمەكچىمەن» دېدى ئاستا. مەن قالدىم.

ئىككىمىز ئۇندىمەستىن تۈرۈپكىلىرىمىزنى شوراپ ئولتۇرۇشتۇق. سىلىۋئىو نېمە ئۈچۈندۇر پەرىشان بولۇپ ئۇنىڭ خۇشچاقچاقلىقىدىن ئەسەرمۇ قالمىغانىدى . ئۆزى مەيۈس، رەڭگى ئاپئاق ئاقارغان بولۇپ كۆزلىرى چاراقلاپ يېنىپ تۇراتتى. بۇ ھال ئۇنىڭ ئاغزىدىن چىقىۋاتقان قويۇق تۈتۈن بىلەن قوشۇلۇپ ئۇنى شەيتانغا ئوخشىتىپ قويغانىدى. بىر نەچچە مىنۇت ئۆتكەندىن كېيىن سىلىۋئىو جىمىلىقنى بۇزۇپ: «بەلكى بىز بۇنىڭدىن كېيىن زادىلا كۆرۈشەلمەسمىز،-دېدى،-جۇدالىق ئالدىدا مەن سىز بىلەن سۆزلەشمەكچىمەن. باشقىلارنىڭ گەپلىرىگە ئانچە ئەھمىيەت بېرىپ كەتمەيدىغانلىقىمنى سىز بىلىسىز. لېكىن مەن سىزنى قەدىرلەيمەن. شۇڭا كۆڭلىڭىزدە بىرەر خاتا پىكىرنىڭ قېلىشى مەن ئۈچۈن بىر ئازاب». ئۇ توختىدى ۋە تارتىپ بولغان تۈرۈپكىسىغا تاماكا تولدۇرۇشقا باشلىدى. مەن يەرگە قارىغىنىمچە جىم ئولتۇرۇۋەردىم.

-ئاشۇ تەلۋە مەست R دىن قىساس ئالمىغانلىقىم سىزگە غەلىتە تۇيۇلغاندۇ،-دېدى ئۇ،-سىز شۇنىڭغا ئىشىنىڭكى، قورال تالالاش ھوقۇقى مەندە بولغىنى ئۈچۈن ئۇنىڭ ھاياتى دائىم مېنىڭ قولۇمدا بولۇپ، مېنىڭ ھاياتىم بولسا پۈتۈنلەي خەۋپسىز ئىدى. مەن ئۆزۈمنى بۇنداق تۇتۇۋېلىشىم پۈتۈنلەي ئالىيجانابلىقتىن دەپ چۈشەندۈرسەممۇ بولاتتى، لېكىن مەن يالغان سۆزلەشنى خالىمايمەن. ئەگەر مەن ئۆز ھاياتىمنى ھېچقانداق تەھدىتتە قالدۇرماي Rنى جازالىيالىسام ئىدى، ئۇ چاغدا ئۇنى زادىلا كەچۈرمىگەن بولاتتىم.

مەن ھەيران بولۇپ سىلىۋئىوغا قارىدىم. ئۇنىڭ بۇ گېپى مېنى خىجىللىقتا قالدۇردى. سىلىۋئىو سۆزىنى داۋام قىلدى:

-دەل شۇنداق، مېنىڭ ئۆزۈمنى روھەن ئۆلۈمگە مەھكۇم قىلىشقا ھەققىم يوق. ئالتە يىل بۇرۇن مەن بىرسىدىن شاپىلاق يېگەنمەن. ئۇ دۈشمىنىم تېخى تىرىك.

مەن بۇ ئىشقا بەكمۇ قىزىقىپ قالدىم.

-سىز ئۇنىڭ بىلەن دۇئېلغا چىقتىڭىزمۇ، ياكى باشقىلار ئارىغا كىرىپ سىلەرنى كېلىشتۈرۈپ قويدىمۇ؟-دەپ سورىدىم مەن.

-مەن ئۇنىڭ بىلەن دۇئېلغا چىقتىم،- دەپ جاۋاب بەردى سىلىۋئىو،-مانا بۇ ئاشۇنىڭدىن قالغان خاتىرە.

www.kitaphumar.com

ئۇ ئورنىدىن تۇردى ۋە زەر پوپوكلۇك قىزىل شەپكىسىنىئېلىپ بېشىغا كىيدى. ئوق پىشانىدىن ئىككى ئىلىك يۇقىرنى تېشىپ ئۆتكەنىدى.

-مېنىڭ ئارمىيىدە ئالاھىدە قىسىمدا خىزمەت قىلغانلىقىمنى بىلىسىز،-دەپ داۋام قىلدى سىلىۋئىو.- مىنىڭ مىجەزىم سىزگە مەلۇم. مەن ھەرقانداق ۋاقىتتا باشقىلاردىن يۇقىرى تۇرۇشقا ئادەتلەنگەنمەن. بۇ ياشلىقىمدىن قالغان بىركونا كىسەل. بىزنىڭ زامانىمىزدا جىدەلخورلۇق بىر مودا ئىدى. بىز ئىچىكىۋازلىقىمىزبىلەن ماختىناتتۇق. مەن شائىر دىيىنىس داۋىدوف مەدھىيىلىگەن مەشھۇر ئىچەرمەن بورسوفنىمۇ «داد» دىگۈزۋۋىتەتتىم. بىزنىڭ پولكتا ھەر ۋاقىت دېگۈدەك دوئىل بولۇپ تۇراتتى. مەن ئۇلارنىڭ ھەممىسىگە ياكى گۇۋاھچى، ياكى ئىشتىراكچى بولۇپ قاتنىشاتتىم. دوستلىرىم مىنى ھۆرمەت قىلىشاتتى. لېكىن پولكنىڭ تېز-تېز يېڭىلىنىپ تۇرىدىغان باشلىقلىرى بولسا مېنى بىر بالا-قازا دەپ بىلەتتى.

مەن خاتىرجەم ھالدا شۆھرىتىمدىن زوقلىنىپ يۈرەتتىم. شۇ ۋاقىتتابىزنىڭ پولكقا دۆلەتمەن ۋە ئىسىلزادە ئائىلىگە مەنسۇپ بولغان بىر يىگىت كەلدى. ئۆمرۈمدە بۇنداق بەختلىك ئادەمنى كۆرمىگەنىكەنمەن! ياش،ئەقىللىق، كېلىشكەن، خۇشچاقچاق، جاسارەت كۆرستىشتە بېپەرۋا، ھېسابىنى ئۆزى بىلمەيدىغان ۋە ھېچقاچان تۈگىمەيدىغان دەبى-دۇنيا ئىگىسى بولغان بىر پۇلدار ئادەمنى كۆز ئالدىڭىزغا كەلتۈرۈڭ. شۇنداقلائۇنىڭ بىزدە قانداق تەسىر قالدۇرۇشىنى تەسەۋۋۇر قىلىڭ. ئۇ پەيدا بولۇپ مىنىڭ ئادەتلەنگەن ئۈستۈنلىكىم تەھدىتكە ئۇچىردى. ئۇ مىنىڭ داۋرىڭىمنى ئاڭلاپ مەن بىلەن دوست بولۇش يولىنى ئىزدىدى. بىراق مەن ئۇنى سوغۇق قارشى ئالدىم. ئۇ بولسا ھېچقانداق بىر ئىپادە بىلدۈرمەي مېنىڭ يېنىمدىن كەتتى. مەن ئۇنى بەكمۇ يامان كۆرۈپ قالدىم. ئۇنىڭ پولكتىكى ۋە ئايالالار ئىچىدىكى ئىززەت-ھۆرمىتى مېنى قاتتىق غەزەپلەندۈرەتتى. مەن ئۇنىڭ بىلەن جىدەللىشىش ئۈچۈن باھانە ئىزدەشكە كىرىشتىم. مىنىڭ يېزىپ ئەۋەتكەن ھەجۋى شېئىرلىرىمغا ئۇمۇ شېئىر بىلەن جاۋاب بېرەتتى. ئۇنىڭ شېئىرلىرى كۈتمىگەندە ھەممە چاغدا مىنىڭدىن ئۆتكۈر ۋە كۈچلۈك بولۇپ چىقاتتى. ئۇ ماڭا ئاچچىق چاقچاق قىلاتتى، مەن بولسام غەزەپلىنەتتىم. نىھايەت بىر كۈنى پولك پومشچىكنىڭ ئۆيىدە بولغان بەزمىدە مەن ئۇنىڭ پۈتۈن ئايالالارنىڭ دىققىتىنى، بولۇپمۇ مەن بىلەن مۇناسىۋەتتە بولۇپ كەلگەن بىر بەگزادە خانىمنىڭ نەزەر-ئېتىبارىنى ئۆزىگە تارتىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، مەن زادىلا چىدىمىدىم. ئۇنىڭ يېنىغا بېرىپ قۇلىقىغا بىر زەھەرخەندە گەپ قىلدىم. ئۇ تولغىنىپ كەتتى ۋە غەزەپ بىلەن يۈزۈمگە بىر شاپىلاق سالدى. بىز قىلىچلىرىمىزنى

www.uyghurkitap.com

يالىڭاچلاپ بىر-بىرىمىزگە تاشلاندۇق. خانىملار ھوشىدىن كېتىپ يىقىلىشتى. بىزنى جامائەت ئايرىۋېلىشتى. بىز ئاشۇ كېچىنىڭ ئۆزىدىلا دوئىلغا چىقىشنى كېلىشتۇق.

سەھەر پەيتى ئىدى. مەن ئۈچ گۇۋاھچىم بىلەن بىللە بەلگىلەنگەن ئورۇندا دۈشمىنىمنى تاقەتسىزلىك بىلەن كۈتەتتىم. باھار قۇياشى كۆتۈرۈلۈپ ئىسسىق قىزىتىشقا باشلىدى. مەن ئۇنى يىراقتىن كۆردۈم. ئۇ ھەربىي فورما كىيگەن ۋە قىلىچ تاقىغان بولۇپ، بىر گۇۋاھچىسى بىلەن بىللە كېلىۋاتاتتى. بىز ئۇ كېلىۋاتقان تەرەپكە ماڭدۇق. ئۇ شەپكىسىگە تولدۇرۇلغان گىلاسنى بىر قولى بىلەن تاللاۋاتقان ھالدا بىزگەيېقىنلاشتى. گۇۋاھچىلار بىزگە ئېتىشىش ئارلىقىنى ئۆلچەپ بېرىشتى. مەن بىرىنچى بولۇپ ئوق ئۈزۈش ھوقۇقىغا ئېرىشتىم. لېكىن مەن بەكمۇ ھاياجانلىنىپ كەتكەنلىكىمدىن توغرا نىشانغا ئالالماسلىقىمدىن ئەنسىرەپ بىرىنچى بولۇپ ئېتىش ھوقۇقىنى ئۇنىڭغا بەردىم. دۈشمىنىم رازى بولمىدى. ئاخىرى چەك تارتىشقا توغرا كەلدى. بىرىنچى بولۇپ ئوق ئۈزۈش نۆۋىتى ئۇنىڭغا، يەنى ئەبەدىي بەختىيار بولىدىغان ئامەتلىك كىشىگە چىقتى. ئۇ نىشانغا ئېلىپ ئېتىۋىدى ئوق شەپكەمنى تېشىپ ئۆتۈپ كەتتى. نۆۋەت ماڭا كەلدى. ئەمدى ئۇنىڭ ھاياتى مېنىڭ قولۇمدا ئىدى. مەن بىرەر قورقۇش ۋە بىئارام بولۇش ئالامىتىنى ئىزدەپ ئۇنىڭ چىرايىغا دىققەت بىلەن تىكىلدىم. ئۇ بەلگىلەنگەن تاپانچا ئالدىدا توغرا تۇرۇپ، شەپكىسىدىكى پىشقان گىلاسلارنى خاتىرجەم تاللاپ ئاغزىغا سالاتتى-دە شۇمەلگەن ئۇرۇقلارنى مەن تەرەپكە قارىتىپ كۈچەپ تۈكۈرەتتى. ئۇنىڭ مۇنداق بىپەرۋالىقى مېنىڭ تېخىمۇ غەزىپىمنى كەلتۈرىۋەتتى. ئۆز ھاياتىنى قەدىرلەشنى بىلمەيدىغان مۇنداق يارامسىز ئادەمنى ئۆلتۈرۈشنىڭ نېمە لەززىتى بولسۇن؟ ئويۇمغا بىر ياۋۇز پىكىر كەلدى. تاپانچىنى نىشاندىن پەسكە چۈشۈردۈم-«قارىغاندا سىز ھازىر ئۆلۈش نىيىتىدە ئەمەسكەنسىز،- دېدىم ئۇنىڭغا، -- مەرھەمەت قىلىپ ناشتىڭىزنى قىلىۋېرىڭ. مەن سىزگە ئەمدى دەخلى قىلمايمەن».

-سىز ھازىر نېمە قىلىسىڭىزمۇ ماڭا دەخلى قىلغان بولمايسىز،-دېدى ئۇ پەرۋاسىز ھالدا، - مەرھەمەت قىلىپ ئېتىۋېرىڭ. ئۆزىڭىز ئوبدان بىلىسىز، ئېتىش نۆۋىتى ئەمدى سىزنىڭكى. مەن خىزمىتىڭىزگە ھەرقاچان تەييارمەن.

مەن گۇۋاھچىلارغا بۈگۈن ئاتمايدىغانلىقىمنى بىلدۈردۈم. شۇنىڭ بىلەن دوئىل تۈگىدى. مەن خىزمەتتىن ئايرىلىپ بۇ يەرگە كەلدىم. شۇنىڭدىن بېرى ئۈچ ۋە قىساس توغرىسىدا ئويلىمىغان بىر كۈنىممۇ بولمىدى. ئەمدى مانا مەن كۈتكەن ئاشۇ پەيت كەلدى.

سىلىۋىئو ئەتىگەن كەلگەن خەتنى يانچۇقىدىن ئېلىپ ماڭا ئۇزاتتى. كىمدۇر بىرى ئۇنىڭغا موسكۋادىن خەت يېزىپ، بىر مەشھۇر زاتنىڭ تېز ئارىدا ياش ۋە گۈزەل بىر قىزغا ئۆيلەنمەكچى بولۇۋاتقانلىقىنى بىلدۈرگەنىدى.

-سىز بۇ مەشھۇر زاتنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى بايقىغانسىز،-دېدى سىلىۋىئو،- مەن دەرھال موسكۋاغا بارىمەن. قېنى كۆرەيچۇ، بۇ جاناب تويى ئالدىدىمۇ ھېلىقى ۋاقىتتىكىدەك ئۆلۈمنى گىلاس يەپ تورۇپ پەرۋاسىز كۈتۈۋالالامدىكىن؟

سىلىۋىئو شۇنداق دەپ ئورنىدىن تۇردى. شەپكىسىنى ئۇستەلگە ئاچچىق بىلەن ئورۇپ، خۇددى قەپەستىن بوشىغان يولۋاستەك ئۆي ئىچىدە قەھىرلىك مېڭىشقا باشلىدى. مەن قىمىر قىلماي ئولتۇرۇپ ئۇنىڭ سۆزلىرىگە قۇلاق سالدىم. بىر-بىرىگە زىت بولغان غەلىتە ھېس-تۇيغۇلار مېنى بىئارام قىلاتتى. خىزمەتكار كىرىپ ھارۋىنىڭ تەييار بولغانلىقىنى ئېيتتى. سىلىۋىئو قولۇمنى قاتتىق قىستى. بىز سۆيۈشۈپ خوشلاشتۇق. ئۇ ئىككى چامادان قويۇلغان ئەپچىل ھارۋىغا ئولتۇرۇپ يۈرۈپ كەتتى. چامادانلارنىڭ بىرىگە ئۇنىڭ تاپانچىلىرى، يەنە بىرىگە بولسا ئۇنىڭ تۇرمۇش لازىمەتلىكلىرى قاچىلانغانىدى.

بىر نەچچە يىل ئۆتتى. ئائىلىۋى شارائىتىم مېنى مەلۇم بىرناھىيىنىڭ ئانچە ئاۋات بولمىغان بىر كەنتىگە كۆچۈپ كېتىشكە مەجبۇر قىلدى. مەن دائىم ئىلگىرىكى قىزغىن، لېكىن پەرۋاسىزلىق ئىچىدە ئۆتكەن ئاشۇ كۈنلىرىمنى ئەسلەپ، ئاستا ئۇھ تارتىپ قوياتتىم. مەن ئۈچۈن ئەڭ قىيىن بولغىنى كۈز ۋە قىش كېچىلىرىنى يالغۇزلۇق ئىچىدە ئۆتكۈزۈش ئىدى. چۈشلۈك تاماق ۋاقتىغىچە كەنت ئاقساقىلى بىلەن گەپلىشىپ، ئىش بىلەن ئۇيان-بۇياقتا بېرىپ ياكى ئىگىلىكىمنى ئايلىنىپ ئانچە قىينالماي ئۆتەتتىم. ئەمما قاراڭغۇ چۈشۈشكە باشلىدىمۇ بولدى، تاقىتىم-تاق بولۇپ ئۆزۈمنى نەگە قويۇشنى بىلمەي قالاتتىم. ئىشكاپلارنىڭ ئاستى بىلەن ئامبارنىڭ بۇلۇڭلىرىدىن تېپىلغان بىر نەچچە كىتاب ئۇقۇۋەرگەنلىكىمدىن يادا بولۇپ كەتتى.ئامبارچى ئايال كىرىلوۋنا بىلىدىغان ھەممە چۆچەكلەرنى بىر نەچچە قېتىمدىن ئاڭلاپ بولدۇم. ئاياللارنىڭ ناخشىلىرى ئەمدى ماڭا زېرىكەرلىك تۇيۇلىدىغان بولدى. ئانچە شېرىن بولمىغان شارابنى ئىچىشكە باشلىۋىدىم، بېشىمنى ئاغرىتتى. توغرىسىنى ئېيتسام غەم- قايغۇدىن ئىچەرمەن بولۇپ كېتىشتىن، يەنى ئۆزىمىزدە كۆپ تېپىلىدىغان كەسىپي مەستلەرنىڭ بىرى بولۇپ قېلىشتىن قورقتۇم. سۆھبىتى كۆپىنچە ئەسنەش ۋە ئۇھ تارتىشتىن ئىبارەت بولغان بىر نەچچە ئىچەرمەندىن باشقا تۈزۈكرەك قوشنامۇ يوق ئىدى. ئۇلار بىلەن بىرگە بولۇشقا قارىغاندا مېنىڭ يالغۇزلۇقىم ياخشى ئىدى.

www.kitaphumar.com

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورىبېتى

مېنىڭدىن تۆت چاقىرىم نېرىدا، گىراف خانىمى B غا قاراشلىق زور بىر زېمىن بار ئىدى. لېكىن ئۇنىڭدا پەقەت ئۇلارنىڭ ئىش باشقۇرغۇچىسىلا ياشايتتى. گىراف خانىم بولسا ئۆزىنىڭ بۇ جايىغا پەقەت بىر قېتىم، يەنى ئەرگە تەگكەن يىلى كېلىپ بىر ئايغا يېقىن تۇرغانىدى.

مېنىڭ تەنھالىقتا ئۆتكەن ھاياتىمنىڭ ئىككىنچى يىلى «گىراف خانىم يازنى ئېرى بىلەن يېزىسىدا ئۆتكۈزىدىكەن» دېگەن خەۋەر تارقالدى. دېگەندەك7-ئاينىڭ بېشىدا ئۇلار كېلىشتى. ئوچۇقنى ئېيتىشىم كېرەككى، ياش ۋە چىرايلىق خانىمنىڭ يېزىمىزغا كېلىشى ماڭا قاتتىق تەسىر قىلدى. سەبىرىم تۈگەپ كۆرۈشۈشكە ئالدىرىدىم. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ئۇ كەلگەن يەكشەنبە كۈنى چۈشلۈك تاماقتىن كېيىن، زاتى ئالىيلىرىغا يېقىن قوشنا ۋە ئىتائەتمەن قۇل ئىلەنلىكىمنى كۆرسىتىپ قويۇش مەقسىتىدە ئۇلار تۇرۇشلۇق جايغا قاراپ يولغا چىقتىم.

خىزمەتكار مېنى گىرافنىڭ خانىسىغا باشلاپ كىردى. ئۆزى بولسا مېنىڭ كەلگەنلىكىمنى خەۋەر قىلىش ئۈچۈن چىقىپ كەتتى. ئازادە خانا تۈرلۈك-تۈمەن بېزەكلەر بىلەن زىننەتلەنگەنىدى. تاملارنىڭ يېنىدا كىتاب بىلەن تولغان ئىشكاپلار بولۇپ ئۇلارنىڭ ئۈستىگە ھەر خىل بىرونزا ھەيكەللەر قويۇلغانىدى. مەرمەر پېچ ئۈستىگە چوڭ تاش ئەينەك قويۇلۇپ، پولغا يېشىل مەۋۋۇت ۋە گۈللۈك گىلەملەر سېلىنغانىدى. مەن گىرافنىڭ چەتتە ياشاشتىكى ئادىتىگە ئۆگىنىشنى يىراق ۋىلايەتتىن كېلىپ مېنىستىرنىڭ قوبۇلىنى تاقەتسىز كۈتۈپ تۇرغان دەردمەن ئادەمدەك قانداقتۇر بىر خىل ھاياجان ۋە ئەندىكىش ئىچىدە كۈتتۇم. بىر چاغدا ئىشىكلەر ئېچىلىپ، ئوتتۇز ئىككى ياشلار چامىسىدىكى كېلىشكەن بىر كىشى كىرىپ كەلدى. گىراف ئوچۇق چىھرى ۋە خۇش مۇئامىلە بىلەن ماڭا يېقىنلاشتى. مەن دەرھال تېتىكلىشىپ، ئۆزۈمنى تونۇشتۇرماقچى بولۇپ تۇراتتىم، لېكىن گىراف ئالدى بىلەن گەپ باشلىدى. بىز ئولتۇرۇشتۇق. ئۇنىڭ ئەركىن ۋە ئازادە گەپ قىلىشى مېنىڭ قورۇنۇشۇمنى بىردەمدىلا تۈگەتتى. مەن ئەسلى ھالىمغا قايتىپ، گىرافقا قايتا سەپسېلىپ قاراۋاتقان چېغىمدا خانىغا بىردىن گىراف خانىم كىرىپ كەلدى. ئۇھەقىقەتەن بەكمۇ گۈزەل ئىدى. گىراف مېنى ئۇنىڭغا تونۇشتۇردى. مەن ئۆزۈمنى خاتىرجەم تۇرۇشقا ھەر قانچە ئۇرۇنسامۇ، ئوخشاشلا بىر خىل قولايسىزلىق ھېس قىلاتتىم. ئۇلارمېنى ياخشى قوشنا ھېساپلاپ، تەكەللۇپسىز مۇئامىلە قىلىپ، ئۆزۈمنى تۇتۇۋېلىشىم ئۈچۈن ئۆز ئارا سۆزلەشتى. بۇ ئوتتۇرىدا مەن ئۇ ياقتىن-بۇ ياققا يۈرۈپ، كىتاب ۋەسۈرەتلەرنى كۆردۈم. مەن سۈرەتلەرنى ئانچە چۈشىنىپ كەتمەيمەن. ئەمما ئۇلاردىن بىرىمىنىڭ دىققىتىمنى بەكمۇ جەلپ قىلدى. بۇ سۈرەتتە شۋېتسارىيىنىڭ بىر مەنزىرىسى تەسۋىرلەنگەنىدى. لېكىن مېنىڭ

دىققىتىمنى تارتقىنى ئۇنىڭدىكى سەنئەت ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ ئىككى ئوق بىلەن بىر جايدىن تېشىلگەنلىكى ئىدى.

-نېمىدىگەن ياخشى ئاتقان-ھە، دېدىم مەن گرافقا قاراپ.

-شۇنداق،-دەپ جاۋاپ بەردىئۇ.-ھەقىقەتەن ياخشى ئېتىلغان. خوش، سىز مۇشۇنداق ئاتالامسىز؟

-يامان ئەمەس ئاتىمەن،-دېدىممەن، گەپنىڭ مىنىڭ ئۇستۇمگە كۆچكىنىدىن خۇشال بولۇپ.- ئوتتۇز قەدەم ئارلىقتا ھەرقانداق قارتنى ئېتىپ چۈشۈرەلەيمەن.

-راستىتىنلىما،-دېدى گرافخانىم سۆيۈنۈپ.-سەنچۇ ئەزىزىم، ئوتتۇز قەدەم نېرىدىن قارتقا تەگكۈزەلەمسەن؟

-كېرەك بولسا سىناپكۆرىمىز،-دېدى گراف،-بىر چاغلاردا ياخشى ئاتاتتىم. مانا تۆت يىل بولدى، قولۇمغاتاپانچا ئالغىنىم يوق.

-ئۇنداق بولسا مەن سىز بىلەن قول باغلىشىمەنكى، زاتى ئالىيلىرى،- دېدىم مەن،- سىز ھازىر يىگىرمە قەدەم ئارلىقتىمۇ قارتقا تەگكۈزەلمەيسىز. چۈنكى تاپانچىنى كۈندە ئېتىپ تۇرۇش كېرەك. مەنپۇلكىمىزدىكى ئەڭ ياخشى مەرگەنلەرنىڭ بىرى ھېسابلىناتتىم. بىر كۈنى تاپانچا مىنرېمونتتىقا بېرىپ، بىر ئايغىچە قۆلۇمغا قورال ئالمىدىم. كېيىن يىگىرمە بەش مېتىر ئارلىقتا نىشانغا قويۇلغان بىر بوتولكىغا تۆت قېتىم ئوق ئۈزۈپمۇ تەگكۈزەلمىدىم. ياق، زاتى ئالىيلىرى، مەشىققە زادى ئېتبارسىز قاراشقا بولمايدۇ. مەن كۆرگەن بىر ئەڭ ياخشى مەرگەن ھەر كۈنى مەشىق قىلاتتى. ھېچ بولمىغاندا چۈشلۈك تاماقتىن كېيىن ئۈچ قېتىم ئاتاتتى. بۇ ئۇنىڭغا ھەر كۈنى ئىچىدىغان بىر قەدەھ مەيدەك ئادەت بولۇپكەتكەنىدى.

گراف بىلەن گراف خانىم مىنىڭ ئۆزۈمنى ئۇنتۇپ قىزىپ سۆزلەپ كەتكەنلىكىمدىن خۇرسەن ئىدى.

-ئۇ قانداق ئاتاتتى، دەپ سورىدى گراف قىزىقىپ.

-قالتىس ئاتاتتى، زاتى ئالىيلىرى،-دېدىم قىزىشىپ،-مۇبادا ئۇ ئۆيىنىڭ تېمىغا چىۋىن قۇنۇپ قالسا، سىز كۈلۈۋاتامسىز گراف خانىم، يالغان ئېيتقان بولسام خۇدا ئۇرسۇن، ئۇ خىزمەتكارىغا تاپانچىنى ئېلىپ كىلىشنى بۇيرۇيتتى. كېيىن ئوقلانغان تاپانچىنى قولىغا ئېلىپ چىۋىننى ئېتىپ تامغا كىرگۈزۋۇەتتەتتى.

-تەئەججۇپ!-دېدى گراف،-خوش،ئۇنىڭ ئىسمى نېمە ئىدى؟

-سىلىۋئىو ئىدى زاتى ئالىيلىرى.

www.uyghurkitap.com

-سىلىۋئو؟-گراف ئۆلتۇرغان ئورنىدىن سەكرەپ تۇرۇپ كەتتى.- سىز سىلىۋئونى تونۇمسىز؟

-نېمىشقا تونۇماي زاتى ئالىيلىرى،-دەپ جاۋاب بەردىم مەن،-ئۇ مىنىڭ يېقىن دوستۇم ئىدى. سىلىۋئو بىزنىڭ پولكقا خۇددى كونا دوستت-بۇرادىرىمىزدەك قىزغىن قوبۇل قىلىنغانىدى. مانا بەش يىلبولدى، ئۇنىڭ هېچ خەۋىرى بولمىدى. زاتى ئالىيلىرىمۇ ئۇنى تونۇيدىكەنسىز-دە.

-تونۇيتتىم،-دېدى گىراف،-ياخشى تونۇيتتىم. ئۇ سىزگە دېگەنمىدى؟ ياق،دېمىگەندۇ بەلكىم. ئۇ سىزگە

بەكمۇ ئاجايىپ بىر ۋەقەنى ئېيتىپ بەرگەنمىدى؟

-بىر بەزمىدە قانداقتۇر بىرساياق ئۇرغان شاپىلاقنى دېمەكچىمۇ سىز زاتى ئالىيلىرى؟

-ئۇ سىزگە ئاشۇ ساياقنىڭ ئىسمىنى ئېيتىپ بەرگەنمىدى؟

-ياق زاتى ئالىيلىرى، دېمىگەنىدى. ئاھ زاتى ئالىيلىرى،-دەپ داۋام قىلدىم مەن، ئىشنىڭ تەكتىنى سىزىپ قېلىپ،-ئەپۇ قىلىڭ، مەن بىلمەيتىمەن. ئاشۇ زات سىز بولۇپ يۈرمەڭ يەنە؟

-مەن دەل ئاشۇ ساياق،-دېدى گراف كەيپى ئۇچقان هالدا،-بۇ تېشىلگەن سۈرەت بولسا بىزنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ئۇچرىششىمىزنىڭ يالدامىسى.

-ئاه، ئەزىزىم،-دېدى گراف خانىم،-تەڭرى هەققى ئۆتۈنەي، بۇھەقتە گەپ قىلماڭ. ئاڭلىسام يۈرىكىمنى ۋەھىمە باسىدۇ.

-ياق،-دەپ ئېتىراز بىلدۈردى گراف،-مەن هەممىنى ئېيتىپ بېرىمەن.بۇ مېهمان مېنىڭ ئۇنىڭ دوستىنى قانداق رەنجىتكەنلىكىمنى ئوبدان بىلىدىكەن. ئەمدى ئۇنىڭ ئاخىرىدا مەندىن قانداق ئۆچ ئالغانلىقىنىمۇ بىلىپ قالسۇن. گراف كىرىسلوسىنى مەن تەرەپكە سۈردى. مەن ئولتۇرۇپ ئۇنىڭ تۆۋەندىكى هېكايىسىنى هەۋەس بىلەن ئاڭلىدىم:

-بۇنىڭدىن بەش يىل بۇرۇن ئۆيلەندىم. بىرىنچى شىرىن ئاينى مەنمۇ شۇ يەردە، مۇشۇ يېزىدا ئۆتكۈزدۈم. هاياتىمنىڭ ئەڭ كۆڭۈللۈك چاغلىرىمۇ ۋە ئەڭ ئېغىر دەملىرىمۇ مۇشۇ يەردە ئۆتتى.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە بىز ئىككىمىز ئاتلىق سەيلىگە چىقتۇق. قايتىشىمىزدا خوتۇنۇم مىنگەن ئات نىمە ئۈچۈندۇر ئورنىدا ئايلىنىپ ماڭماي قويدى. ئۇ قورقۇپ ئاتنىڭ چۇلۋۇرىنى ماڭا بېرىپ، ئۆيگە ئۆزى پىيادە كەتتى. مەن ئالدىدىراق يېتىپ كەلدىم. هويلىدا بىر سەپەر هارۋىسىنىڭ تۇرغانلىقىنى كۆردۈم. خىزمەتكارلار ماڭا بىر ئادەمنىڭ ئىسمىنى ئېيتماي، ئىشى بارلىقىنى بىلدۈرۈپ، مېنى ساقلاپ ئولتۇرغانلىقىنى ئېيتتى. مەن ئۆيگە

كېرىپ، ساقاللىرى ئۆسۈپ كەتكەن غەلىتە بىر ئادەمنى كۆردۈم. ئۇ ئاشۇ يەردە تاش مەش ئالدىدا ئولتۇراتتى. مەن ئۇنى تونۇشقا ئۇرۇنۇپ، ئۇنىڭغا يېقىنلاشتىم.

-سەن منى تونۇيالمىدىڭمۇ گىراف،-دېدى ئۇ تىترەك ئاۋاز بىلەن.

-ھوي، سىلىۋئىو،-دەپ ۋارقىرىدىم مەن.

راستىنى ئېيتسام غەزەپتىن مېنىڭ چاچلىرىم بىردىن تىك بولۇشقا باشلىدى.

-توغرا شۇنداق،-دەپ داۋام قىلدى ئۇ،-بىلىسەن، ئېتىش نۆۋىتى مەندە قالغانىدى. مانا ئەمدى تاپانچامنى بوشاتقىلى كەلدىم. قانداق تەييارمۇ سەن؟

ئۇنىڭ ئوڭ يانچۇقىدا تاپانچىسى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. مەن ئارلىقنى ئۆلچەپ خۇتۇنۇم كىلىشتىن بۇرۇن تېزرەك ئېتىشنى ئىلتىماس قىلدىم. ئۆيىنىڭ بۇلۇڭىغا بېرىپ تۇردۇم. ئۇ چىراغ سورىدى. خىزمەتكارلار شام ئەكىرىپ بېرىشتى. مەن ئېشىكلەرنى ئېتىپ ئۆيگە ھېچكىمنى كىرگۈزمەسلىكنى بۇيرۇدۇم. ئۇنىڭ تېزرەك ئېتىشنى يەنە بىرقېتىم ئىلتىماس قىلدىم. ئۇ تاپانچىسىنى ئېلىپ نىشانغا توغرىلاشقا باشلىدى...مەن سىكۇنتلارنى سانايتتىم، سۆيۈملۈك رەپىقەمنى ئەسلەيتتىم. نىھايەت دەھشەتلىك سۈكۈت ئۆتۈپ كەتتى. سىلىۋئىو بىردىن قولىنى چۈشەردى.

-تاپانچامغا ئوق ئورنىغا گىلاس ئۇرۇقى سالمىغىنىمغا ئەپسۇسلىنىمەن،-دېدى ئۇ،-ئوق سۆرلۈك نەرسە. ماڭا بۇ ھامان دوئىل ئەمەس، بەلكى ئاپئاشكارا بىر قاتىللىق بولۇپ تۇيۇلۇۋاتىدۇ. مەن قۇرالسىز ئادەمنى قارىغا ئېلىشنى ئۆگەنمىگەنمەن. ھەممىنى يېڭىدىن باشلايلى، چەك تاشلايمىز، كىمگە چىقسا شۇ بىرىنچى بولۇپ ئاتىدۇ.

بېشىم ئايلىنىپ كەتتى. شۇنداقتىمۇ مەن رازى بولمىدىم. لېكىن ئاخىردا يەنىلا چەك تاشلىدۇق. چەكنى ئۇ بىر چاغدا مېنىڭ ئوقۇم تېشىۋەتكەن شەپكىسىگە سالدى. ماڭا يەنىلا بىرىنچى نومۇر چىقتى. ئۇ مەن زادى ئۇنتۇمايدىغان ئاجايىپ بىر ئىستىھزا بىلەن دېدى:

-گىراف، سەن بەكمۇ بەختلىك ئادەمسەن!

مەن ئۆزۈمنىڭ نىمە بولغانلىقىمنى ۋە ئۇنىڭ مېنى بۇ ئىشقا قانداق مەجبۇرلىغانلىقىنى زادىلا بىلەلمەي قالدىم. لېكىن مەن يەنىلا ئاتتىم. ئوقسىز كۆرگەن مانا بۇ سۈرەتكە تەگدى،-گىراف ئوق تېشىۋەتكەن سۈرەتنى بارمىقى بىلەن كۆرسەتتى.

-مەن ئاتتىم،-دەپ داۋام قىلدى گىراف،-تەڭرىگە مىڭ مەرتە شۈكرىكى، ئوقۇم تەگمىدى. شۇنىڭدىن كېيىن غەلىتە بىر قورقۇنچلۇق تۈسكە كىرگەن سىلىۋئىو مېنى قارىغا ئېلىشقا باشلىدى. بىردىن ئىشىكلەر ئېچىلدى-دە، ئايالىم يۈگۈرۈپ كىلىپ، چىرقىرىغىنىچە قۇچىقىمغا ئۆزىنى تاشلىدى. ئۇنىڭ پەيدا بولۇشى مېنى تېتىكلەندۈردى.

www.uyghurkitap.com



-سۆيۈملۈكۈم، كۆرمەيۋاتامسەن، بىز چاقچاقلىشىۋاتىمىزغۇ؟-دېدىم ئۇنىڭغا.- نېمىشقا بۇنچە قورقۇپ كەتتىڭ؟ بىرىپ بىر ئىستاكان سۇ ئىچىپ كەل. مەنسىنى بۇ كونا دوستۇم بىلەن تونۇشتۇرىمەن.

ئايالىم ھامان ئىشەنمەيتتى. ئۇ قورقۇنچلۇق تۇسكە كىرگەن سىلىۋىئوغا قاراپ:

-ئېيتىڭلا، ئېرىم راسىت ئېيتىۋاتامدۇ؟ سىلەر راستتىنلا ئوينىشىۋاتامسىلەر،-دەپ سورىدى.

-ئۇ ھەمىشە مۇشۇنداق چاقچاقلىشىدۇ، گىراف خانىم،-دەپ جاۋاب بەردى سىلىۋىئو.- بىر چاغدا چاقچاق قىلىپ مېنى بىر شاپىلاق ئۇرغانىدى. كېيىن يەنە چاقچاق قىلىپ مۇنۇ شەپكەمنى ئوق بىلەن تەشتى. ھازىر يەنە ئوينىشىپ ماڭا قارىتىپ ئوق ئۇزگەنىدى، ئوقى خاتا كېتىپ باشقا يەرگە تەگدى. شۇنىڭ بىلەن مېنىڭمۇ ئويناشقۇم كېلىپ قالدى.

ئۇ شۇنداق دەپ، ئايالىمنىڭ كۆز ئالدىدىلا مېنى نىشانغا ئالماقچى بولدى. ئايالىم ئۇنىڭ ئايىغى ئاستىغا ئۆزىنى تاشلىدى.

-تۇر ئورنىڭدىن، ئۆزۈڭنى خارلىما،-دەپ ۋارقىرىدىم غەزەپ بىلەن،-سىز بىچارە خۇتۇنىنى ئازاپلاشتىن توختامسىز، قانداق؟ زادى ئاتامسىز يوق؟

-ئاتمايمەن،-دەپ جاۋاب بەردى سىلىۋىئو،-مەن بەكمۇ خۇشالمەن. چۈنكى مەن سېنىڭ قورققانلىقىڭنى، ۋەھىمىدىن چۆچۈپ غاللىداپ تىترىگەنلىكىڭنى كۆردۈم. مەن سېنى ئۆزۈمگە قارىتىپ يەنە بىر قېتىم ئوق ئۇزۇشكە مەجبۇر قىلدىم. شۇنىڭ بىلەن مەن قانائەتلەندىم. ئەمدى سەن مېنى ئېسىڭدە تۇتىسەن، سېنى مەن ئۆز ۋىجدانىڭغا تاپشۇردۇم.

ئۇ چىقىپ كەتمەكچى بولۇپ ماڭدى. لېكىن ئىشىك يېنىغا كەلگەندە بىردىن توختاپ مېنىڭ ئوقۇم تەشكەن سۈرەتكە پەرۋاسىزلارچە قارىدى. ئۇنىڭدىن كېيىن تاپانچىسىنى چىقىرىپ نىشاننى كۆزلىمەيلا ھېلىقى سۈرەتكە قارىتىپ ئوق ئۇزدى-دە، ئاستا چىقىپ كەتتى. ئايالىم ھوشىدىن كېتىپ كىرىسلودا ياتاتتى. ئادەملەر سىلىۋىئونى تۇسۇشقا جۈرئەت قىلالماي ئۇنىڭغا ۋەھىمە ۋە قورقۇنچ ئىچىدە قاراپ قالدى. ئۇ سىرتتقا چىقىپ ھارۋىكەشنى چاقىرىپتۇ-دە، مەن ئەس-ھوشۇمنى يىغىپ بولغىچە مېڭىپ كېتىپتۇ.

گىراف جىم بولدى. شۇنىڭ بىلەن مەن بىر ۋاقىتلاردا باشلىنىشى بىلەن مېنى ھەيران قالدۇرغان ئاجايىپ بىر ھېكايىنىڭ ئاخىرىدىن خەۋەر تاپتىم. ئۇ قەھرىمان بىلەن كېيىن مەن ئۇچرىشالمىدىم. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، سىلىۋىئو گىرېكلارنىڭ تۈركىيىگە قارشى قوراللىق ئىسيانىغا قاتنىشىپ، بىر قانلىق جەڭدە باتۇرلارچە ئۆلگەنمىش.

www.kitaphumar.com

مەنبە: باھادىر سالۇنى، ئەسلى مەنبە- تەگرىتاغ ژورنىلى.